ئابدۇكېرىم رەخمان

# فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئابدۇكېرىم راخمان

# فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۆل مۆهەرردری: **مەرزاهید کیردەی**



# مۇندەرىجە


ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە... 1

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى
ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ........................ 38

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تەتقىقات تېزىسلىرى... 64

ئۇيغۇر ئەلنەغمە تىياتىر سەنئىتى توغرىسىدا ... 87

يەركەن خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات -
سەنئەت ...................................... 116

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سېلىشتۇرما تەتقىقاتنى قا-
نات يايدۇرۇش توغرىسىدا.......................... 160

«يازغۇچىنىڭ مىللىي تەۋەلىكى» ۋە ئاتالمىش
«ئورتاق بايلىق» مەسىلىسى ھەققىدە............. 207

ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ 30 يىلى ...................... 241

# ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

## ئەپسانە ۋە رىۋايەت

ئەپسانە — ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ئەڭ قەدىمكى ساددا ئوي - پىكىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى. كىشىلەرنىڭ خىلمۇ خىل رېئال زىددىيەتلەر توغرىسىدىكى خىياللىرىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت.

شۇنداقلا، ئۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى تونۇش ۋە چۈشىنىشىدىكى بىر «ئىلىم» ھەمدە ستىخىيىلىك بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاڭسىز سەنئەت ئىجادىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

كارل ماركس ئۆزىنىڭ «سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدى، گە مۇقەددىمە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق ئەپسانىدا تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ۋە تەسەۋۋۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرى بويسۇندۇرۇلىدۇ، تەبىئەت كۈچلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىنىدۇ، تەبىئەت كۈچلىرى ئوبرازلاشتۇرۇلىدۇ.

شۇڭا، بۇ تەبىئەت كۈچلىرى ئۈستىدىن ئەمەلىيەتتە
ھۆكۈمرانلىق قىلىنىشقا ئەگىشىپ، ئەپسانىلارمۇ يوقى-
لىدۇ»① دەيدۇ. ف. ئېنگېلسمۇ «ئائىلە. خۇسۇسىي
مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئەسە-
رىدە: «گومېرنىڭ داستانى ۋە بارلىق ئەپسانىلار-
مانا بۇلار گرېكلەرنى ياۋايىلىق دەۋرىدىن مەدەنىيە-
لىك دەۋرىگە ئېلىپ كىرگەن مۇھىم مىراسلار»②
دەپ كۆرسىتىدۇ. ماركس، ئېنگېلس گەرچە يۇنان ۋە
رىم ئەپسانىلىرى ئۈستىدە توختالغان بولسىمۇ. ئۇلار-
نىڭ بۇ تەبىرلىرى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەپسانى-
لىرى ئۈچۈن ئورتاقتۇر.

قەدىمكى ئىنسانلار جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ
ئىپتىدائىي باسقۇچىدا تۇرغان چاغلىرىدا. ئىشلەپچى-
قىرىش كۈچلىرىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ۋە بىلىم ئىقتى-
دارىنىڭ تېخىمۇ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن، تەبىئەت
دۇنياسىدىكى بارلىق ھادىسىلەرنى تېخى توغرا بىلەل-
مەيتتى ۋە چۈشىنەلمەيتتى. تەبىئەت بىلەن كۈرەش
قىلغاندا قۇدرەتلىك تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا ئىقتى-
دارسىز ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزى ئەتراپىدىكى
تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى پەقەت «تەسەۋۋۇر
ئارقىلىق ياكى تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن» چۈشەن-

① «ماركس. ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 2- توم،
113- بەت.
② «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 4- توم،
22- بەت

دۇرۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل ئۆز-
گىرىشلەرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئىلاھنىڭ
ئىرادىسىگە باغلايتتى. شۇنداق قىلىپ تەبىئەتنىكى
بارلىق ھادىسىلەر ۋە جىسىملارنى ئوبرازلاشتۇراتتى،
جانلىقلاشتۇراتتى. ھەتتا ئىلاھىيلاشتۇراتتى. مەسىلەن،
ئاسمان - زېمىن، كۈندۈز - كېچە، كۈن - ئاي، يۇل-
تۇز، قار يامغۇر، چاقماق، تاغ - دەريا ۋە دەل-دەرەخ،
ھەسەن - ھۈسەن ھەتتا تاغ جىرالاردىن چىقىدىغان
ئەكس سادا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەڭرى-
نىڭ ئوبرازى دەپ چۈشىنەتتى. شۇڭا ئىپتىدائىي
ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ساددا تەسەۋۋۇرىدىكى «خۇدا»
نىڭ بۇنداق ئوبرازى توغرىسىدا قىزىقارلىق ھېكايى-
لار توقۇپ چىققان ئىدى. كېيىنرەك ئىشلەپچىقىرىش
ئەمگىكى ۋە تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن بولغان كۈرەش-
لىرى جەريانىدا باتۇرلۇق كۆرسەتكەن قەھرىمانلىرى
توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن ئەپسانىلارنى ئىجاد قىلدى.
نەتىجىدە قەدىمكى ئەپسانىلار «خۇدالار» ۋە «قەھ-
رىمانلار» توغرىسىدىكى ھېكايىلاردىن ئىبارەت ئىككى
چوڭ قىسىمغا ئايرىلدى.

گەرچە، كىشىلەردە ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا تەبى-
ئىي شارائىتتا يۈز بېرىدىغان ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر
خېلى چوڭقۇر تەسىرات قوزغىسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ
ئاڭ سېزىمى تېخى تەبىئەتنىڭ سىرىنى بىلىش، تەبىئەت
ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى چۈشىنىش
دەرىجىسىگە يەتمىگەچكە، ئۇلارنىڭ غايىۋى دۇن-

ياسىدا بارلىق تەبىئەت كۈچلىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى بىر كۈچ مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت بۇ دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسىنى كېيىنكى ئەۋلادلار «ئەپسانە» دەپ ئاتىدى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەپسانە بىر خىل بەدىئىي شەكىل بولۇپ، ئۇ، تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان ئىپتىدائىي تارىخىي دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ تونۇشىدىن پەيدا بولغان. ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى تونۇشى تېيىزلىقتىن - چوڭقۇرلۇققا، ئاددىيلىقتىن - مۇرەككەپلىككە، مۇجمەللىكتىن-ئېنىقلىققا، فانتازىيىدىن - ئىلمىيلىككە قاراپ يۈزلىنىشى ئومۇملاشقان بىر قانۇنىيەتتۇر. شۇ سەۋەبتىن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ھالەتلىرىمۇ ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ تەرەققىيات مۇقەررەركى، ئىنسانلارنى ئىلىم - پەن يولىغا باشلايدۇ. نەتىجىدە پەننىڭ كۈچىگە تايىنىپ تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ئەپسانىلارنىڭ يوقىلىشىغا شەرت بولىدۇ.

ك. ماركس: «يۇنانلىقلارنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئاساسى بولغان ۋە شۇنىڭ بىلەن يۇنان ئەپسانىلىرىنىڭ ئاساسى بولغان تەبىئەت توغرىسىدىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ ئاپتوماتلاشقان توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرى، تۆمۈر يول، پاراۋوز ۋە تېلېگراممىلار بىلەن بىللە

مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟ لوبىرتېس شىركىتى تۇرغان يەردە ۋولقان نېمە قىلسۇن.

چاقماق قايتۇرغۇچ تۇرغان يەردە بۇپىتېر نېمە قىلسۇن؟ كۆچمە مۈلۈك ئىناۋەتلىك قەرز شىركىتى تۇرغان يەردە ھېرمېس نېمە قىلسۇن»① دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە ئاخىرىدا بۇنى خۇلاسىلاپ، يۇنان ئەپسانىلىرى: «تارىختىكى ئىنسانلارنىڭ (بالىلىق دەۋرى) نىڭ مەھسۇلى. ئۇلار «مەڭگۈلۈك» سېھىرىي كۈچىنى مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەن باسقۇچ سۈپىتىدە نامايان قىلىدۇ»② دېگەن ئىدى.

دېمەك: كىچىك ھەجىملىك، مەزمۇنەن ساددا بايان ۋە ھېكايە شەكلىدە تەشكىل تاپقان ئەپسانىلار ھەر قايسى خەلقلەر ئاغزاكى ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى نەمۇنىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي ھايات بىلەن باغلىق بولغان ۋەقە - ھادىسىلەرنى خىيالىي شەكىلدە ھېكايە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەپسانىلار ئىجتىمائىي ھايات، مەدەنىيەت، دۇنيا قاراش ۋە روھىي كەچۈرمىلەر، ئۆرپ - ئادەت ۋە تارىخىي ھادىسىلەردىن دېرەك بېرىدۇ.

---

① «ماركس. ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 11 - توم 113 - بەت.

② «ماركس. ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 114 بەت.

# ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى

ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ مۇھىم قىسمىنى خەلق ئاغزىدا ساقلانغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارمۇ خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ باشقا ساھەلىرىگە ئوخشاش خەلقنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئۇزاق تارىخىغا زىچ باغلانغان بولۇپ، باشقا ژانىرلاردىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە رىۋايەتلىرى توغرىسىدا ھازىرغىچە مەخسۇس تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلمىدى. ھەتتا بىرەر توپلىمىمۇ يوق. ئەمما ئۇلارنىڭ قىسمەن ئۈلگىلىرى XI ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئىرانلىق تارىخشۇناس رەشىددىن، جۇۋەينى، خىۋەخانى ئوبۇلغازى، مىرزا ھەيدەر گوراگان، مۇسا سايرامى قاتارلىق ئالىم ۋە تارىخشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدە جۇڭگونىڭ «تارىخنامە»، «خەننامە»، «جۇنامە»، «سۈينامە»، «تاڭنامە» قاتارلىق داڭلىق تارىخىي ئەسەرلىرىدە شۇنداقلا رۇس شەرقشۇناسلىرى ئاكادېمىك B·B رادلوپ، C. ئولدېنبورگ، B·B بارتولد، ئا. بېرنىشتام. Ф·H كاتانوپ، E·C مالوپ قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئالىملارنىڭ ئەمگەكلىرىدە ئاز - تولا ئورۇن ئالغان.

E.C مالوپ قاتارلىق ئالىملارنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىنىڭ قەدىمكى ۋە ئاز ئۇچرايدىغان بەزى سىيۇژىتلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانە رىۋايەتلىرىنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيال مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلىدا «ئەپسانە» سۆزىنىڭ ئۆزىدە مېفلىق ۋە رېئاللىقتىن تاشقىرى غەيرىي تەبىئىي ئەھۋاللارمۇ بار. ئۇلار كۆپ ھاللاردا چۆچەكلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. «ئەپسانە (1 فىسانە)» — ئەسلى پارسچە سۆز بولۇپ فانتاستىكىلىق. سېھىر جادۇلۇق ھەمدە ھاياتىي ئۈيدۈرمىلار ئاساس بولغان نەسرىي — ھېكايىلار دېمەكتۇر.

ئەپسانە خاراكتېرلىك ھېكايىلار مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «CaW» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىپ. ھېكايە. قىسسە. «ئۆتمۈش ۋەقەلەردىن خەۋەر بەرگۈچى» دەپ ئىزاھلايدۇ. يەنە «ھېكايىلاردا پەقەت ئۆتكەنلەر ھەققىدە ئېيتىلىش — شەرت ئەمەس»① دەپ ئۇقتۇرىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئۆتمۈش ۋەقەلەر ھەققىدە ھېكايە قىلغۇچىلار ئۇنداق خىيالىي — ئۈيدۈرمىدىن تەشكىل تاپقان ئەپسانىۋى ۋەقەلەردىن چەتنەپ ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ھېكايىنىڭ بۇ خىل شەكلىدە سېھىر، جادۇ، فانتاستىك-

① مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» تاشكەنت 1963 - يىل 3 - توم 168 - بەت.

لىق ئېلېمېنتلار ھەمدە ھاياتىي — ئويدۇرمىلارنىڭ بولۇشى ئەلۋەتتە ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تەبىرى بويىچە قارىغاندا ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى خۇددى ئارىستوتىل ئېيتقاندەك «ھەقىقەتتىن خەۋەر بەرگۈچى يالغان ھېكايىلاردۇر.»

ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ رىۋايەت چۆچەكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە پەرقىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش زۆرۈر.

ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئىجادىدا ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك قاتارلىق شەكىللەر بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىگە ناھايىتى يېقىن ھەتتا ئۆز ئارا قوشۇلۇپمۇ كېتىدۇ.

ئۇلارنى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىككى ھالەت مەۋجۇت بولۇپ، بىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسى پىروزا شەكلىدە، يەنە بىرى بۇ ژانىرلارنىڭ بايانىدا فانتاستىكا، ئويدۇرما ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، ياكى مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەنە شۇ سەۋەبتىن بۇ ژانىرلار ھەققىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ مۇلاھىزىلىرى ۋە قاراشلىرىدا ئۇلار تاشقى جەھەتتىن ئوخشاشلىققا ئىگە. ئاكادېمىك ئى.س مالوپنىڭ ئۇيغۇر فولكلورىغا بېغىشلانغان «ئۇيغۇر تىلى» («УЙГУРСКИЙ ЯЗЫК» موسكۋا 1954 - يىل نەشرى) ناملىق كىتابىدىمۇ «ئەپسانە» «رىۋايەت» دېگەن ژانىرلارنىڭ ناملىرى ئورنىغا ئورتاق ھالدا «ھېكايە»

چۆچەك» دېگەن ئومۇمىي ئاتالغۇنى قوللانغان. لېكىن
مەزكۇر ژانىرلارنىڭ مەزمۇنەن ماھىيىتىدە ھەر قاي-
سىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى مەۋجۇت. بۇ
ئالاھىدىلىكلەرنى يىغىنچاقلىغاندا ئېيىتىس چۆچەكشۇ-
ناسلىرى — ئاكا-ئۇكا گىرىملەرنىڭ ئېيتقىلاپ بېرى-
شىچە، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر، چۆچەكلەردىن بايان
قىلىنغان مەزمۇنىنىڭ ئىشەندۈرگۈچى قۇۋۋىتى بىلەن
پەرق قىلىدۇ. چۆچەكلەر ئەڭ ئاۋۋال سەنئەتكە تولۇق
مەنسۇپ بولغان ئىجتىمائىي ئاڭلىق ئىپادىلىنىش شەك-
لى بولۇپ، ئۇ، پۈتۈنلەي خىيالىي ئويدۇرما ئاساسىدا
بارلىققا كېلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ يالغان قۇرۇلمىسى بىلەن
رېئاللىققا زىچ تەتبىقلىنىدۇ.

ئەپسانىلار بولسا ئىناۋەتلىك ھادىسىلەر ئاسا-
سىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن پىروزلىق ئەسەر بولۇپ، ئۆز-
ىنىڭ سىيوژىت قۇرۇلۇشىمۇ ھەر قاچان چۆچەكلەرگە
ئوخشاش خىيال ۋە ئويدۇرمىدىن تەشكىل تاپقان.
چۈنكى، ئۇنىڭسىز غەيرىي تەبىئىي ۋە ئاجايىپ سېھىر-
لىق مۆجىزىلەرنىڭ بايان قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس.
ئادەتتىن تاشقىرى فانتاستىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ
بايان قىلىنىشى گەرچە ئەپسانىلارنى چۆچەكلەر بىلەن
يېقىنلاشتۇرسىمۇ، لېكىن ئەپسانىلاردىكى فانتاستى-
كىلىق ۋەقەلەر تىزمىسى مىفولوگىك ئوبرازلار بىلەن
زىچ باغلانغان ھالدا ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلار سىستې-
مىسى بولغان ئانىمىزم ۋە توتېمىزملىق قاراشلارنى
ئۆزىگە ئاساس قىلىدۇ. ئەپسانىدا چىقىرىلغان خۇ-

لاسە مۇئەييەن پاكىت ھالىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ «نېمە ئۈچۈن ئايدا داغ بار؟»، «نېمە ئۈچۈن ئۇ ئاسماندا؟»، «ئادەم قانداق پەيدا بولغان؟» — دېگەنگە ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ئىپتىدائىي سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدا كۆپرەك دىنىي ئىشەنچكە ئالاقىدار غەيرىي تەبىئىي، غەيرىي مۇقەررەر ۋەقە - ھادىسىلەر ھېكايە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەپسانىلار بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن چۆچەكلەرگە ئوخشاش مۇكەممەل ۋە پۇختا تۈزۈلۈشكە ئىگە ئەمەس. ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى كۆچمە سيۇژېتلار ئاساسىدا پەيدا بولغان.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تىل ئادەت كۈچى تۈپەيلىدىن كۆپ ھاللاردا «ئەپسانە - رىۋايەتلەر» قوشما سۆز تەرىقىسىدە بىر ئۇقۇم دەپ قارالسىمۇ، لېكىن مەزمۇن، خاراكتېرىدىن قارىغاندا ئۇلار ئارىسىدا ماھىيەتلىك پەرقلەر مەۋجۇت.

رىۋايەتلەر ھاياتىي ۋەقەلەرنى بەدىئىي ئويدۇرمىلار ۋاستىسىدە ھېكايە قىلغۇچى رېئال خاراكتېردىكى ئاغزاكى ئىجادىيەت تۈرلىرىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى رېئال، ياكى بولۇشى مۇمكىن بولغان پاكىتلاردىن تەشكىل تاپقان. شۇڭا رۇس ئاكادېمىكى د. ۋ. گىرىكوپنىڭ «خەلق ئۆزى ئېيتىپ بەرگەن تارىخ» دېگەن سۆزلىرى رىۋايەت ژانىرىغا تازا ماس كېلىدۇ.

دەرۋەقە، رىۋايەتلەر خەلق ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن تارىختۇر. شۇنداقلا خەلق ئاغزىدىكى دوكلات ئەدەبىياتى ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، رىۋايەتلەر بىرەر ۋەقەگە قاتناشقان ياكى ئۇنى كۆرگەن شەخسلەرنىڭ شۇ ھالەتنى ئېغىزچە سۆزلەپ بېرىشى، ھېكايە قىلىشى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، ئۇ، قۇرۇلۇش جەھەتتىن ئۆزگەرمەس كومپوزىتسىيىگە ئىگە ئەمەس. شۇڭا رىۋايەتتە ھېكايە قىلىنغان ۋەقەلەر گويا تۈگەنلەنمىگەندەك، داۋامى باردەك سېزىلىدۇ. قىسقىسى، ئەپسانىلارنىڭ باش قەھرىمانلىرى روھ، رىۋايەتلەرنىڭ باش قەھرىمانلىرى بولسا ئادەملەردىن ئىبارەت.

## ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما مەنبەلەر ئارقىلىق مەلۇم بولغان كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى مەزمۇن خاراكتېر جەھەتتە بىر قانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ.

### 1 . مىفولوگىك ئەپسانىلار

«مىف» گىرېكچە سۆز بولۇپ، ئىستېمال مەنىسى — خۇدالار ۋە پالۋانلار ھەققىدىكى توقۇلما ئەپسانە دېمەكتۇر. مىفولوگىك ئەپسانىلار ئانىمىزم ۋە توتېمىزم ئەقىدىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ

تېپىنىملىق (سېغىنىش، ئېتىقاد) خاراكتېرى ناھا-
يىتى كۈچلۈك. قەدىمكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىن-
سانلارنىڭ تەبىئەتكە قارشى كۆرەشتىكى ئاجىزلىقى،
ئۇلارنى نامەلۇم، كۆرۈنمىگەن ھادىسىلەرگە جاۋاب تې-
پىشقا قانداقتۇر مەلۇم چۈشەنچە، تەسەۋۋۇرلار يارى-
تىشقا مەجبۇر قىلدى. بوران، يەر تەۋرەش، تاشقىن،
چاقماق چېقىش، كۈن تۇتۇلۇش، يامغۇر، ھەسەن -
ھۈسەن .... ئوخشاش غەيرىي تەبىئىي كۆرۈنگەن كۈچ-
لەر دەھشەتلىدىن ۋەھىمىگە چۈشكەن بۇ ئىنسانلار ئەنە
شۇنداق تەبىئەتنىڭ ياۋۇز كۈچلىرىگە قارشى كۆرەش-
كۈچى ھامى ئىزلىرى. شۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي مى-
فولوگىك تەسەۋۋۇرلار پەيدا بولدى. ئۇ، ئۆز نۆۋى-
تىدە ئاسمان، ئاي، كۈن، ھەممە خىلمۇخىل ھاي-
ۋانلار ھەققىدىكى «خۇدا»لار، غەيرىي تەبىئىي تە-
ۋىرلەنگەن ئىلاھلاشقان قەھرىمانلار ھەققىدىكى مى-
فولوگىك ئەپسانىلارنى ھاسىل قىلدى. مەزكۇر ئەپ-
سانىلار ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرگە مەنىۋى كۈچ،
جاسارەت ۋە خۇشال - خۇراملىق بەخش ئەتتى.

ئىنسانلارنى غەلىبىگە ئۈندىدى. «قەدىمكى ھېكا-
يىلار، ئەپسانە، مىفلارنىڭ ئاساسىي غايىسى قەدىمكى
دەۋردىكى مېھنەتكەشلەرنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەشتۈرۈش-
كە، ئەمگەك ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشلىرىغا ھەممە سۆز
كۈچى — «ئەپسۇن» يولى بىلەن تەبىئەتنىڭ كىشى-
لەرگە خەتەرلىك بولغان ھادىسىلەرگە تەسىر ئېتىش-

لىرىگە قارىتىلغان»①. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى،
مىفولوگىيىلىك ئەپسانىلەر، ئىنسانلارنىڭ شاد - خۇرام
ياشاش ھەمدە تەبىئەتنىڭ ھەر خىل ياۋۇز كۈچلىرى
ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ھەققىدىكى ئارزۇ - ئىستەك-
لىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسىدۇر. قەدىمكى ئۇيغۇرلار
قۇياش نۇرى ۋە ئىسسىقلىقىنى ياخشىلىق،
بەخت - سائادەتنىڭ بەلگىسى دەپ قاراپ،
ئۇنى يامانلىق، بەختسىزلىك، زۇلمەتنىڭ
بەلگىسى بولغان دەھشەتلىك سوغۇققا قارىمۇ قارشى
قويۇپ بەخت دۇنياسى ۋە بەختسىزلىك دۇنياسى
دېگەن مىفلارنى ياراتقان. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە گويا
تەبىئەتتە ئۇلۇغ ۋە پايدىلىق كۈچلەر — قۇياش ۋە
سۇ تەبەدىي بولغان ئۆلكە (دۇنيا) ھەمدە ئاپەت كەل-
تۈرگۈچى كۈچلەر — زۇلمەت ۋە كۈلپەت تەبەدىي بول-
غان ئۆلكە بارمىش. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر ئەپسانى-
لىرىدىكى كۆپلىگەن مىفولوگىيىلىك ئوبرازلار مانا مۇشۇ
ئىككى ئۆلكە ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش شەك-
لىدە گەۋدىلىنىدۇ. دېمەك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قۇياشقا،
ئوتقا ئېتىقاد قىلىپ ئۇنىڭغا تېپىنىش ئىنتايىن
قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن. تا يېقىن
كۈنلەرگىچە توي ۋە باشقا مۇراسىملاردا گۈلخان يې-
قىش ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىش، كۈنگە قاراپ
تۈكۈرمەسلىك، ئاي، كۈن تۇتۇلغاندا قازان، چېلەك،

① م. گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا» تاشكەنت 1962 - يىل نەشرى،
265 - بەت.

داسلارنى چېلىش ياكى نەزىر قىلىپ جامائەت بىر-
لىكتە ئەرزان چىللاشقا ئوخشاش ئۆرپ - ئادەتلەر
ساقلىنىپ كەلگەن. بۇلار ئەنە شۇ قەدىمكى تەسەۋۋۇر-
لارنىڭ ئىزلىرىدۇر. بۇنداق ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلار
بىلەن باغلىق بولغان ئەپسانىلار قەدىمكى ئۇيغۇر-
لارنىڭ تارىخىي ئېپوسى «ئوغۇزنامە»دە ئىپادىلەن-
گەندىن تاشقىرى، ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتى دەۋ-
رىدە بارلىققا كەلگەن شىنجاڭ «مىڭ ئۆي»لىرىنىڭ
نەقىشلەنگەن تام سۈرەتلىرىدىمۇ ئەكس ئېتىلگەن.

مۇشۇ ئاساستا خۇددى قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ
ئەپسانىلىرىدا يارىتىلغان «ئولۇمپۇس تېغىدىكى خۇ-
دالار شەجەرىسى»گە ئوخشاش قەدىمكى ئۇيغۇرلار
ئەپسانىسىدا خىلمۇخىل خۇدالارنىڭ ئوبرازلىرى
يارىتىلغان.

مەسىلەن، قۇياش ۋە يورۇقلۇق خۇداسى — مىترا.
شاد - خۇراملىق ۋە پاراۋانلىق خۇداسى — ناخىت.
بەخت تەلەي ۋە دۆلەت خۇداسى — هۇما، سۇ خۇدا-
سى — ئانا خىتا ۋە خۇبىي. ئورۇش ۋە غەلىبە خۇدا-
سى — مىررىخ. ياخشىلىق ۋە ئەزگۈلۈك خۇداسى — كى-
يۇمارىس، يىما (جەمشىت) قاتارلىقلار. يامانلىق كۈچ-
لىرى بولسا ئەجدىھا. دىۋە، جىن (بەگ) ئوخشاش
سەلبىي ئوبرازلاردا مۇجەسسەملەشكەن. خەلقىمىز ئارى-
سىدا بۇ «خۇدا»لارنىڭ خاراكتېرىنى شەرھىلەيدىغان
خىلمۇ خىل ئەپسانىلار بار بولۇپ، ئۇ كېيىنچە
«ئاۋستا» كىتابىدىن ئورۇن ئالغان. كىيۇمارىس ۋە

جەمشىت ھەققىدىكى مىفولوگىك ئەپسانىلار، ئۇيغۇرلار-
جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭ
تارقالغان. ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ۋارىيانتلى-
رىنى قەدىمكى يازما مەنبەلەردىن «ئاۋىستا»،
«تارىخ تەبەرى» ھەمدە ئەبۇرەيھان بىرۇنىنىڭ «ئۆتمۈش
ئەسىرلەردىن قالغان يادىكارلىقلار» ناملىق كىتابىدا،
ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە كۆرۈش
مۇمكىن. بۇ ئەپسانىنىڭ بىرۇنى ئەسىردىكى بايانىغا
قارىغاندا، ئاھرامانىنىڭ يامان قىلمىشلىرىدىن خۇدا
ھەيرەتتە قېلىپ، پېشانىسىدىن تەر چىقىدۇ. تەرنى
سۈرتكەندە تەر تامچىسىدىن كيۇمارىس تۇغۇلىدۇ. خۇ-
دا كيۇمارىسنى ئاھرامان يېنىغا ئەۋەتىدۇ. كيۇمارىس
ئاھرامان يېنىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يەلكىسىگە مى-
نىۋالىدۇ ۋە شۇ ھالدا دۇنيانى ئايلىنىشقا باشلايدۇ.
ۋەھالەنكى، ئاھرامان بىر ھىيلە بىلەن كيۇمارىسنى
يەلكىسىدىن ئىرغىتىپ تاشلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە
مىنىۋېلىپ تۇرۇپ: «سېنى قايسى تەرىپىڭدىن يەي؟»
دەپ سورايدۇ. ئاھرامانىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن
كيۇمارىس: «ئاياغ تەرىپىمدىن يېگىن، ئاخىرقى
نەپىسىمگىچە دۇنيانىڭ گۈزەللىكىدىن كۆپرەك ئوزۇق.
بەھرى ئېلىۋالاي» - دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمما
كيۇمارىس ئاھرامان دىۋىنىڭ ئۇ ئېيتقان گېپىنىڭ
تەتۈرىسىنى قىلىشىنى بىلەتتى. دەرۋەقە، ئاھرامان كيۇ-
مارىسنى بېشى تەرەپتىن يېيىشكە باشلايدۇ. بېلىگە
يەتكەندە كيۇمارىسنىڭ ئۇرۇقدىنىدىن ئىككى تامچىسى،

يەرگە چۈشىدۇ. ئۇلاردىن ئۆسۈملۈك ئۆسۈپ چىقىدۇ. شۇ ئۆسۈملۈكلەردىن بىر ئوغۇل ۋە بىر قىز (مېشى ۋە مېشيان) پەيدا بولىدۇ①. بۇ مىفولوگىك ئەپسانىدە كىيۇمارىس يەريۈزىدە پەيدا بولغان بىرىنچى ئادەم سۈپىتىدە تەرىپلەنگەن. ئۇ ياخشىلىق ۋە ئەزگۈلۈكنىڭ ياۋۇزلۇق ئۈستىدىن هامان غەلىبە قىلىدىغانلىقى هەققىدىكى ئىپتىدائىي ئىشەنچىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسىدىن ئىبارەت.

مۇنداق مىفولوگىك ئوبرازلار ئىراق ئۆتمۈش دەۋرلەردە مۇقەددەس سانىلىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەتكارىغا ئايلانغان ۋە خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا ئۆتۈپ مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئىدېئال قەھرىمانلىرىغا ئايلانغان.

خۇدالار، پالۋانلار توغرىسىدىكى يۇقىرىقىدەك ئەپسانىلارنىڭ بەزى ۋارىيانتلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا هازىرغىچە مەۋجۇت. مەسىلەن، «ئادىمى ئات» ئەپسانىسى شۇ جەھەتتىن خاراكتېرلىك بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە يارىتىلغان مىفولوگىك ئەپسانىلارنىڭ يارقىن نەمۇنىسى هېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ زور كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولۇش هەققىدىكى ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ ئەپسانىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

ئۆتكەن زاماندا نوھ پەيغەمبەر، بويى بۇلۇتقا

---

① «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى» 1- توم داشكەنت 1977 - يىل نەشرى 26 - بەت

تاقىشىدىغان قاۋۇل بىر ئۇستىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن كېمە ياساشنى سوراپتۇ. بۇ ئۇستىنىڭ ئىسمى «ئادىمى ئات» ئىكەن. ئۇ ناھايىتى ئېگىز بويلۇق، كۈچلۈك بولۇپ، دەريا ۋە دېڭىزلاردا لەھەڭلەرنى تۇتۇپ كۈنگە قاقلاپ يەپ جاھانسازلىق قىلىدىكەن. «ئادىمى ئات» نوھ پەيغەمبەرنى يەلكىسىگە مىندۈرۈپ تاغقا ئېلىپ چىقىپتۇ. قەيەردە ئېگىز دەرەخ بولسا كېمە ياساش ئۈچۈن كەسمەكچى بولۇپتۇ. تاغدا تۆت تۈپلا چىنار بار ئىكەن. ئۇ چىنارلارنى يىلتىز - پىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋېلىپ يەلكىسىگە ئارتىپ، ئۇستىگە نوھ پەيغەمبەرنى ئولتۇرغۇزۇپ، دېڭىز بويىغا راۋان بولۇپتۇ. «ئادىمى ئات»نىڭ ئىشتىيى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ناشتىلىقى ئۈچۈنلا بىر كۆلچەك سۇغا نان چىلاپ ئىچىۋېتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ «ئادىمى ئات» ئىنتايىن چوڭ بىر كېمە ياساپ پۈتتۈرۈپتۇ. ھەممە ئادەملەرنى، ھايۋان ۋە ئۇچار قاناتلارنى كېمىگە سېلىپ ئۆزى كېمىنى تارتىپ مېڭىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنى توپان بالاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ. ھازىرقى ئىنسانلار ئەنە شۇ «ئادىمى ئات» كېمىسىگە چىقىپ ساق قالغان ئادەملەرنىڭ نەسلى ئىكەن.

بۇ ئەپسانە س. پ. تولىستوۋىنىڭ «ئۆزبېكىستاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى» دېگەن ئەسىرىدىمۇ نەقىل قىلىنغان. «ئات» سۆزى پارس، تاجىك تىلىدا «يوغان ئادەم»، «چوڭ ئادەم» مەنىسىنى بېرىدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا «ئادىمى ئات»، سۇ مۇئەككىلى، مەرھەمەتلىك قەھ-

رىمان سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. مەزكۇر ئەپسانە دىداكتىك مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، «ئادەمى ئات» بۇ ئەپسانىدا ئومۇم خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئىش تۇتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئەپسانە، قەبىلە ۋە ئۇرۇق روھى، كۈچ - قۇدرىتى، ئارزۇ - ئۈمىدى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

مىفولوگىك ئەپسانىلارنىڭ يەنە بىر خىلى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى توتېم ئەپسانىلىرىدىن ئىبارەت. مەلۇمكى، توتېم ئۇ ياكى بۇ ئۇرۇقنىڭ ئېتىقاد قىلغان ھىمايىچىسى سۈپىتىدە، ئادەمنىڭ كۆپىنچە بىر ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك، بەزەن جانسىز نەرسە ياكى تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئالاقىسى بارلىقى ھەققىدىكى ئىشەنچ ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان. تۈركىي خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇر ئۇرۇغىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئەڭ دەسلەپ قۇياش، سۇ ۋە ئوتقا تېپىنغان. كېيىنچىرەك ئات، ئۆكۈز، يىلان، بۆرە، ئىت ۋە باشقا ھايۋانلارغا ئېتىقاد قىلغان. بۆرىنى بالايى - ئاپەتلەردىن ساقلىغۇچى، ھىمايە قىلغۇچى كۈچ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەجدادى دەپ بىلگەن ۋە شۇ تەرىقىدە توتېملار بىلەن باغلىق بولغان بىر قانچە ئەپسانىلار بارلىققا كەلگەن. بۇ ئەپسانىلاردا كۆپىنچە ئات ئىلاھى ۋە بۆرە ئىلاھى ھېكايە قىلىنغان.

ئات ئىلاھى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش تىرىكچىلىكى بىلەن بىۋاسىتە باغلىق بولۇپ، ئاتلارنى

ئەگەك ھايۋىنى سۈيىتىدە ئىگىلىكتە پايدىلىنىش
داۋامىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان
رايونلاردىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردا ئېنىقلان-
غان يېرىمى ئات، يېرىمى ئادەم سۈپەت بېرىلگەن
رەسىملەر (مۇنداق تەسۋىردىي سۈرەتلەر شىنجاڭ مىڭ
ئۆيلىرىنىڭ كۆپلىگەن گوللۇك كىمىرلىرىدا ئۇچراي-
دۇ). يېقىن كۈنلەرگىچە ئېكىن مەيدانلىرى قەبرە
باشلىرىغا ئاتنىڭ كاللا سۆڭىكىنىڭ ھىمايىچى سۈ-
يىتىدە قويۇلۇشى... ۋە باشقىلارنىڭ ئېپتىدائىي ئىن-
سان ئېڭىدا مۇجىزات بولغان ئات ئىلاھى ھەققىدىكى
ئېتىقادنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. بۆرە، قەدىمكى
ئۇيغۇر ئۇرۇقلىرى ئارىسىدا توتىم ھېسابلانغان ئىدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن قەدىمكى تارىخىي مەنبەلەر-
دە ھېكايە قىلىنغان ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدا بۆرە تۈرك
ئۇرۇقىنىڭ ئەجدادى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. ئەپسا-
نىلاردا تەسۋىرلىنىشىچە، قەدىمكى تۈركلەر دۈشمەن
تەرىپىدىن قىرىلغان ئۇرۇق ئىچىدە تىرىك قالغان
ئون ياشلىق ئوغۇل بالىدىن تارقالغان. ئۇ بالىنى
ئانا بۆرە قول ئاياغلىرى كېسىلگەن ھالدا تېپىۋېلىپ،
ئۇنى ئاسراپ باقتان. شۇندىن كېيىن تاغلارنىڭ بى-
رىگە كىرىپ كەتكەن ۋە ئۇ تاغ ئۆڭكۈرىدە ئانا بۆ-
رە بالىدىن ھامىلدار بولۇپ، ئون بالا تۇغقان. ئۇ-
لارنىڭ ئەۋلادلىرى چېك بولۇپ كۆپەيگەن ھەمدە ئۇ-
لارنىڭ ھەر بىرى تۈرك ئۇرۇقلىرىنىڭ ئاساسچىلىرى
بولغان. ئاشىنا ئۇرۇقى ئەنە شۇ ئۇرۇقلارنىڭ ئىچىدە

كى بىرسى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشىنا ئورۇقى خانلىق قورغاندا ئۇلار-
نىڭ بايرىقىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بۆرىنىڭ بې-
شى چۈشۈرۈلگەن. ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى ئەس-
كەرلەرنىڭ نامى «بۆرى» دەپ ئاتالغان. ھازىرمۇ-
چە يېزا - قىشلاقلاردا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى ئۇ-
لۇغلاپ بويىنىغا ياكى بۆشۈكىنىڭ بېشىغا بۆرى ئوشۇ-
قىنى ئېسىپ قويۇش. ئۇزۇن سەپەرگە چىققاندا بۆرە
مۆكىكىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋېلىش، تۇنجى تۇغۇت-
تا ئانىنى بۆرىنىڭ تېرىسىگە ئولتۇرغۇزۇش، «ئوغۇل
تۇغدى» دېگەنىنىڭ ئورنىغا «بۆرە تۇغدى» دېگەن
ئىبارىنى ئىشلىتىش... قاتارلىقلار ئەنە شۇ ئەقىدىۋى
ئىشەنچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا
«بۆرە تۇتىمى» ھەققىدىكى ئەپسانىلار ناھايىتى كۆپ
بولۇپ، بۇلار «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «جۇنامە»،
«سۇينامە» قاتارلىق خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە
خاتىرىلەنگەندىن باشقا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تا-
رىخىي داستانى «ئوغۇزنامە». «شەجەرەئى تۈرك» قا-
تارلىق ئەسەرلەردىمۇ بۆرىنى مۇقەددەس بىلىپ ئۇ-
نى ئۇلۇغلاش مەزمۇن قىلىنغان كۆپلىگەن ئەپسانىلار
ئۇچرايدۇ.

يۇقىرىقى ئەپسانىلاردىكى مىفولوگىك ئوبرازلار،
قەھرىمانلىق خاراكتېرىدىكى ھېكايە ۋە قەھرىمانلىق
داستانلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى كەڭ زېمىن بىلەن
تەمىنلىدى. مۇنداق ھېكايە ۋە داستانلاردىكى قەھ-

رىمانلار ئىپتىدائىي مىفولوگىيىلىك ئەپسانىلاردىكى ئوب-
رازلارغا ئوخشاش تەبىئەتنىڭ ياۋۇزلۇقلىرىغا ئە-
مەس، بەلكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ يارىماسلىقلىرى،
زۇلۇم ۋە زۇلۇمغا نىسبەتەن قارشى چىقىدۇ. شۇنداق
قىلىپ ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىجتىمائىي تۈس ئېلىپ، فان-
تازىيىدىن رېئاللىققا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

## 2. خىيالىي قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايە قىلغۇ- چى ئەپسانىلار

— بۇ خىلدىكى ئەپسانىلارنىڭ قەھرىمانلىرى دە-
مۇ ئىلاھىيلاشقان روھ ياكى «يېرىم ئىنسان، يېرىم ئى-
لاھىي» شەكلىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن
ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان
«دىۋە قەلئە»، «تىلسىملىق قەلئە». «شېرىن قىز»،
«پەرھات ئۆستىڭى»، «شاھ سەنەم ۋە شاھ غېرىب»...
قاتارلىق توقۇلما ئەپسانىلار مەزكۇر تۈركۈمگە ئائىت
بولۇپ، بۇ ئەپسانىلاردا ئىنسانلارنىڭ چەكسىز كۈچى
ۋە گۈزەللىكى مەدھىيىلىنىدۇ. ئۇنىڭ سىيوژىتى كۆپ-
رەك خىيالى، فانتاستىك ئويدۇرمىلاردىن تەشكىل
تاپىدۇ ۋە مەلۇم بىر تارىخىي جايلار، تاغ - جىل-
غىلار، دەريا ئۆستەڭلەر، مۇنار - ھەيكەللەر بىلەن
باغلانغان ھالدا ھېكايە قىلىنىدۇ.

«بۇ تىلسىملىق قەلئەنى پەرھات ئىسىملىك دىۋە
قۇرغانىمىش، پەرھات خارەزىم شاھىنىڭ شېرىن ئات-
لىق قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەلچى

ئەۋەتىدۇ. بۇ، پادىشاھنى ۋەھىمىگە سالىدۇ. قىزىنى
دىۋىگە بېرىشنى خالىمىغان پادىشاھ ئۇنىڭ تەلىپىنى
رەت قىلىشتىن قورقۇپ، جادۇگەر كەمپىردىن ياردەم
سورايدۇ. جادۇگەر كەمپىر پەرھاتقا بېجىرىپ بولغى-
لى بولمايدىغان ۋەزىپىنى — قارا قورۇم چۆلىنىڭ
ئوتتۇرىسىغا تاش قەلئە قۇرۇشنى شەرت قىلىپ قو-
يۇشنى مەسلىھەت بېرىدۇ. دىۋە پەرھات شەرتىنى قو-
بۇل كۆرۈپ، يىراق جەنۇبتىكى قاراڭغۇ تاغدىن يەل-
كىسىدە تاش توشۇپ كېلىپ قەلئەنى قۇرۇشقا باش-
لايدۇ. قەلئە پۈتەي دەپ قالغاندا، بۇنىڭدىن خەۋەر
تاپقان پادىشاھ نېمە قىلارىنى بىلمەي يەنە جادۇگەر
كەمپىرنى مەسلىھەتكە چاقىرىدۇ. جادۇگەر پادىشاھقا
ئۆزى بەلگىلىگەن كۈنى 9000 يېڭى تۇغۇلغان بو-
تىلاقنى ۋە يەنە شۇنچىلىك تاي، موزاي، قوزىنى
بىرلا ۋاقىتتا ئانىلىرىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۆلتۈ-
رۈشنى مەسلىھەت بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشنى
ئۆزى توغرىلىماقچى بولىدۇ. جادۇگەر بەلگىلەنگەن
ۋاقىت ئىچىدە پەرھاتنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. دەل شۇ
پەيتتە خارەزىم تەرەپتىن دەھشەتلىك يىغا - زارە
ئاڭلىنىدۇ. بۇ بالىلىرى سويۇلۇۋاتقان مىڭلاپ - مىڭ-
لاپ ئانا ماللارنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى ئىدى. پەر-
ھاتنىڭ «بۇ نېمە يىغا - زارە؟» دېگەن سوئالىغا
جادۇگەر كەمپىر: «ھازىرلا مەلىكە شىرىن ۋاپات
ئەتكەن ئىدى. شۇنىڭغا خارەزىمدىكى پۈتۈن جاندارلار
ھازا تۇتماقتا» — دەپ جاۋاب بېرىدۇ. سۆيگەن مە-

شۇ قىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى بۇ شۇم خەۋەردىن
قايغۇرغان پەرھات ئۈنسىز ياشىنى خالىماي، دەر-
غەزەپ بولۇپ، تېخى ئورنىغا قويۇلمىغان قورام تاش-
لارنى ئاسمانغا ئاتىدۇ. بۇ يوغان قورام تاشلار پەر-
ھاتنىڭ ئۈستىگە قايتىپ چۈشۈپ ئۇنى ئېغىر زەخمى-
لەندۈرىدۇ. پەرھاتنى ياخشى كۆرۈپ قالغان شېرىن
دەرھال پەرھات قەلئەسىگە يېتىپ كېلىدۇ ۋە ئاشى-
قى پەرھاتنىڭ جەسىتى يېنىدا ئۆزىگە پىچاق تى-
قىپ. پەرھات بىلەن بىللە ھالاك بولىدۇ»① بۇ ئەپ-
سانە «پەرھات - شېرىن» قىسسەسىگە ئاساس بولغان،
ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ساپ سۆيگۈ - مۇھەب-
بەت، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدىكى خەلقىنىڭ
غايىسى بىلەن باغلانغان ھالدا ۋاپادارلىقنى مەدھىيى-
لەشتىن ئىبارەت.

«شېرىن قىز» ئەپسانىسىدە شېرىن گۈزەللىك
تىمسالى سۈپىتىدە نامايان بولۇپ، پەزىلەتلىك ئا-
ياللارغا خاس ئەخلاق نەمۇنىسى ئۇنىڭدا ئۆز ئىپادى-
سىنى تاپقان: «شېرىن شۇنداق گۈزەل قىز ئىدىكى،
تۇغۇلۇپ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، ھۆسنى - جا-
مالىنىڭ تەرىپى پۈتۈن ئالەمگە يېيىلغان ئىدى. شۇ
زاماندا دۇنيا بويىچە ئاي ئۆزىنى چىرايلىق دەپ
ساناپ يەر يۈزىدە تۇرىدىكەن. ھەممە كىشى گۈزەل-
لىكتە تەڭدىشى يوق دەپ ئاينى ماختايدىكەن. شېرىن

① تولستوۋ: «قەدىمكى خارەزىم مەدەنىيىتىنى ئىزلەپ». تاشكەنت،
1964 - يىل نەشرى 30 - بەت.

بالاغەتكە يېتىپ گۈزەللىكى كۈندىن - كۈنگە ئارت-
قاچ، كىشىلەر ئاينى ماختىماي، شېرىننىڭ ھۆسنى-
جامالىنى تىللاردا داستان قىلىشىدىغان بولۇپتۇ.
بۇنىڭغا ئاينىڭ رەشىكى تۇتۇپ غەزەپلىنىپتۇ: ئەجە-
با، مەن تۇرغان يەردە شېرىننى ماختىغىنى نېمىسى؟
شېرىن بىلەن ھۆسنىمنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيچۇ! شۇ-
نىڭدىن كېيىن مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىپ قويۇشسۇن؟ —
دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاي شېرىننى قېشىغا چاقى-
رىپ: «سەن كىم، مەن كىم، ئەل ئاغزىدا ھۆسنۈڭ
تەرىپى ئالەمگە سىغماپتۇ. كەل، ئىككىمىز ئۆزىمىز-
نى گۈزەللىك تارازىسىغا سېلىپ تارتىپ كۆرەيلى.
كىم چىرايلىق بولسا تارازىدا مەلۇم بولىدۇ»، — دەپ-
تۇ. شېرىن خىجالەت بولۇپ: «ھۆسنىدە ئەلۋەتتە
سىز زىيادىسىز، مەن سىز بىلەن ھۆسن دەۋاسى
قىلمايمەن. مېنى خىجىل قىلماي قويۇۋېتىڭ — دەپ-
تۇ. بۇنىڭغا ئاينىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «سەن ھۆسن
دەۋاسى قىلمىساڭ، كىشىلەر نېمىشقا سېنى مېنىڭدىن
چىرايلىق دېيىشىدۇ؟ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە سەن مەندىن
چىرايلىق ئىمىشسەن، تارازىدا تارتىشىپ كۆرمىسەك
زادى بولمايدۇ» — دەپ شېرىننى مەيلىگە قويماي، ئۇ-
نى ئۆزى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان تارازا ئالدىغا
ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ تاماشىغا پۈتۈن خالايىقنى گۇۋاھ-
چى قىلىپ چاقىرىپتۇ. ئاي مەغرۇرلىنىپ: «مانا شې-
رىن، مانا مەن! كۆرۈڭلار، ھازىر ھۆسنىدە كىم ئۈس-
تۈن ئىكەن؟ — دەپ كېرىلىپ تارازىنىڭ بىر پەللى-

سىگە چىقىۋاپتۇ. ناىلاج قالغان شېھىردىن ئۇلۇڭ ئايدىغ-
نى «بىسمىللا» دەپ تارازىنىڭ يەنە بىر بوش
پەللىسىگە قويار - قويماي، ئاي لەگلەكتەك لىككىدە
كۆتۈرۈلۈپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ. نومۇس كۈچى-
دىن ئاي يەر يۈزىگە قايتىپ چۈشەلمەي، شۇنىڭدىن
باشلاپ ئاسماندا قالغان ئىكەن».

دېمەك، بۇ ئەپسانىنىڭ سىيۇژىتى ھەمدە قەھ-
رىمانلار پائالىيىتى چۆچەكلەرگە خاس خۇسۇسىيەتكە
ئىگە بولۇپ، مەردلىك ۋە گۈزەللىك، نەپىسلىك ۋە
نازاكەت مەدھىيىلىنىدۇ. ئەپساندا چىقىرىلغان خۇلا-
سە مۇئەييەن پاكىتلار ئاساسىدا ئىسپاتلىنىپ، «نېمە
ئۈچۈن ئاي ئاسماندا؟» دېگەن ئېپتىدائىي سوئاللار-
غا ساددا تەسەۋۋۇر ياردىمى ئارقىلىق جاۋاب
بېرىلىدۇ.

بۇ خىلدىكى ئەپسانىلارنىڭ يەنە بەزىلىرى كۆچ-
مە سىيۇژىتلار ئاساسىدا پەيدا بولغان بولۇپ، بۇ
خىلدىكى ئەپسانىلار كۆپرەك مۇئەييەن ھادىسە، قەبىلە، ئۇ-
رۇق ناملىرى، شىنجاڭدىكى جۇغراپىيىلىك ناملار،
قەلئە، قورغان، شەھەر، ساراي، مۇنار، دەريا ۋە
كۆللەر، مازار - مەقبەرىلەر، تاغ ۋە جىلغىلار بى-
لەن باغلانغان ھالدا، ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە
ۋەيران بولۇش سەۋەبلىرى، ئۇ ياكى بۇ نامنىڭ
پەيدا بولۇش تارىخىدىن دېرەك بېرىدۇ. «ئوغۇزنا-
مە» داستانىدا قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى
ئىچىدىكى قاڭقىلى (گاۋچاڭ) قىپچاق، قارلۇق. قا-

لاچ قاتارلىق كۆپلىگەن ئۇرۇق نامىلىرىنىڭ كېلىپ
چىقىشى ھەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانىلار خاتىرىلەنگەن.
تۇرپاندىكى بىر ئۆڭكۈرگە باغلىق بولغان ئەپسانىدا
داقيانۇس پادىشاھىدىن قېچىپ كېلىپ، ئۆڭكۈردە
مۈكۈپ ياتقان يەتتە ئەۋلىيانىڭ تەقدىرى تەسۋىر-
لەنگەن («تۇرپان داقيانۇس ئەپسانىسى»گە قاراڭ).
ئۇلار مۇشۇ ئۆڭكۈردە 300 يىل ئۇخلىغان. ئويغان-
غاندىن كېيىن ئۆزلىرى ئىدىقۇت دۆلىتىنى قۇرغان.
ئۇلارنىڭ دۆلىتى 6000 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. ئەنە
شۇ ئۆڭكۈر بىلىم ۋە بەخت مەنبەسى ھېسابلانغان.
تۇرپاندىكى داقيانۇس قەلئەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
ئۇيغۇرلاردىن چىققان يەتتە ئەۋلىيانىڭ ئاجايىپ كا-
رامەتلىرىنى بايان قىلىدىغان بىر مۇنچە ئەپسانىلارنى
روسىيىلىك ن. ف. كاتانوۋ چۆچەك شەكلىدە يې-
زىۋېلىپ، ئۇنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ 1897-
يىل قازاندا نەشىر قىلدۇرغان، بۇ ئەپسانىلاردا ئا-
ساسەن ئەنە شۇ ئەۋلىيالارنىڭ ئۇزاق ھەم بەختلىك
ئۆمۈر بېرىدىغانلىقى، كىشىلەرنى ھەر قانداق غەم-
قايغۇ ۋە نامراتچىلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغانلىقى، كۆز-
لىگەن مەقسىتىگە يېتىشكە ياردەم قىلىپ غەلىبە قا-
زاندۇرىدىغانلىقى، مال - مۈلكىنى ئوت، سۇ ۋە ئوغ-
رىغا ئوخشاش ھەر خىل بالايى - ئاپەتلەردىن ساق-
لاپ قالىدىغانلىقى، ئەگەر ئىككى قات ئاياللار ئەۋ-
لىيالارنىڭ نامى يېزىلغان تۇمارچىنى سول بىقىنىغا
ئېسىۋالسا تۇغۇتىنىڭ يېنىك ۋە ئوڭۇشلۇق بولىدى-

غانلىقىغا ئوخشاش بىر مۇنچە ئەھۋاللار بايان قىلىنى-
غان. ئۇنىڭدىن باشقا، تەكلىماكاننىڭ سىرى، كاتەك
شەھىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى، شىنجاڭ مىڭ ئۆيلىرى-
نىڭ پەيدا بولۇشى، بوغدا تېغى، خانتەڭرى چوققى-
سى، بوغدا تېغىدىكى «توپ ئاتارغوجام» مازىرى،
ھەزرىتى موللام مازىرى. ئارسلانخان مازىرى، ئىدى-
قۇت شەھىرى قاتارلىق تارىخىي جايلارناملىرى ھەق-
قىدىمۇ خەلق ئارىسىدا كۆپلىگەن ئەپسانىلار بار. ئۇ-
لاردا مەلۇم تارىخىي چىنلىق فانتاستىك ئويدۇرمى-
لار ۋاسىتىسىدە ھېكايە قىلىنغان. گەرچە بۇ ئەپسا-
نىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ دىنىي خاراكتېرى كۈچلۈكرەك
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىمۇ ئەگەشچانلىق بىلەن ھە-
لال نىيەتنىڭ ساغلام ئەخلاققا زىت بولغان ھەممە
نەرسىلەر ئۈستىدىن ئاخىرقى ھېسابتا غەلىبە قازى-
نىدىغانلىقى توغرىلىق قەدىمدىن ئەنئەنە بولۇپ كې-
لىۋاتقان خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ئۆز ئىپادى-
سىنى تاپقان.

دېمەك، مۇشۇ خىلدىكى ئەپسانىلار ئومۇملۇق
جەھەتتىن ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەت بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈر-
گەن. ئۇ، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە قەدەم
قويغانلىقىنىڭ دەسلەپكى بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

## 3. تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەر ھەققى-
## دە ھېكايە قىلغۇچى ئەپسانىلار

ــ بۇ خىلدىكى ئەپسانىلارنىڭ ئاساسىنى جەڭنامە-

تىپىدىكى ئەپسانىلار ياكى قەھرىمانلىق ئەپسانىلىرى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق ئەپسانىلارنى تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن دېيىش مۇمكىن. لېكىن ئۇلار مۇئەييەن تارىخىي چىنلىقنى توغرا ۋە ئېنىق ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ. ئۇلاردا گەرچە بەدىئىي ئوبرازلار ۋاسىتىسى بىلەن ئايرىم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئىزىنى چۈرىدەپ ھېكايە قىلىنىسىمۇ. لېكىن، تارىخىي ھەقىقەتكە زىت بولغان ھادىسىلەرنىمۇ قوشۇپ ئەكس ئەتتۈرمەي قالمايدۇ. چۈنكى بۇنداق ئەپسانىلارنىڭ ھەر بىرى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا قارىشى، ساددا، ئىپتىدائىي چۈشەنچىسى ۋە بىلىمىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. شۇنداق ئەكەن، ئۇلاردا پەقەت رېئال ۋەقەلەر بىلەن باغلىق بولغان ئېلېمېنتلارلا ساقلانغان خالاس. بۇنىڭغا قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخىدا يۈز بەرگەن ھەر خىل جەڭلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىدە يارىتىلغان «ئوغۇزنامە»، «تۇمارىس»، «شىراق»، «رۇستەم»، «ئىسكەندەر»، «كۆچ-كۆچ»، «بوگۇخان»، «ئەفراسىياپ»، «گۆر ئوغلى»، «ئالپامىش»قا ئوخشاش كۆپلىگەن ئەپسانىلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئۆز خەلقىگە مۇھەببەت، ئۆز ئېلىنىڭ ئازادلىقى ۋە تىنچلىقى ئۈچۈن كۈرەش، شىجائەت ۋە مەردلىك، باسقۇنچىلارغا قارشى غەزەپ ۋە نەپرەت، ئادىللىق ۋە راستچىللىق، ئالىيجانابلىق ۋە قەيسەرلىك «تۇمارىس» توغرىسىدىكى ئەپسانىنىڭ باش قەھرىمانى-

دا بولغان تۈپ خىسلەتلەردۇر. («تۇمارىس ئەپسانى-
سى»غا قاراڭ) تۇمارىس ئوبرازى باتۇر، ۋەتەنپەر-
ۋەر قەھرىماننىڭ يۈكسەك نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇ،
تارىخىي قىممىتى زور بولغان ئەپسانىلارنىڭ بىرىدۇر.
«تۇمارىس ئەپسانىسى»دا تەسۋىرلەنگەن ماساگىتلار
قەبىلىسى ۋە بۇ قەبىلىنىڭ زالىم كەيخىسراۋ باش-
چىلىقىدىكى ئىران باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بار-
غان كۆرەشلىرى گەرچە تارىخىي پاكىت بولسىمۇ،
لېكىن، مەزكۇر ئەپسانىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر
ئەسلى تارىخىي مەنبەدىن خېلى دەرىجىدە يىراقلاش-
قان. ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ تارىخىي چىنلىقى يوقاپ، پە-
قەت ستېتىك فۇنكسىيىسىنى بېجىرگۈچى بەدىئىي
ئەسەرگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەپ-
سانىدىكى قەھرىمان ئوبرازلار مەلۇم دەرىجىدە ئىلاھ-
لاشتۇرۇلغان. ئەمما، بۇ خىلدىكى ئەپسانىلار ئۆزلى-
رىنىڭ تارىخىي خۇسۇسىيىتى بىلەن رىۋايەتلەرگە
يېقىن تۇرىدۇ. جۈملىدىن قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ
بىرخىل سۈپىتىدە تارىختا يېقىندىن ھەمراھ بولىدۇ.

4. بەزى ھايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلار ھەققىدە
ھېكايە قىلغۇچى ئەپسانىلار:— بۇ خىلدىكى ئەپسانى-
لار مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتىن ئىككى خىلغا بۆ-
لۈنىدۇ: بىر خىلدىكى ئەپسانىلاردا ئادەملەر ھەر خىل
جىنايىتى ئۈچۈن ئاللا تەرىپىدىن چوشقىغا، مايمۇن-
غا، قارغىغا، تاشپاقىغا، چايانغا، چاشقانغا، بۆرىگە،
تۈلكىگە، ئىتقا ئوخشاش ھەر خىل مەخلۇقلارغا ئاي-

لاندۇرۇلغانلىقى ئېيتىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھاي-
ۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار
بىر زاماندىكى ئادەملەر نەسلىدۇر. مەسىلەن، پىل
بىر زامانلاردا نانۋاي بولۇپ، ئۇ خېرىدارلارنى ئال-
دىغانىمىش، مۈشۈك ئورچۇق ياسىغۇچى ئۇستا بولۇپ
ئەسكى - ناچار ياغاچلاردىن ياسىغان ئورچۇقلىرىنى
داڭلاپ ساتقان، مايمۇن بوياقچى بولۇپ يالغان بو-
ياقنى جىڭ بوياق دەپ ساتقان؛ تۈلكە ھىيلىگەرلىك
بىلەن كىشىلەرنى قايمۇقتۇرغان؛ بۆرە قاساپ بولۇپ،
ھارام بولۇپ قالغان ماللارنىڭ گۆشىنى ساتقانى-
مىش. شۇ سەۋەبلىك خۇدا ئۇلارنى قاغاپ، ئەنە شۇن-
داق بەت - بەشىرە مەخلۇقلارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن.
بۇ ئەپسانىلارمۇ، مەنىلىگىدىك مەزمۇن بىلەن سۇغۇرۇل-
غان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ساددا چۈشەن-
چىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇنداق مەزمۇندىكى ئەپسانىلار
باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ فولكلورىدا ئۇچراشمايدۇ.
يەنە بىر خىلدىكى ئەپسانىلاردا بولسا ھەر خىل ھاي-
ۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى
ۋە ئۇلارنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە قىزى-
قارلىق ھېكايە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «نېمە ئۈچۈن
تۆگىنىڭ قۇيرۇقى قىسقا؟»، «قارغا نېمە ئۈچۈن قا-
را بولۇپ قالغان؟»، «ھۆپۈپ نېمە ئۈچۈن سېسىق؟
ئۇنىڭ تاجىسى نەدىن كەلگەن؟»، «بۇلبۇل نېمە ئۈ-
چۈن تاڭ سەھەردە سايرايدۇ؟»، «پاشا نېمىشقا غى-
ڭشىيدۇ؟»، «ئادەملەر نېمە ئۈچۈن قارلىغاچنى ئۇلۇغ-

لايدۇ؟» ۋە باشقىلار. بۇنداق، ئەپسانىلار «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب تەرىقىسىدە تۈزۈلگەن. ھېكايە قىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتىن چۆچەكلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ خىلدىكى ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ھازىرغىچە چۆچەكلەر قاتارىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەپسانىۋىلىق خاراكتېرى شۇ يەردىكى، ئۇلاردا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكىدەك يارقىن بەدىئىي ئوبراز يارىتىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ سيۇژېت قۇرۇلۇشىدا ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇردىن بارلىققا كەلگەن خىيالىي ئويدۇرمىلار ھۆكۈمران ئورۇندا بولۇپ، ئۇلار ئارقىلىق غەيرىي تەبىئىي ۋە ئاجايىپ سېھىرلىك مۆجىزىلەرنىڭ سىرىنى ئېچىش مەقسەت قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل ھېكايىلارنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزىدە ئەسلى مەۋجۇت بولغان قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشىنىڭ تەرەققىياتىدىن كېلىپ چىققان ھەمدە مۇئەييەن دىنىي چۈشەنچىلەر بىلەن باغلانغان ھالدا خەلقنىڭ مۇھىتقا، ھەققانىيەتكە باغلىق قاراشلىرى ئەكس ئېتىلگەن. بۇ قاراشلار بەكرەك ساددا، ئىلىمدىن تامامەن يىراق بولسىمۇ، ئەينى پەيتتە ئۇ ياكى بۇ ۋەقەلەرنىڭ پاكىت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىشكە، ئۇنى تەستىقلاشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.

دېمەك، ئادەتتىن تاشقىرى فانتاستىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بايان قىلىنىشى ئەپسانىلارنى يۇقى-

ىدا ئېيتىلىمىزدەك چۆچەكلەر بىلەن يېقىنلاشتۇ-
رىدۇ، ھەتتا بەزى ئەپسانىلاردا چۆچەكلەردىن ئېلىن-
غان سىيۇژىتلارمۇ ئۇچرىشىپ قالىدۇ.

× × ×

بۈگۈنكى ئىلىم - پەن دۇنياسىدا ئەپسانىشۇ-
ناسلىق ئېتنوگرافىيە ئىلمى دائىرىسىدىن ھالقىپ
چىقىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئىلىم بولۇپ شە-
كىللەنمەكتە. ھەمدە دۇ كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ دىق-
قەت - ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. دۇ نۆۋەتتە ئىجتىما-
ئىي ساھەدىكى دۆتكۈر پەنلەر قاتارىدا جەمئىيەتشۇ-
ناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق ئالىملىرى ئۈچۈن ئاساس
بولماقتا. ئەپسانىشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇر-
لىشىشى ۋە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ ساھە بويىچە
سېلىشتۇرما تەتقىقاتىمۇ قانات يايماقتا. بىز مۇشۇ
ئىلمىي روھ بويىچە ئەپسانىلار ھەققىدە مۇلاھىزە
يۈرگۈزگەندە، بىر تەرەپتىن، فولكلور ئۈچۈن ئور-
تاق بولغان ئۆز - ئارا تەسىر كۆرسىتىش، ئالمى-
شىش ۋە سىڭىشىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن خەلق-
ئارا ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇشىمىز لازىم.

بىز يۇقىرىدا مىسال قىلىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەپ-
سانىلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېتنىك مەنبەسىنى ئىزلى-
گەندە، ئۇنىڭ بىر قىسمى مۇقەررەركى، ه. ن. ى -
ياۋروپا سىستېمىسىدىكى ئىران مىفولوگىيىسىگە بې-

رىپ تۇتۇشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئېللىنىزم مەدەنىيىتى (ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى بىلەن يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تەشكىل تاپقان) دەپ نام ئالغان. ئېللىنىزم مەدەنىيىتى دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان ئەپسانىلاردا شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقئارا ئورتاقلىق مەۋجۇت. بۇنداق ئورتاقلىقنى مۇستەسنا قىلغان ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېپتىدائىي مىفلىرىنى چۈشەندۈرۈش قىيىن. يەنە بىر تەرەپتىن ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئاساسىدا يارىتىلغان يەرلىك ئەپسانىلارنى ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. مانا بۇ ئەپسانىشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ئېتىنىك تەركىب جەھەتتىن ئالتاي مىفولوگىيە سىستېمىسىغا مەنسۇپ. لېكىن ئۆتمۈشتە ئالتاي مىفولوگىيە سىستېمىسى كۆپ تەكشۈرۈلمىدى ۋە ئۆگىنىلمىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ھەقتە قولىمىزدىكى ماتېرىياللار يېتەرلىك ئەمەس. بىرىنچى قېتىم ئالتايشۇناس ئالىم رادلوپ ئالتاي مىفولوگىيىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشلەپچىقاندىن كېيىن، خەلقئارادىكى ئالىملارنىڭ جىددىي دىققەت - ئېتىبارى قوزغالدى. دەرۋەقە، ئالتاي مىفولوگىيىسى ھەم تىل ھەم دىن (كۆپ خۇدالىق شامان دىنى) ئورتاقلىقى ئاساسىدا ناھايىتى قەدىمىي يەرلىك ئەپسانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سىستېمىغا تەئەللۇق

ئەپسانىلاردىمۇ ئۈچ چوڭ تەڭرى مەۋجۇت: بىرىنچى كۆك تەڭرى بولۇپ. ئالتاي ئەپسانىلىرىدا بۇ تەڭرىنىڭ «قاراخان» دېگەن خاس ئىسمىمۇ بار. ئىككىنچى، يەر تەڭرىسى بولۇپ، ئۇ يۇرت، ۋەتەن ھامىيسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىدۇ. ئۈچىنچى، ئاياللار ۋە بالىلار تەڭرىسى بولۇپ، ئۇ ئۇماي ئىلاھى بىلەن باغلىنىدۇ. «ئۇمايغا تايىنساڭ ئوغۇل بولۇر». («تۈركىي تىللار دىۋانى»دا نەقىل قىلىنغان) دېگەن ماقال. ئەنە شۇ ئىلاھقا سېغىنىشنىڭ نەتىجىسى. خەن - زاڭ مېفولوگىيە سىستېمىسىدىكى شىمزۋاڭ (باتىخان ئانا) ئەنە شۇ ئۇماي ئىلاھىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بەخت تەڭرىسى (قۇت). ئۇرۇش تەڭرىسى، تاغ تەڭرىسى، دەريا تەڭرىسى، ئورمان تەڭرىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مىفلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەنە شۇ ئىلاھلار بىلەن باغلىق بولغان مىفلارنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرى خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

دېمەك، ئالتاي مىفلىرىدىمۇ ئۆزىگە خاس گۈزەللىككە ۋە كۆپ خىللىققا ئىگە. ئورىگىناللىققا ئىگە بولغان بۇ مىفلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلىرىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. شۇڭا ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە نىشانى ئەلۋەتتە ئالتاي مىفلىرى بولۇشى زۆرۈر. بۇ ئۇيغۇر

فولكلورشۇناسلىقىدىكى جىددىي ۋە مۇھىم خىزمەت بولۇپ، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئۇلۇغ جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ھالقىلىق رول ئوينايدۇ.

× × ×

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەپسانىلار ئۇيغۇر فولكلورى ئىچىدە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئايرىم ژانىر بولۇپ، ئۇ، خەلقىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەپسانىلارنىڭ (جۈملىدىن رىۋايەتلەرنىڭ) ئىجتىمائىي خاسىيىتى ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى چۈشىنىش ئەلۋەتتە بىر خىل مۇرەككەپ ئىلمىي ھادىسە.

بەزىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدا ئالغا سۈرۈلگەن ئىپتىدائىي ئىلاھىيەتچىلىك قاراشلىرىدىن قاراپ، ئۇلارنى قارا - قويۇقلا ئىدېئالىستىك پەلسەپىۋى قاراشنىڭ ئىنكاسى دەپ قارىشىدۇ. دەرۋەقە، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدا خۇددى يۇنان ئەپسانىلىرىدا يارىتىلغان ئولۇمپۇس تېغىدىكى «خۇدالار» دەك مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ھەممىگە قابىل ۋە قادىر «خۇدا»لار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ «خۇدالار» ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەبى-

نى مايىللىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. كېيىنچە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قويۇق ئىجتىمائىي تۈس ئالغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ «خۇدا»لار ياكى ئىدېئاللاشقان قەھرىمانلار، «خۇدا» بىلەن ئىنساندىن تۇغۇلغان «يېرىم ئىنسان»، «يېرىم خۇدا»لاردۇر. شۇڭا، ئەپسانىلاردىكى «ئىلاھ» ياكى «ئىلاھىي كۈچ» ئەجدادلىرىمىزنىڭ ساددا تەسەۋۋۇرىدا ھەرگىز ئابستراكت، مەۋھۇم چۈشەنچە بولماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنيادا يارىتىلغان ئوبرازىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار مۇئەييەن تارىخىي رېئاللىقنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئالاھىدە ۋە ئوبرازلاشقان ئىنكاسى بولغاچقا، جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا پەيدا بولغان بىردىنبىر «دىنىي ھەقىقەتچىلىك» ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدېئالىستىك پەلسەپىۋى ئېقىمدىن ئەلۋەتتە روشەن پەرق قىلىدۇ. ف. ئېنگېلس: «ئوتتۇرا ئەسىردە ئىدېئولوگىنىڭ باشقا بارلىق شەكىللىرى — پەلسەپە، سىياسىي، قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ، ئىلاھىيەتچىلىكنىڭ بىر بۆلۈكى قىلىپ قويۇلدى. شۇڭا، شۇ چاغدىكى ھەر قانداق ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئىلاھىيەت تۈسىنى ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ پۈتۈنلەي دىننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ھېسسىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، زور ھەرىكەت قوزغاش ئۈچۈن ئاممىنىڭ جانىجان

مەنپەئەتىنى دىنىي تون كىيگۈزۈپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك ئىدى» ① دەپ كۆرسىتىدۇ.

ھەقىقەتەن، ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن ئەپسانىلارنىڭ مەزمۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ دىنىي ئىدېئولوگىيىلىك قاراشلىرىدىن مۇستەسنا بولۇش مۇمكىن ئەمەس. گەرچە، بۇ، كۆپ خىل دىنىي ئېتىقادلار ئۆزىنىڭ تۈپ ماھىيىتى، ئاساسىي گەۋدىسى ۋە تەلىماتلار سىستېمىسى ئېتىبارى بىلەن ئىدېئالىستىك ۋە مېتافىزىك نۇقتىئىنەزەرلەردىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز دەۋرى شارائىتىدا ماتېرىيالىستىك ۋە دىئالېكتىك خاراكتېرىدىكى ھەقىقەتچىلىك ۋە مەرىپەتچىلىك قاتارلىق ئاز بولمىغان ئىلغار ئامىللارغا ئىگە ئىكەنلىكىگە كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قەدىمكى ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى كىشىلەرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي دىنىي سۈپىتىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان جانلىق شاھىدى بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆلمەس مىراسلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى تونۇشلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي غايىلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىشتا بىزنى پايدىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتكۈچى ئاساسلىق مەنبەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلارنى داۋاملىق ھالدا توپلاش، تەرتىپكە سېلىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

① ف. ئېنگېلس: «لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپەسىنىڭ ئاخىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى 86 — 87- بەتلەر.

# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

خەلق داستانلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇزاق تارىختىن بېرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن نەزمە ۋە نەسرى هېكايىلاردۇر.

خەلق داستانلىرى مۇكەممەل سىيۇژېت، جانلىق شېئىرىي ئوبراز ئارقىلىق كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يېرىك ژانىرى هېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى باي ۋە خىلمۇ خىل بولغان گۈزەل ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىغا ئىگە. بۇ قىممەتلىك ئېغىز مىراسلىرى ئىچىدە بولۇپمۇ خەلق داستانلىرى ۋەتىنىمىز مەدەنىيەت تارىخىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنىك شەكىللىرىدىن بىرى بولغان مەدداهلار (ۋايىزلار) ئەدەبىياتىمۇ داستان ئېيتىشنى ئاساس قىلىدۇ.

مەدداھلىق ئەدەبىياتى قاتارلىق تۈرلۈك ئامىـ ۋى سەنئەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى مۇلاھىزە قىلىش — خەلقىمىزنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىنى چۈشىنىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

خەلق داستانلىرى ئۆزى پەيدا بولغان ناھايىـ تى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا داۋاملىق ئۆزگىرىپ بارىدىغانلىـ قى ئۈچۈن ئۇنىڭ پەيدا بولۇش يىلنامىسىنى ئېنىق بەلگىلەش قىيىنراق بولسىمۇ، ئېتنوگرافىيە ئىلمى ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلغاندا خەلق داستانلىرىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى ئۈچ دەۋرگە ئايرىش مۇمكىن.

## 1. قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى

يەنى VII ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئۇرخۇن، سىـ لىنگا دەرياسى بويلىرىدا ياشىغان «ئون ئۇيغۇر» (ھونلار — ئاپتوردىن) «توققۇز ئوغۇز» قەبىلىلىرى ۋە تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى «ئوغۇز» قەبىلىلىرىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان قەھـ رىمانلىق توغرىسىدىكى رىۋايەتلىك ئېپوسلاردىن ئىبارەت. بۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولغان خەلق داستانـ

لىرىدىن بىرىگە مەلۇم بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

### 1. «ئوغۇزنامە» داستانى

«ئوغۇزنامە» داستانى مەشھۇر تارىخىي شەخس ئوغۇز خاقان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئاساسىدا يارىتىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق داستانى ھېسابلىنىدۇ. ئوغۇزخان توغرىسىدىكى بۇ قىسسە قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ئۇزاق جەريانى بېشىدىن كەچۈرگەن، شۇنداقلا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ بېيىغان، بەدىئىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن.

«ئوغۇزنامە» داستانى تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممىتى جەھەتتە جاھانغا مەشھۇر قەدىمىي يۇنان ئېپوسلىرىدىن «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسا» بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسى ھېسابلىنىدۇ.

ئوغۇزخان توغرىسىدىكى قىسسىنىڭ پەيدا بولۇش دەۋرى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بىردەك ئەمەس. لېكىن ئوغۇز تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئېتنوگراپىيىلىك مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ئوغۇز رىۋايەتلىرىنىڭ مىلادىدىن خېلىلا بۇرۇن پەيدا بولغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغۇز خاقان ھەققىدىكى بۇ قىسسە تارىخىي

رىۋايەت سۈپىتىدە ئۇرغۇن تارىخىي كىتابلاردا يېزىپ قالدۇرۇلغان ۋە شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ ئېھتىياجى ھەمدە ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى بويىچە بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆزگەرتىلگەن.

«ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمكى خاتىرىلەنگەن قىممەتلىك قوليازمىسى XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كۆچۈرۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى بولۇپ، جەمئىي 42 بەت، ھەر بېتى 9 قۇردىن 378 قۇر. بۇ نۇسقا پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئۇزاق ئۆتمۈشتە يارىتىلغان قەھرىمانلىق ھەققىدىكى بۇ ئېپوس ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. داستاندا تەسۋىرلەنگەن باش قەھرىمان ئوغۇز خاقان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلىكلەر تارىختىكى پۈتۈن - پۈتۈن قەبىلىلەرنىڭ ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىدۇر. بۇ ئېپىك داستانىنىڭ ئەڭ بۈيۈك قىممىتى شۇ يەردىكى: ئۇ ئۇرغۇن تارىخىي پاكىتلارنى خەلق داستانلىرىغا خاس بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش شەكلى، ئۆرپ - ئادىتى، قائىدە - يوسۇنلىرى، ئېتنوگرافىيىسى، ئەدەبىياتى، تارىخىي ھەمدە تىل ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا بىزنى

بىرىنچى قول قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«ئوغۇزنامە» داستانى مەزمۇنىنىڭ بايلىقى، تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، بەدىئىي ۋاسىتىلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ جانلىقلىقى ۋە كونكرېتلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خېلى بۇرۇنلا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغىغان. مەسىلەن: نېمىس ئالىمى دېتىس (DetiS) بىرىنچى قېتىم 1815 - يىلى بۇ ئەسەردىن پارچىلارنى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بۇ داستاننىڭ تۈرلۈك تىللاردىكى تەرجىمىلىرى ئېلان قىلىندى ۋە ئۇ توغرىدا نۇرغۇن تەتقىقات ماقالىلىرى يېزىلدى.

«ئوغۇزنامە» دە ئىپادىلەنگەن كۆپلىگەن رىۋايەتلەر ۋە قەدىمكى مىفلار (ئەپسانە ۋە چۆچەكلەر) بىلەن باغلىق ۋەقەلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ئىدىيىۋى ئىشەنچلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقالايمىز. بولۇپمۇ داستاننىڭ ئاخىرىدىكى ئېپىزوتتا تەسۋىرلەنگەن مۇراسىمدا، قىرىق غۇلاچتىن ئىككى دەرەخ تىكىپ: ئۇنىڭ بېشىغا ئالتۇن ۋە كۈمۈش توخۇ؛ تۈۋىگە ئاق ۋە قارا قوينى باغلىشى — شامان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر خىل ئۆرپ - ئادەت ئىكەنلىكى ھەممىگە ئېنىق. شۇنداقلا ئەسەرنىڭ بېشىدا ئوغۇز خاقاننى ھايۋانلارغا تەقلىد قىلىپ تەس-

ۋىرلەيدۇ. ھەمدە «كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىق ئەركەك بۆرە» تەڭرىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئوغۇز خاقانىغا ھەمراھ بولىدۇ، ئوغۇز خاقان «كۆك بۆرى بىزنىڭ بەلگىمىز بولسۇن» — دەيدۇ؛ بۇ تۈركىي خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى تۇتېمىزم دەۋرىدىكى تۇرمۇشىنىڭ ئەسەردىكى ئۆزىگە خاس ئىپادىلىنىشى.

دېمەك، «ئوغۇزنامە» دە ناھايىتى قەدىمكى، يەنى ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئىشەنگەن ۋاقىتتىكى ئېتىقاد ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىدىن، بۇ داستاننىڭ قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس.

## 2. «چاشتانى ئىلىگ بەگ» داستانى

«چاشتانى ئىلىگ بەگ» داستانىمۇ «ئوغۇز نامە» گە ئوخشاش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى باتۇرلۇق قىسسەلىرىدىن بىرى. بۇ داستاننىڭ يازما خاتىرىگە ئېلىنغان ئەڭ بۇرۇنقى نۇسخىسى (قوچۇ ئۇيغۇر خانىلىقى دەۋرىدە خاتىرىلەنگەن نۇسخىسى) نى گېرمانىيىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دۆيى 1913 — 1914 - يىللىرى تۇرپاندىن تاپقان. بۇ نۇسخا ھازىرغىچە بېرلىندا ساقلانماقتا.

بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا «چاشتانى ئىلىگ بەگ» توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ V — VI ئەسىرلەردىلا يازما شەكىلگە كىرگەنلىكىنى ھەمدە بۇ داستان

ئەسلىدە بۇددا ۋە نىستورى (خرىستىئان) دىنلىرى
پەيدا بولۇشتىن كۆپ زامانلار ئىلگىرى ئۇيغۇرلار
ئانىمىزم دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ۋاقىتىدىلا
ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. («شەرق ھەقى-
قىتى» ژۇرنىلى 1949 - يىلى 7 - سان 16 - بەت).
«چاشتانى ئىلىگ بەگ» دە بەدىئىي ۋە شېئىر شەكلىدە
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەلۇم دەۋردە جامائە - ئۇرۇقچى-
لىق تۈزۈمىنى باشتىن كەچۈرۈشى ئەكس ئېتىلگەن
ۋە بۇ داستان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئايرىم قەبىلىلەردىن
تەشكىل ئېتىلگەن دەسلەپكى تۈزۈلۈشى دەۋرىدە
ۋۇجۇدقا كەلگەن. «چاشتانى ئىلىگ بەگ» دە «ئۇي-
غۇرلارنىڭ قەدىمىي (ئانىمىستىك) دەۋرىدىكى ھەر خىل
قاراشلىرى ئۆزلىرىنىڭ شېئىرى ئىپادىسىنى تاپقان
......» (گ. پىلخانوۋ: «تارىختا مۇنىستىك قاراشنىڭ
راۋاجلىنىشىغا دائىر مەسىلىلەر ھەققىدە» ئەسەرلەر
VIII - جىلد 211 - بەت)

كۆپلىگەن تارىخىي ۋە ئەمەلىي پاكىتلار «چاش-
تانى ئىلىگ بەگ» داستانىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
قەدىمكى باتۇرلۇق قىسسەلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى
ئىسپاتلىماقتا. لېكىن «چاشتانى ئىلىگ بەگ» داستانى
ھەققىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇلاھىزىلەردە كۆز قا-
راش بىردەك ئەمەس. بۇ ھەقتىكى بەزى تەتقىقات
ماقالىلىرىدە: «چاشتانى ئىلىگ بەگ» داستانى بۇددا
نومىلىرى (بۇددا دىنى تەرىقەتلىرى توپلىمى» ئىچى-
دىكى بىر رىۋايەت. بۇددىزم مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق

ئەسەر، «IX — XIII ئەسىرلەر ئارىلىقىدا قەدىمكى كۇچا تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ......» دېيىلمەكتە. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ داستان خەلقىمىز ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ كەڭ تارقالغان چاشتانى رىۋايەتلىرىنى ئاساس قىلغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئانىمېستىك كۆز قاراشلىرى سىڭگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن قولىمىزدىكى نۇسخىسىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنىدا بۇددىزىمنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق ئالامەت يوق. بۇددىزىم تارىخىمۇ «چاشتانى ئىلىگ بەگ» داستانىنىڭ ئېتىنىك مەنبەسى ئۇستىدە يوقىرىقىدەك يەكۇن چىقارغانلىقى مەلۇم ئەمەس. شۇنىڭ ئۇچۇن «چاشتانى ئىلىگ بەگ» ئۇستىدە تېخىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇكى؛ ھەرگىز يەڭگىللىك بىلەن خەلقىمىزنىڭ دۇنياغا ئايان بولغان بۇ پارلاق ئەدەبىي يادىكارلىقىنى ئالدىراپ خاتىرىدىن ئۆچۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ.

**3. «دېدى قورقۇت» (قورقۇت ئاتا) داستانى.**

«دېدى قورقۇت قىسسىسى» مۇ «ئوغۇزنامە» گە ئوخشاشلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى داستانلىرىنىڭ بىرىدۇر. بىزگە مەلۇم بولغان پۈتۈن «ئوغۇز نامە»لەردە «دېدى قورقۇت» نىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. «دېدى قورقۇت» توغرىسىدىكى ئەپسانىلاردا قورقۇت ئاتىنى ھەم بۈيۈك شائىر ھەم ھەكىم

(تېۋىپ) ھەم شامان پىرى ھەم ئاسترونوم ... دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ھەمدە ئۇنى ئۈچ ئەسىر (295 ياش) ياشىغان دەپ رىۋايەت قىلىدۇ.

«دېدى قورقۇت» رىۋايىتى جۇغراپىيە جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاكى رۇم ئېلىگە قەدەر (تۈركىيىنىڭ ياۋروپا قىسمى) بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە كەڭ تارقالغان.

1945 - يىلى ئىستانبولدا نەشىر قىلىنغان «تۈرك گراممatikىسى (*Turk diliblgisi*) ناملىق كىتابتا، «دېدى قورقۇت» رىۋايەتلىرىدىن تارقالغان يادىكارلىقلار ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ خېلى كۆپ ئۇچرايدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنى قوۋۇزغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىدىغانلىقىنى يازغان، بۇ بىزگە ئۇيغۇر داستانچىلىق سەنئىتىنىڭ خەلقىمىز ئىچىدە ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئەنئەنە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ۋەھالەنكى بۇ داستاننىڭ تولۇق تېكىستى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

### 4. «ئالىپ ئەرتۇڭگا قىسسىسى»

بۇنىڭدا ئاساسەن تارىخىي شەخس ئالىپ ئەرتۇڭگانىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتىغا خەلقنىڭ چوڭقۇر تەزىيىسى شېئىردىي يول بىلەن بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ۋە دۇنياغا تونۇلغان مەشھۇر تىلشۇناسى مەھمۇت قەشقەرى (II-

ئەسىردە ياشىغان) نىڭ «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» نامـلىق قامۇسى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن كۆپلىگەن خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۈلگىلىرىدىن قارىغاندا «دىۋان» بارـلىققا كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئالىپ ئەرتۇڭگا شەـنىگە يارىتىلغان مۇكەممەل بىر داستاننىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلىش قىيىن ئەمەس.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «ئالىپ ئەرتۇڭگا» ئىرانلىقلار تەرىپىدىن «ئەفراسىياپ» دەپ ئاتالغان كىشى بولۇپ، «ئالىپ ئەرتۇڭگا» — خەلقلەر تەرىپىدىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۇنۋاندۇر. (ئالىپ ئەرتۇڭگا «يولـۋاسنى يەڭگۈچى باتۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.) ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى (مىلادى 934 — 935 يىللىرى تۇغۇلغان) تەرىپىدىن يېزىلغان «شاھنامە» دە ئەفرەـسىياپنى «تۇران»① مەملىكىتىنىڭ خاقانى دەپ تىلغا ئالىدۇ. «ئالىپ ئەرتۇڭگا» غا بېغىشلانغان قىسسە مانا شۇ «شاھنامە» دە بايان قىلىنغان ۋەقەلەر دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. يەنى ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولغان ساسانىيان② دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

بۇ تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئالىپ ئەرـ

---

① تۇران — مەركىزى ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە موڭغۇلىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كەڭ زېمىننى ئىرانلىقلار «تۇران» دەپ ئاتىغان.

② ساسانىيان — ئىراننىڭ 4 - سۇلالىسى «ساسانىلار» مىلادى 226 - يىلدىن 651 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن، سامى «قاموسۇل ئەلام» 4 - جىلد 248 - بەت

تۆڭگا شەنىگە بېغىشلانغان قىسسىنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى مىلادى II — IV ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

بەزىلەر ئەفراسىياپنى تارىختا ئۆتمىگەن غايىۋى شەخسى دەپ پەرەز قىلىشىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى كۆپلىگەن تارىخى مەنبەلەرگە قارىغاندا ئاشۇ دەۋرلەردە شۇنداق بىر تارىخى شەخسنىڭ ئۆتكەنلىكى ھەم ئۇنىڭ ئەپسانىۋى قەھرىمان سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا ياشاپ كەلگەنلىكى ئېنىق، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇزاق دەۋرلەردىن بېرى ئۇ، خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە سۆيۈملۈك قەھرىمان سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

### 5 - «ئەرگىنە قۇن» داستانى («ئەرگىنە قۇن مەسەلىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)

«ئەرگىنە قۇن» - ئۆتۈكەن تاغ جىلغىلىرى (موڭغۇلىيە چېگراسىدىكى ئۆتۈكەن يايلىقى) نىڭ ئومۇمى نامى بولۇپ ئۇ قىسسەدە شۇ جايلاردا ياشىغۇچى «ئون ئۇيغۇر» قەبىلىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى ئىپادىلەنگەن، يەنى شۇ دەۋرلەردە ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئۆتۈكەن تاغ جىلغىلىرىدىن (ئەرگىنە قۇنىدىن) رودا قېزىپ ئۇنى تاۋلاپ ھەر خىل تۆمۈر قوراللارنى ياسىغانلىقى، تاش قوراللار دەۋرىگە خاتىمە بەرگەنلىكى ...... داستان شەكلىدە بايان قىلىنغان. تۇرپان رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان يېقىنقى زامان ئارخېئولوگىيىلىك

تەكشۈرۈشىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، تۇرپان ئاستانە خەلق-لىرى ئەسلىدە ئەرگىنە قۇندا ياشىغان، ئۇيغۇر قەبى-لىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا.

يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئەڭ قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ داستانلار ئومۇمەن ئېرادىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر قەبى-لىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئىدىيىۋى ئىشەنچلىرىنى، تەبىئەت-نى بويسۇندۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان ھەر خىل ئىجتىمائىي كۆرەشلىرىنى ...... رىۋايەت شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى چۈشى-نىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ ۋە ئاشۇ دەۋرلەرگە مۇنا-سىۋەتلىك بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى، تىل-ئەدەبىياتىنى، تارىخىي ۋە ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى پايدىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. لېكىن ئۇ داستانلارنىڭ بەزىلىرى ھەر خىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە تولۇق تېكىستى بىلەن يېتىپ كېلەلمىگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە مۇشۇ دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولغان «شاھزادە قالىيامقارا ۋە پاپامقارا ھەققىدە قىسسە»، «توشقان ھەققىدە تېپىشماق»، «ئابى-دارما قوشا» قاتارلىق ئېپىك داستانلارنىمۇ تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

قەھرىمانلىق توغرىسىدا يۇقىرىقى داستانلاردىن

قالسا خەلق ئاغزىدا ھازىرغىچە يادلىنىپ كېلىۋاتقان «پەرھات - شېرىن» داستانىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىمۇ نىسبەتەن ئۇزۇنىراق. «پەرھات - شېرىن» ھەققىدىكى رىۋايەت ئەسلىدە مەلۇم تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان خىسراۋ، ساسانىلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئىران شاھلىرىنىڭ بىرسى يەنى VII ئەسىردە ياشىغان نۇشىرۋاننىڭ نەۋرىسى. تارىختا ئېيتىلىشىچە ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ھەققىدە خەت يازغانلىقى، ئۇنىڭ ئاشۇ VII ئەسىردە ئۆتكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرىدۇ. داستاننىڭ باش قەھرىمانى پەرھات خاقان چىن① نىڭ شاھزادىسى بولۇپ، ئۇ زالىم خىسراۋ بىلەن شېرىن ئۈچۈن قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. بۇ جەڭ ماھىيەتتە ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى ھېسابلىنىدۇ. كېيىنچە سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا زور رول ئوينىغان مەشھۇر «يىپەك يولى» ئارقىلىق بۇ داستان شۇ جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەر ئارىسىغا تېخىمۇ كەڭ تارقالغان، بارا - بارا تېخىمۇ ئىجتىمائىي تۈس ئېلىپ شۇنچە ئۇزاق يىللاردىن بېرى خەلقىمىزنىڭ كۈندىلىك مەدەنىي ھاياتىغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن.

تارىختىن بېرى «پەرھات - شېرىن» قىسسىسى ئۆزىنىڭ مەزمۇندارلىقى ۋە بەدىئىي گۈزەللىكى بى-

① چىن — چىن ماچىن. بۇ تارىخىي چۈشەنچە بولۇپ خوتەننى كۆرسىتىدۇ.

لەن كۆپلىگەن ئەدىبلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى، شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن كلاسسىك يازغۇچى - شائىرلار خەلق ئارىسىدىكى بۇ قىسسىگە ئاساسەن ئۇنى يازما ئەدەبىياتقا ئايلاندۇرۇپ تېخىمۇ بېيىتتى ۋە تولۇقلىدى. مەسىلەن 1 - قېتىم X ئەسىردە ئىرانلىق پىردەۋسى «پەرھات - شېرىن» ناملىق داستان يېزىپ قالدۇردى. بىراق ئۇ مىللىي مەنپەئەت نۇقتىسىدىن ئۆز داستانىدا پەرھات ھەققىدە گەپ قىلمىدى، پىردەۋسىدىن كېيىن XII ئەسىردە نىزامىي گەنجىۋى ئۇنى رومانلاشتۇردى، ئۇنىڭ يازغىنىدا گەرچە پەرھات قىستۇرۇلغان بولسىمۇ ئاساسىي قەھرىمان ئوبراز سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلمىدى. XIV ئەسىردە ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى پارس تىلىدا داستان شەكلىدە يېزىپ قالدۇردى. پەقەت XV ئەسىرگە كەلگەندە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەلشىر ناۋايى «پەرھات شېرىن» داستانىنى ئەڭ مۇكەممەل ھالدا يېزىپ قالدۇرۇشتا مۇۋەپپەق بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى ئابدىرېھىم نىزارى «پەرھات شېرىن» داستانىنى ئىجادىي ھالدا يېزىپ چىقىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ ئاساسچىسى نىم شېھىت ئارمىيا دامولام بۇ ساھەدە ئەمگەك سىڭدۈرۈپ «پەرھات - شېرىن» داستانىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يېزىپ قالدۇرغان پېشقەدەملەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. (1947 - يىلى يازغان).

بۇ مىسالىلار «پەرھات ـ شىرىن» قىسسىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى ۋە شۇ جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## II ئوتتۇرا ئەسىردە ياكى ئىسلامىيەتتىن كېيىن پەيدا بولغان خەلق داستانلىرى (IX ئەسىردىن كېيىن)

IX ئەسىردىن كېيىن شىنجاڭدا بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەشقەر قاتارلىق رايونلاردا ئىسلام دىنى ئاستا ـ ئاستا ئومۇملىشىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XIII ئەسىرگە قەدەر) بۇ جايلارنىڭ تارىخىدا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ غەربىي رايوننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا زور تۆھپە قوشۇش بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يېڭى دەۋرگە كۆتۈردى. بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئاساسىي جەھەتتىن فېئوداللىق جەمئىيەت باسقۇچىدا تۇراتتى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. شۇڭا بۇ دەۋرلەردە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت كۆزگە كۆرۈنەرلىك تەرەققىي قىلدى. بۇ يېڭى تەرەققىيات يالغۇز ئۇيغۇر يېڭى ئەدەبىياتىدىلا ئىنكاس قىلىنىپ قال-

ماستىن ئېغىز ئەدەبىياتى — جۈملىدىن خەلق داستان-
لىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ دەۋرلەرگە تە-
ئەللۇق بولغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن «غېرىب
سەنەم»، «تاھىر - زوھرا» «چىن تۆمۈر باتۇر»، «يۈسۈپ -
ئەخمەت»، «قەمەر شاھ»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»......
قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن، بۇ داستانلار-
نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر داستانلىرىدىن پەرقى شۇ يەر-
دىكى ئەپسانە خاراكتېرىنى يوقىتىپ رېئاللىققا تېخى-
مۇ يېقىنلاشقان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن پەيدا بولغان
ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىدىن
قارىغاندا: ئاساسەن مۇھەببەت ۋە ۋاپادارلىق تېمىسى
مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ بەلگىلىك
ئىجتىمائىي سەۋەبى بار؛ مەلۇمكى ئېلىمىزنىڭ غەر-
بىي رايونىدا فېئودالىزمنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ،
سىنىپىي زىددىيەتلەرمۇ كەسكىنلىشىشكە باشلىدى. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى بولغان خەلق داس-
تانلىرى مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق فېئوداللىق دىنىي
ھاكىمىيەتنىڭ ئىنسانلار بېشىغا كەلتۈرگەن بالايى-
ئاپەتلىرىنى پاش قىلىپ، ئەركىنلىكنى تەرغىپ قىلا-
دى، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئەر-
كىن مۇھەببەت ئىستىكىنى، فېئودال ئەزگۈچى سىنىپلار
بىلەن ئەمگەكچىلەر ئامىمىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك
سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقنى، ئادالەت بىلەن - ئادا-
لەتسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ۋاسىتىلىك ئىپا-
دىلەپ. خەلقىمىزنى فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى ئىس-

يانكارلىق روھتا تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلدى. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلق فولكلورىنىڭ ئەڭ نادىر نەمۇنەسى ھېسابلانغان «غېرىب - سەنەم» داستانىنى ئالاساق. ئۇنىڭدا مۇھەببەت ئەلەملىرىدە كۆيگەن، جۇدالىق ئوتلىرىدا يانغان غېرىب ۋە سەنەمدىن ئىبارەت بۇ ۋاپادار بەختسىز ئاشىقلارنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسى ھېكايە قىلىنىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىككە ۋە ئازادلىققا بولغان ئارزۇسى، سەممىي كىشىلىك مۇھەببەت ئىستىكىنى كۆرەلەيمىز؛ سىياسىي، ئەخلاقىي جەھەتلەردىن چىرىكلەشكەن، مەنىۋى جەھەتتىن يىمىرىلگەن فېئوداللىزم جەمئىيىتىنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپتى - بەشىرىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

بۇ داستان زادى قاچان بارلىققا كەلگەن؟ دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە كۆز قاراش بىردەك ئەمەس. «غېرىب - سەنەم» داستانىنىڭ بەزى نۇسخىلىرىدا شاھى ئابباس خاننى قاراخانىلار ھاكىمىيىتىگە تەئەللۇق بىر پادىشاھ دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنداقلا داستانىنىڭ ئۆزىدە تىلغا ئېلىنغان جۇنەيدىن باغدات IX — X ئەسىر ئارىلىقىدا ئۆتكەن تارىخىي شەخس. بۇ پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا «غېرىب - سەنەم» نىڭ دەسلەپكى ھېكايىلىرى ئومۇمەن قاراخانىلار دەۋرىدە پەيدا بولغان دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە باتۇرلۇقنى تېما قىلغان «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانى موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدە — (XIII ئەسىردىن كېيىن)، «يۇسۇپ - ئەخمەت»

داستانى خارەزىمى شاھلىقى (XV - ئەسىرلەر) دەۋرىدە پەيدا بولغان دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن، بۇ پىكىرلەرنى شۇ داستانلار ئىچىدىكى بەزى تارىخىي ناملار ئىسپاتلايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا مەزكۇر داستانلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا دائىر ھۆججەتلىك ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز، بۇ ھەقتە يەنە چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## III يېقىنقى زامان تارىخىدا پەيدا بولغان خەلق داستانلىرى

بۇ دەۋردە پەيدا بولغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ كۆپچىلىكى مەنچىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ قاتتىق زۇلمىغا قارشى كۆرەشكە ئاتلانغان خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى باتۇرلۇق قىسسەلىرىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا XVIII ئەسىرنىڭ بېشىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان كۆپلىگەن خەلق قەھرىمانلىرى ئۆتتى، ئۇلار توغرىسىدا خەلقىمىز قىسسە، داستانلارنى ئىجاد قىلىپ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە ئۆزلىرىنىڭ ناخشا كۈيلىرىدە مەدھىيىلەپ كەلمەكتە.

مەسىلەن: «سادىر پالۋان قىسسىسى» (1798 - يىلىدىن 1871 - يىلىغىچە ئىلىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر قەھرىمانى)، «نوزۇگۇم داستانى» 1826 -

يىللار ئوتتۇرىسىدە)، «گۆلەمخان قىسسىسى» (1820 –
1825 – يىللار ئوتتۇرىسىدە پەيدا بولغان)، «مايىم-
خان داستانى» (ۋاقتى نامەلۇم)، «سېيىت نوچى
داستانى» (قەشقەردە ئۆتكەن زالىم ھەربىي ئەمەلدار
ماتىتەي دەۋرىدە، يەنى 1911 – ، 1914 – يىللار
ئوتتۇرىسىدە پەيدا بولغان) ... «تۆمۈر خەلىپە
داستانى» (1911 – ، 1913 – يىللار) ... قاتارلىق
داستان ۋە قىسسەلەردە رېئال تارىخىي قەھرىمانلار
تەسۋىرلەنگەچكە، ئۇنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى، كىتاب-
خانىلارغا بىر قەدەر ئېنىق. يېقىنقى زامان تارىخىغا
تەئەللۇق بولغان داستانلاردىن يەنە «ئابدىراخمان
خان پادىشاھ» ۋە «ئالىمخان» لارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

بۇ داستانلارنىڭ كۆپچىلىكى مۇزىكىلىق خۇسۇ-
سىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئۇندىلىك
سەنئەت پائالىيەتلىرى ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى — ئۇيغۇر خەلقى ئۆز
بېشىدىن كەچۈرگەن تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ
جانلىق شاھىدى، ئۇ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەر-
نىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى خەلق
ئەدەبىياتىغا خاس شەكىللەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ
بېرىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تېماتىك
مەزمۇنى كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە. بولۇپمۇ
ئۇنىڭدا باتۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىق. مۇھەببەت ۋە ۋا-
پادارلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنتىپاقلىق ئىنسانپەر-
ۋەرلىك... ... قاتارلىق مەزمۇنلار ئارقىلىق خەلقچىللىق

ئەدەبىيىسى ئالغا سۈرۈلمىدۇ. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ئايرىم تەتقىقات تېمىسى بولغاچقا، بىز بۇ يەردە كۆپ توختالمايمىز.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى بەدىئىي قۇرۇلۇش جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. خەلقىمىز ئىچىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان خەلق داستانلىرى ئومۇمەن نەزمى ۋە نەسرىي شەكىلدە تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلى ھېسابلىنىدۇ. يەنى داستاندىكى پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى نەسرىي يول بىلەن قىسقىچە ھېكايە قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ياندىشىپ پېرسوناژلار خاراكتېرى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار ۋەقەلەر نەزم (شېئىر) ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھال داستاننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى كۈچەيتىپ ئوبرازلارنى جانلاندۇرىدۇ. بۇنداق داستانلار مەدداھلىق ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە خەلق ئىچىدە مۇقىملاشقان ئاھاڭغا ئىگە. داستاندىكى ناخشا - قوشاقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مۇزىكا - كۈيلىرىنى ئاساس قىلغاچقا، ئۇ كىشىلەردە ناھايىتى روشەن بەدىئىي تەسىرات قالدۇرالايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داڭلىق «12 مۇقامى» شۇنىڭ ئۈچۈن خېلى كۆپ خەلق داستانلىرىنىڭ ناخشا - ئاھاڭلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن.

مەسىلەن، «چارىگاھ»، «مۇشاۋۇرەك»، «راك»، «ئۆزھال»، «ئۇشاق»، «بايات»، «ناۋا» مۇقاملىرىنىڭ داس-

تان قىسمىغا «غېرىب - سەنەم» داستانىدىن 50 كە يېقىن ناخشا - كۈي تاللاپ ئېلىنغان. شۇنداقلا «يۈسۈپ - ئەخمەت»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «تاھىر - زوھرا» ...... داستانلىرىدىنمۇ. خېلى كۆپ ناخشىلار تاللىنىپ «12 مۇقام» ئىچىدىن ئورۇن ئالغان.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن «12 مۇقام» ئىچىگە سىڭدۇرۇلگەن بۇ ناخشا - كۈيلەر خەلق داستانلىرىنىڭ ئەسلىدە مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ «12 مۇقام» نىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە سىستېمىلىشىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى مۇكەممەل سيۇژىتقا ئىگە بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئۇنىڭ تېمىسى سيۇژىت بۆلەكلىرىنىڭ مەنتىق تەرتىپى بويىچە قانات يايدۇ. بەدىئىي تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئىخچاملىقتا، ئاممىباپلىقتا ۋە قىزىقارلىقتا ئىگە. ئۇ، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا مۇرەككەپ ۋە ئەگرى - بۈگرى زىددىيەت توقۇنۇشلىرى بولمايدۇ، بەلكى پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى ئاددىي يوللار بىلەن روشەن ۋە جانلىق يارىتىلىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشتا جانلىق ھەرىكەت بىلەن ھېس - تۇيغۇ زىچ بىرلەشكەچكە، خەلق داستانلىرى ئۆز - ئۆزىدىن ھېسسىيات تېمىپ تۇرىدىغان ھېسسىيات بولۇشغا ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى ھەر خىل تەسۋىرلەش ۋاسىتىلىرىمۇ ناھايىتى جانلىق. بىز ئۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر كۈچىنىڭ يۈكسەكلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ پىكىرىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن پەقەت «ئوغۇزنامە» داستانى ئىچىدىكى ئىككى تەسۋىرىنى بايانىنى كۆرسەكلا كۇپايە قىلىدۇ. يەنى، «ئوغۇزنامە» دە ئىككى گۈزەل قىزنىڭ بىرىنى: «بېشىدا ئاتەشتەك نۇرلۇق مېڭى بولۇپ خۇددى قۇتۇپ يۇلتۇزغا ئوخشايتتى ...... ئۇ كۈلسە كۆك ئاسمان قوشۇلۇپ كۈلەتتى، ئۇ يىغلىسا كۆك ئاسمان قوشۇلۇپ يىغلايتتى» دەپ تەسۋىرلىسە يەنە بىرسىنى: ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىن كۆكرەك، چېچى خۇددى دەريا سۇيىدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك دەپ گۈزەل ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ئىنتايىن ئىخچام ۋە جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. بۇنداق ئالاھىدىلىك باشقا خەلق داستانلىرى ئۈچۈنمۇ ئورتاق، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا يەنە رومانتىك خىيال بىلەن رېئال ۋەقەلەر ناھايىتى مۇۋاپىق جىپسىلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇبالىغە ۋە فانتازىيە نىسبەتەن كۈچلۈك. بولۇپمۇ «ھۆرلىقا – ھەمراجان»، «قەمەرشاھ»قا ئوخشاش غايىۋى قەھرىمانلار تەسۋىرلەنگەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى قويۇق رومانتىك تۈسكە ئىگە. بۇنداق رومانتىك خىيالنىڭ ئارقىسىدا ھامان ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن پەيدا بولغان رې-

ئالىستىك روھ ياتىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى مەزمۇ-
نىنىڭ بايلىقى، بەدىئىي قۇرۇلۇشىنىڭ مۇكەممەل-
لىكى، بەدىئىي ۋاستىلىرىنىڭ باي ۋە خىلمۇ خىل-
لىقى، سيۇژېتلىرىنىڭ ئىخچام ۋە ھەرىكەتچانلىقى،
تىلىنىڭ جانلىقلىقى ۋە ئاممىباپلىقى قاتارلىق بىر
تۇتاش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرى-
نىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ئۆزىگە خاس ئورۇن
تۇتىدۇ.

ئەپسۇسكى، باي مەزمۇنغا ۋە كۆپ خىل شەكىل-
گە ئىگە بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داستانلىرى تا-
ھازىرغىچە خەلق ئىچىدە كۆمۈلۈپ ياتماقتا.

خەلق داستانلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەت-
قىق قىلىش ئىشى خەلقىمىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا
ژانىرلىرىغا قارىغاندا ھەم مۇرەككەپ ھەم ئىنچىكە
خىزمەت. چۈنكى، خەلق داستانلىرى ھامان تارىخىي
ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەشتىن
بۇرۇن بۇ ھەقتىكى كۆزقاراشنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا
توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ بەزىلىرى ھەر خىل
تارىخىي سەۋەبلەر، يەنى خەلقلەرنىڭ جەمئىيەت
تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى
بويىچە تارىخىي ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغانلىقى، مىللەت-
لەر ۋە خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسى-

ۋەت، مەشھۇر «يىپەك يولى» ئارقىلىق باشلانغان - مەدەنىيەت ئالاقىسى ۋە باشقا ھەر خىل ئالاقىلار- دىن شەكىللەنگەن ئوخشاش تۇرمۇش شارائىتلىرى. سەۋەبىدىن مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى خەلقلەر ئارىسىغا ئورتاق سىڭىپ كەتكەن، بىر مۇنداق داستانلارنىڭ زادى قايسى خەلققە مەن- سۇپ ئىكەنلىكىنى ئايرىشتا، تارىخىي ماتېرىيالىزم- لىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە، شۇ داستاندا ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش پۇرىقى، مىللىي ئالاھىدىلىك. شۇ خەلق ئى- چىدىكە ئومۇملىشىش ۋە ئۆزلىشىش دەرىجىسى قاتارلىق- لارغا قارىشىمىز لازىم. چۈنكى خەلق ئېغىز ئەدەبى- ياتى يازما ئەدەبىياتتەك مۇقىملىقتا ئەمەس، ئۇنى ھەر قايسى خەلقلەر ئۆزلەشتۈرگەندە ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش مەنپەئەتلىرىگە ۋە مىللىي ئالا- ھىدىلىكلىرىگە بېقىندۇرىدۇ. ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ مە- نىۋى بايلىقى سۈپىتىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مى- راس قالدۇرىدۇ.

ئادەتتە بەزى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئې- يىنكى دەۋرلەردە خاتىرىلەنگەن نۇسخىلىرىغا ۋە داس- تانچىلارنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىغا قارىساق، داس- تان قەھرىمانلىرىنىڭ پائالىيەت مەيدانى — باغداد، مىسىر، رۇم، يەمەن ...... قاتارلىق چەت جايلار ئى- كەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. بىزنىڭچە بۇنداق ھېكايە قى- لىشنىڭ ئىككى خىل سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن.

بىرىنچىدىن. ھەرقانداق سىنىپنىڭ ئەدەبىياتتا

قارىتا بەلگىلىك ئۆلچەمى بولىدۇ. جۈملىدىن فېئوداـ لىـزىم جەمئىيىتىمۇ فېئودال سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇنلاشقان سىياسىي ئۆلچەمى بولغاچقا ئۇلار ئەيـ نى شارائىتـتا فېودالىزمغـا قارشـى ئىدىيـە بىـلەن سۇغۇرۇلغان ئىلغار پىكىرلىك خەلق داستانلىرىنىڭ ئۆز يېرىنىڭ نامى بىلەن مەيدانغا چىقىشىغا يول قويـ مىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن فېئودال ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قارـ شىلىقى ۋە كاشـىلىسـى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ كۆـ زىنى خەلەت قىلىش مەقسىتىدە داستانىدىكى ۋەقەلەرـ نىڭ پەيدا بولغان ئورنىنى ئۆز يېرىدىن يىراق بولـ غـان جايـلارنـىڭ نامـى بىلـەن ئـاتاشقـا مەجبـۇر بولغان.

ئىككىنچىدىـن، خەلقنىڭ كۆپلىگـەن ھېكايە ـ چۆچەكلىرىدە تارىخىي نىسبەتەن ئۇزاق ھەم ھەممە كىشىگە بىر قەدەر تونۇشلۇق بولغان شەھەرلەرنىڭ نامىنى ئاتاپ ھېكايە قىلىش شۇ تارىخىي شارائىتـ تا بىر خىل ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇسۇلى بوـ لۇپ قالغان. شەرق فولكلورىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەشتىكى بۇ خىل ئادىتى خەلق داستانچىلىرى ۋە كېيىنكى خاتىرىلىـ گۈچىلەرگە بەلگىلىك تەسىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن، مەيلى قايسى جاينىڭ نامى ئاتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، خەلق داستانلىرى خەلقنىڭ مەنىۋى بايلىقى بولـ غاچقا، ئەڭ مۇھىمى شۇ داستاننىڭ ئومۇملىشىش ئەھـ ۋالى ۋە خەلق ئىچىدىكى تەسىرى ئۇنى ئايرىشنىڭ ئاساسلىق شەرتى بولۇشى كېرەك.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئۆتمۈش تارىخىي دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇ مەزمۇن جەھەتتىن مەلۇم تارىخىي چەكلىمىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىغا قارىتا، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش بويىچە ئەينى تارىخىي شارائىت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراپ، «قەدىمكى فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەممە چىرىك نەرسىلىرىنى قەدىمكى دېموكراتىكلىكى ۋە ئىنقىلابىيلىقى بولغان گۈزەل خەلق مەدەنىيىتىدىن پەرقلەندۈرۈشىمىز» (1) ۋە شۇ ئاساستا خەلق داستانلىرىدىن ئىبارەت ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ بۇ ژانىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم.

# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تەتقىقات تېزىسلىرى

## 1. داستانلارنىڭ تەرىپى

فولكلورشۇناسلىق ئۆتكەن ئەسىرلەرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ خەلقئارالىق پەن سۈپىتىدە رەسمىي ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بۇ ساھەدىكى تەتقىقات ناھايىتى تېز راۋاج تېپىشقا باشلىدى. ھەمدە دەسلەپكى باسقۇچتىكى بىر قەدەر ئابستراكت بولغان ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتىن تەرەققىي قىلىپ، كونكرېت ژانىر ۋە تۈرلەر بويىچە تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت مەخسۇسلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. نەتىجىدە ئېپوس تەتقىقاتى (داستانشۇناسلىق) بارلىققا كېلىپ بۈگۈنكى كۈندە ئۇ، پۈتكۈل فولكلور تەتقىقاتىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى (يادروسى) بولۇپ قالدى.

شۇ سەۋەبتىن فولكلورشۇناسلىق بىر قەدەر روناق تاپقان ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق ئەل-

لەردە «كىسارشۇناسلىق» «جاڭغىرشۇناسلىق»، «ما-
ناسشۇناسلىق» قاتارلىق تېخىمۇ مەخسۇسلاشقان ئىلـ
مىي تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. دۇنياغا داڭلىق بۇ ئۈچ
ئېپوسنىڭ ئانا يۇرتى بولغان ئېلىمىزدىمۇ يېقىندىن
بۇنداق تەتقىقات جەمئىيەتلىرى بارلىققا كېلىپ،
ئېپوس تەتقىقاتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەر-
گە ئېرىشمەكتە. شۇنىڭ بىلەن ئېپوس تەتقىقاتىنىڭ
مۇھىملىقى ۋە باشقا ئىلىم پەن قۇرۇلۇشىدىكى رولى
بارغانسېرى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئىجـ
تىمائىي پەن ئورگانلىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى
قوزغىماقتا.

1986 - يىل 11 - ئايدا ئېچىلغان يەتتىنچى
بەشيىللىق ئىجتىمائىي پەنلەر پىلان يىغىنىدا، ئې-
پوسلار تەتقىقاتىنىڭ مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق
تەتقىقات تۈرى قىلىنىپ بېكىتىلگەنلىكى يوقىرىقى
پىكىرىمىزنى دەلىللەيدۇ، ئەلۋەتتە.

هازىرغىچە بىزدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا،
داستانلارنىڭ تەرىپى ۋە شەرىپىگە بېغىشلانغان ما-
قالىلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ جەھەتتە
ئورتاقلىققا ئىگە بولغان پىكىرلەردىن قارىغاندا، خە-
لق داستانلىرى خەلقنىڭ مەنىۋى هاياتىنىڭ ئەينى-
كى، بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى
ئىپادىسى ۋە بەدىئىي تىلىنىڭ خەزىنىسى، خەلق
تارىخىنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشى بولغاچقا. ئەدەبىياتى-
مىز تارىخىنى خەلق داستانلىرىدىن ئاجرىتىپ قاراشـ

قا بولمايدۇ. لېكىن ئۇ تارىخنىڭ نەق ئۆزى ئەمەس. چۈنكى تارىخ رېئال ۋەقەنى ۋاقىت، ئورۇن ۋە تارىخىي ھۆججەتلەر بىلەن دەلىللىسە، داستان مۇكەممەل سيوژىت ۋە جانلىق پوئېتىك ئوبرازلار ئارقىلىق كەڭ ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

«داستان سۆزى — قىسسە، ھېكايە، شانۇ-شۆھرەت، سەرگۈزەشتە، تەربىيىلەش ۋە ماختاش مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئەدەبىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە، خەلق ئىچىدىكى تارقالغان رىۋايەتلەر ئاساسىدا ئامما تەرىپىدىن شېئىرىي، نەسرىي ئۇسلۇب بىلەن ئىجاد قىلىنغان يىرىك ھەجىمدىكى ئېپىك ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. «ئېپوس» گرېكچە سۆز بولۇپ ئۇ داستانلارنىڭ خەلق ئارا نامىدۇر.

«ئېپوس» بۇ خەلقنىڭ قەھرىمانلىق غايىسى كۆلىمىدىكى جانلىق ئۆتمۈشى» (1) بولغاچقا، بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەسلى ئېتىمولوگىيىدىكى مەنىسى جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇ كۆپرەك قەدىمكى «قەھرىمانلىق دەۋر»نىڭ مەھسۇلى بولغان تارىخىي داستانلار ۋە يىرىك قەھرىمانلىق داستانلىرىغا تەتبىق قىلىنغان.

داستان مۇشۇ مەنىدە مۇرەككەپ سەنئەت ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي داستان بولۇشى ئۈچۈن مۇكەممەل ۋەقەلەر قۇرۇلمىسىدىكى ئەدەبىي تېكىست، مۇزىكا ۋە غەزەلخانلىق سەنئىتىگە ماھىر داستانچىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل ھازىرلىنىشى شەرت. بۇ

هال داستانلارنىڭ قويۇق مۇزىكىلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خەلق داستانلىرىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى مىف (خۇدالار ۋە قەھرىمانلار ھەققىدىكى توقۇلما ئەپسانە) تىن باشلىنىدۇ.

بىز كۆپلىگەن خەلق داستانلىرىغا قارىساق، ئۇخشاشمىغان دەرىجىدە خىيالى - فانتاستىكىلىق توقۇلمىلاردىن بارلىققا كەلگەن مېفولوگىك ئوبرازلار سىستېمىسىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ هال داستانلارنىڭ بىر خىل بەدىئىي ئەنئەنىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئالايلۇق: «غېرىب - سەنەم» داستانىدىكى شاھ بىلەن ھەسەن ۋەزىرنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھامىلدار بولۇش سەۋەبلىرى، شىكارغا چىققاندا ئاياللارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا كۆزى يورىغانلىقىدىن خوش خەۋەر كېلىشى ۋە شۇ جايدىلا قۇدا بولۇشۇپ، ئەل - يۇرتقا يارلىق چۈشۈرگەنلىكى قاتارلىق ئېپىزوتلار بىلەن، «يۇسۇپ - ئەخمەت» داستانىدىكى پەرى قىياپىتىگە كىرگەن بۇلبۇلگويانىڭ ھەمراجانغا يول باشلىشى ۋە مۇشكۈل قىيىنچىلىق ئىچىدە سىنىشى قاتارلىقلار كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كونا ئادەتلىرى — مېفولوگىك ئەپسانىلىرى بىلەن تەسەۋۋۇرلىرى بولۇپ، «تاھىر - زوھرا»، «پەرھات - شېرىن»، «گور ئوغلى»، «قوزى كۆرپەش بايان سۇلۇ»، «ئالپامىش»، «ماناس» ھەتتا مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان «ئابدۇ-

راخمانخان پادىشاھ» بىلەن «سېيىت نوچى» داستانلىرىدىمۇ (شەكلەن) مەۋجۇت. داستانلاردىكى مۇنداق كوسمۇگونىك مىفولوگىيىلىك ئوبرازلار بىلەن فانتاستىك توقۇلمىلار ساپ دىنىي چۈشەنچىلەر بولماستىن، بەلكى رومانتىك ئوبراز يارىتىشنىڭ بەدىئىي ۋاسىتىلىرى سۈپىتىدە قارىلىشقا تېگىشلىك.

دېمەك مۇنداق خۇسۇسىيەتلەر داستانلاردىكى بىر خىل خەلقئارا ئورتاقلىق بولۇپ ئۇ ھەرگىز ھەرقايسى خەلقئارا داستانلىرىنىڭ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدىغانلىقىنى چەتكە قاقمايدۇ.

## II . داستان تەتقىقاتىدىكى بىر قانچە ھالقا

بىزدە داستان ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ شۇنچە كېيىن باشلىنىشىغا قارىماستىن، 3 — 4 يىلدىن بۇيان بۇ ھەقتە خېلى كۆپ مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. جۈملىدىن كەمىنە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل قۇرۇلۇشى، تارىخى، تەسۋىرى، كىلاسسىپكاتسىيىسى قاتارلىقلار توغرىسىدا بىر قانچە ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلەرنىڭ كۆپچىلىكى بىۋاسىتە تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى ۋاسىتىلىك تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى بولغاچقا دەلىمۇ دەلىلىكى يېتەرلىك ئەمەس. دەرۋەقە بىزدە تېخى خەلق داستانلىرى ئىلمىي ھالدا ئومۇميۈزلۈك

رەتلىنىپ بولمىغاچقا. بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتتا بەزى نۇقسانلاردىن خالى بولۇش تەس.

بۇندىن بىر قانچە يىللار ئىلگىرى جامائەت ئارىسىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلغاچقا، ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولغان خەلق داستانلىرى يوق دېيەرلىك» دېگەنگە ئوخشاش يۈزە قاراش مەۋجۇت ئىدى.

لېكىن 1979 - يىلدىن باشلاپ ھازىرغىچە 20 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر خەلق داستانى رەتلىنىپ، كىتاب ۋە ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. بۇ ئەمەلىيەت يۇقىرىقى قاراشنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ھەققىدە بىۋاسىتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ پايدىلىق ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق. مىنىڭچە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى تەتقىق قىلىشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر دەپ قارايمەن.

بىرىنچى ئومۇملۇق ۋە ئايرىملىق مەسىلىسى:

بىز ماقالىمىزنىڭ بېشىدا داستانلارنىڭ تەرىپىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇ تەرىپ ئومۇملۇق نۇقتىسىدا پۈتكۈل خەلق داستانلىرى ئۈچۈن ئورتاق. لېكىن مەيلى قايسى ساھەدىكى تەتقىقات بولسۇن، ئۇنىڭ ئەمەلىي ئۇنۇمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھالقا ھەمىشە ئايان بولغان ئومۇملۇق بولماستىن، بەلكى ئومۇملۇق ئىچىدىكى ئايرىملىقتىن ئىبارەت تۇپ

خاسلىقتۇر. مەسىلەن، قازاق، قىرغىزلار ئارىسىدا داستانلارنى ئاغزاكى ھالدا ئېيتىش قەدىمدىن تا ھازىر- غىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خىل ئاممىۋى سەنئەت ئەنئەنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھال يۈسۈپ مامايدەك تەڭدىشى يوق مەشھۇر داستانچىلار- نىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان. ئۇيغۇرلاردا يازما ئەدەبىيات ۋە كىتابپۇرۇشلۇق خېلى بۇرۇنلا تەرەققىي تاپقانلىقى ئۈچۈن مەشھۇر سېيوژېتلىق داستانلارنى شائىرلار، كاتىپلار، خەتتاتلار ۋە تارىخ- چىلار توپلاپ كۆچۈرۈپ كىتاب شەكلىگە كەلتۈرگەن. تاش باسمىلاردىمۇ نەشىر ئېتىلگەن. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر- لاردا داستانلارنى ئاغزاكى ئېيتىشتىن كۆرە كىتاب- خانلىق قىلىش شەكلى كەڭرەك قانات يايغان. گەرچە خەلق شائىرلىرى داستان ئېپىزوتلىرىنى ئۇنداق ياكى مۇنداق دەرىجىدە بېيىتىپ يېزىپ قالدۇرسىمۇ لېكىن ئۇنىڭدا توپلاپ كۆچۈرگۈچىنىڭ شەخسىي مۇناسىۋىتى ئىپادىلەنمىگەنلىكىدىن ئۇلار يەنە خەلق داستانلىرى قاتارىدا قارىلىۋېرىدۇ. مەسىلەن، ھاجى يۈسۈپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن «غېرىب — سەنەم» ۋە «پەرھات — شېرىن»، بىلال نازىمى كۆچۈرگەن «تاھىر — زوھرا»، تۇرپانلىق نامەلۇم ئۇيغۇر كاتىپى تەرىپىدىن XIII ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن «ئوغۇزنامە». موللا مۇھەممەت تۆمۈر تەرىپىدىن كۆچۈ- رۈلگەن «ھېكايىتى ھۆرلىقا». موللا ئابدۇراخمان تەرىپى-

دىن كۆچۈرۈلگەن «بوز ئوغلان» ، «يۇسۇپ - ئەخمەت»
نىڭ بىر رىۋايىتى، قاتارلىق يازما نۇسخىلاردا يەنىلا
خەلق داستانلىرىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى
ساقلانغان. كەيىنكى شائىرلارنىڭ شۇ ناملىق داستان
نۇسخىلىرىغا كەلسەك، ئۇلار ئەنە شۇ ئوخشاش
بىر خىل داستان سيۇژىتىغا ئىجادىي يانىشىپ
ۋاقەلىك، تىپ، ئوبراز، شېئىرىي مەزمۇن بىلەن
شەكىل قاتارلىق جەھەتلەردە شەخسىي ئىجادىيەت
مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، ئەلشىر ناۋايى
نىڭ «پەرھات — شىرىن»، «لەيلى — مەجنۇن»
داستانلىرى بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «پەرھات —
شىرىن»، «لەيلى — مەجنۇن» داستانلىرى ساپ
شېئىرىي يول بىلەن يېزىلغان بولۇپ ئىدىيىسى،
ئۇسلۇب، ئوبراز ۋە تىل جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئىجادىي
ئورگىناللىقى بىلەن شۇ ناملىق خەلق داستانلىرى
دىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا كېيىنكىسىنى خەلق داستان
لىرى قاتارىدا كۆرگۈزمەيمىز. ئۇيغۇر خەلق داستان
لىرىغا مۇئامىلە قىلىشتا ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى خاسلىقى
(ئايرىملىقى) بىلەن ئورتاقلىقى (ئومۇملىقى)غا تىڭ
ئېتىبار بېرىش زۆرۈر.

ئۇندىن تاشقىرى ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ داستان
چىلىق ئەنئەنىسىدىمۇ ئۆزىگە خاس ئايرىملىق مەۋجۇت
بولىدۇ. ئەگەر بۇشۇ نۇقتىدا چوڭقۇر مەنىق قىلىنسا،
داستانلارنىڭ مىللىي تەۋەلىكىنى بەلگىلەشتە دۇچ
كېلىۋاتقان بەزى قىيىنچىلىقلارنى ئىلمىي ھالدا

ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتە، بۇ ئۇيغۇر داستانـ
چىلىق ئەنئەنىسى بىلەن قازاق ۋە قىرغىز داستانـ
چىلىق ئەنئەنىسىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرساق مەزمۇنىدىن
تارتىپ شەكىلىگىچە ئايرىم پەرقلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى
ھېس قىلىمىز.

بۇ مەسىلە ئۈستىدە «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي
ژۇرنىلى»نىڭ 1985 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان
قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سېلىشتۇرما تەتقىقاتنى
قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا» ناملىق ماقالەمدە
تەپسىلىي توختالغاچقا يەنە قايتا تەكرارلىمايمەن.

ئىككىنچى سېلىشتۇرما تەتقىقات مەسىلىسى:
ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى
ئورنى ۋە قىممىتى، داستان سيۇژېتلىرىنىڭ خاراكـ
تېرى، پەلسەپە، دىن ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئىدېئوـ
لوگىيە ھالەتلىرىنىڭ داستانلاردىكى ئىنكاسى قاتارلىق
مۇھىم تېمىلارنى پەقەت سېلىشتۇرما تەتقىقات
ئۇسۇلى ئارقىلىقلا يېشىپ بەرگىلى بولىدۇ. قەدىمـ
دىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى بولغان
شىنجاڭ كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان ۋەتىنىمىزنىڭ
ئوتتۇرا تۈزلەڭ مەدەنىيىتى، قەدىمكى گرېك مەدەـ
نىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، مىسوپوتامىيە مەدەنىـ
يىتىدىن ئىبارەت تۆت بۈيۈك قەدىمكى زامان مەدەـ
نىيىتى قوشۇلغان مەركىزىي رايونلارغا جايلاشقان.
تارىختىكى شامان، خرىستىئان، مانى، زارو ئاستر

(ئاتەشپەرەسلىك) بۇددا ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلار، ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ بۇ رايوندا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان. ئەنە شۇ كۆپ خىل مەدەنىيەت سىستېمىسى ۋە كۆپ خىل دىنىنىڭ تەسىرى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىمۇ خېلى سېزىلەرلىك دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن «ئوغۇزنامە» داستانىدا شامان دىنىغا خاس بولغان ئادەتلەر يېتەرلىك دەرىجىدە تەسۋىرلەنگەن بولسا «كىتابىي جەمشىت». «رۇستەمى داستان» قاتارلىق ئەسەرلەردە زاروئاستىر دىنىنىڭ تەسىرى قويۇق. «چىمىستانى ئىلىك بەگ». ئىككى تىكىنىڭ ھېكايىسى»، «شاھزادە ۋە شىر» («ئالتۇن ياروق» ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن) قاتارلىق ئەپسانىۋى قەھرىمانلىق داستانلىرى، بۇددا دىنىنىڭ ئەپسانىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولسا. «غېرىب ــ سەنەم» قاتارلىق داستانلاردا ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن ۋە باشقىلار. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ مەزمۇن قۇرۇلمىسىدىكى ئاشۇنداق مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى ئىلمىي ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن ھامان سېلىشتۇرما تەتقىقاتقا تايانماي مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىغا سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلى بويىچە مۇئامىلە قىلغاندا ئۇنىڭ سىيۇژېتى ئىككى مەنبەدىن تۇغۇلغانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ. بىرسى يەرلىك سىيۇژېت. يەنە بىرى خەلقئارا سىيۇ-

ژدت. بىزگە مەلۇم بولغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى-
نىڭ خېلى كۆپچىلىك قىسمى، يەرلىك سىيوژىت
ئاساسىدا يارىتىلغان بولۇپ ئۇنىڭدا شۇ خەلقنىڭ
مىللىي پسىخولوگىيىسى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن.
ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ يەنە بىر قىسمى
كۆچمە سىيوژىتلار ياكى خەلقئارا سىيوژىت ئاساسىدا
بارلىققا كەلگەن. بەزى ئۇيغۇر داستانلىرىدا ۋە-
قەلىكنىڭ يۈز بەرگەن ئورنى دىيار بەكرى باغدات،
ھەلپ ۋە شىرۋان، مىسىر، خوراسان قاتارلىق جايلار
ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. بۇندىن ئىلگىرى «غېرىب —
سەنەم» داستانى ھەققىدە يازغان بىر پارچە ماقالەمـ
دە قىياسقا تايىنىپ، ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇننىڭ
ئۇيغۇر مۇھىتىدىن يىراق قىلىپ تەسۋىرلىنىشىنىڭ
سەۋەبىنى باشقىچە چۈشەندۈرگەن ئىدىم. ئۆگىنىش
ۋە ئىزلىنىش جەريانىدا بۇنداق چۈشەندۈرۈشنىڭ
ئىلمىي جەھەتتىن پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى
ھېس قىلدىم. لېكىن گەپ قىلغاندا بۇ خىل داستان-
لار ئۇچۇن خېمىر تۇرۇش بولغان دەسلەپكى ۋەقەنىڭ
ئاشۇ جايدا پەيدا بولغانلىقى مەلۇم. بۇنداق بولۇش-
نىڭ ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىكى يوق. قەدىمدىن
شەھەردە ياشاپ شەرقنىڭ كلاسسىك مەدەنىيىتىنى
يارىتىشتا مۇناسىپ ھەسسە قوشۇپ كەلگەن ئۇيغۇر-
لار، ئەرەب ۋە پارس خەلقلىرى بىلەن يانمۇيان
ھەتتا ئارىلاش ياشاپ كەلگەنلىكتىن ئەينى زاماندا
ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا

كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنداق تەسىر نەتىجىسىدە كۆچمە سيۇژىتلىق داستانلار بارلىققا كەلگەن. «پەرهات — شىرىن»، «لەيلى — مەجنۇن»، «غېرىب — سەنەم»، «يۇسۇپ ئەخمەت» قاتارلىق داستانلار كۆچمە سيۇژىتلىق داستانلار تەركىبىگە كىرىدۇ. لېكىن «كۆچمە سيۇژىت» شۇ داستاننىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى خەلقئارالىق تەسىر ئېغىز ئەدەبىياتىدا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بىر خىل مۇقەررەر ھادىسە. بۇگۈنكى كۈندە غەربنىڭ بەزى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتلىرى شەرق ئەدەبىياتى بىلەن غەرب ئەدەبىياتىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ «پەرهات — شىرىن» داستانى، شېكىسپىرنىڭ «رومىئو — ژۇلىيتا» ناملىق مەشھۇر تىراگېدىيىسىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماقتا. شۇنداقلا «تاھىر — زۆھرا» داستانى بىلەن «لىياڭشەنبەي - جۇيىڭتەي» داستانىنى سېلىشتۇرساق بەزى ئەپىزوتلىرىدا ئوخشاشلىق بارلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بۇنداق تەسىرنى بىر رايوندا ياشىغۇچى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ داستانلىرىدىن تېخىمۇ ئېنىق بايقىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «ئالپامىش» داستانىدىكى باش قەھرىمان ئالپامىشنىڭ زىنداندا يېتىشى. دومبىرا ياساپ كەيقۇ باتقا بېرىشى. نامە يېزىپ ئۆز ئېلىگە ئەھۋالدىن خەۋەر يەتكۈزۈشى قاتارلىقلار، «يۇسۇپ - ئەخمەت»، «يۇسۇپ — زۇلەيخا»، «گور ئوغلى» داستانلىرىدىكى شۇ خىل ئەپىزوتلار

بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مەنىداش. «يۈسۈپ — ئەخ-
مەت»، «گۇر ئوغلى» داستانلىرىدىكى قارلىغاچ، قارا
كۆز ناملىق پېرسوناژلار، «ئالپامىش» ۋە «قوپلاندى»
داستانلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. «گۇر ئوغلى» داستانىدىكى
سىتەك بىلەن سىمىتەك - «ماناس» داستانىدا
سىتەك بىلەن سىمىتەك بولۇپ كەلسە؛ «يۈسۈپ —
ئەخمەت» داستانىدىكى كۆكچى شائىر (كۆكچى باتۇر
دەپمۇ ئاتىلىدۇ) «ئىرتارغىن» داستانىدىكى كۆكچە
باتۇر ۋە «ماناس» داستانىدىكى كۆكچە كۆز بىر مەنبەدىن
كەلگەن ۋە ھاكازالار. مۇشۇنداق يەرلىك
ۋە كۆچمە سيۇژېتلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا
ئوخشاشمىغان ۋارىيانتلىق داستانلارنىڭ بارلىققا
كېلىشىگە ئاساس بولغان. «بىر خەلقنىڭ داستانى-
نىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىشتىكى ئۆلچەم — ئومۇمەن
داستاننىڭ بولۇشى بىلەن ئەمەس بەلكى پەقەت
خەلقئارا سيۇژېتقا شۇ خەلقنىڭ جاۋاب تەرىقىسىدە
ئۆز ۋارىيانتىنى ياراتقان ياكى ياراتمىغانلىقى
بىلەن ئۆلچىنىدۇ»① پەقەت بىر داستاننىڭ مەۋجۇت
بولغان بارلىق ۋارىيانتلىرىنى. پاراللېل ھالدا
ئۆزئارا تەپسىلىي سېلىشتۇرغاندىلا، شۇ داستاننىڭ
مەزمۇن ماھىيىتى ۋە تارىخىي تەرەققىياتى ھەققىدە
ئىشەنچلىك خۇلاسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. لېكىن
بىزدە ھازىرچە بىر داستاننىڭ پەقەت بىر نۇسخى-
سىنى ئېلان قىلىپ، باشقا ۋارىيانتلىرىنى ئېلان
قىلىشقا زېمىن ياراتالماي كېلىۋاتىدۇ. بۇ ھال

① قوڭراتباييوپ «قازاقنىڭ قوزى كۆرپەش جىرى» توغرىسىدا ئالمۇتا،
1959 - يىل نەشرى 18 - بەت.

داستانلار ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا زور قىيىنچىلىق تۇغدۇرماقتا. تۈركىيە فولكلورشۇناسلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، «گور ئوغلى» داستانىنىڭ خەلقئارا 40 نەچچە خىل ۋارىيانتى بارلىقى مەلۇم.

مەسىلەن «غېرىب - سەنەم» داستانىنى ئالساق ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ۋارىيانتلىرى بىزگە مەلۇم.

(1) «شاھ سەنەم ۋە شاھ غېرىب»—ھىجرىيە 1290-يىلى (مىلادى 1873 — 1874) قەشقەردە كۆچۈرۈلگەن، قول يازمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قانچە ۋاراق كەم. س. س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

(2) «شاھ سەنەم ۋە غېرىب» (ھاجى يۈسۈپ كۆچۈرگەن 1500 مىسرا 68 ناخشا ھازىر لېنىنگراد كۇتۇپخانىسىدا)

(3) «غېرىب—سەنەم» — (شەمشىدىن ئېلان قىلغان) قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەركىزىي ئىلمىي كۇتۇپخانىسى. 260 ۋاراق بولۇپ 439 مىسرا، 26 ناخشا.

(4) «غېرىب — سەنەم» (ئەرشىدىن مەمەتنىيازوپ) قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق شۆبىسىنى 1964 - يىل كەتمەندىن يېزىپ ئېلىنغان قول يازما.

(5) «غېرىب—سەنەم» (شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات

(فاكۇلتېت كىتابخانىسى. قول يازما 28 - بەت 56 ۋاراق)

(6) «ئاشىق غېرىب ۋە شاھ سەنەم» (ئۆزبېكىستان س. س. س (پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى 1956 - يىل نەشرى)

(7) «شاھ سەنەم ۋە غېرىب» (ئاشخابات 1940 -، 1948 - يىللىرى)

(8) «ئاشىق غېرىب» (ئىلى ھايات نەشرىياتى ئالمۇتا 1955 - يىل)

(9) «ئاشىق غېرىب» (كاۋكازنۇسخىسى XIII ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن 1892 - يىل نەشرى)

(10) «غېرىب بىلەن شاھ سەنەم» (ئەزەربەيجان ئانا تولوگىيىسى 1939 - يىل نەشرى)

(11) «غېرىب — سەنەم» يېڭىسار دىن تېپىلغان قول يازما (شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسى) يۇقىرىقىلار دىن باشقا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيې ۋە يەرلىك قەدىمكى كىتابلارنى ساقلاش ئورۇنلىرىدا مەزكۇر داستاننىڭ بىزگە مەلۇم بولمىغان قوليازما نۇسخىلىرى بار.

چەت ئەل ئالىملىرى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ۋارىيانتلىرىنى توپلاش ۋە نەشر قىلىش ئىشىغا XIX ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدىن باشلاپ كىرىشكەن. تۈركلوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى روسىيىلىك ۋ. ۋ. رادلوپ «ھەمراھ» (ھۆرلىقا — ھەمراجان)، «شېرىن»، «بوزكۆرپەش»، «چىن تۆمۈر باتۇر»،

«تاھىر پاشا بىلەن زوھرا خانىم» قاتارلىق داستان-
لارنىڭ پروزا شەكلىدىكى ترانسكرىپسىيە ئۇسۇلى
بىلەن يېزىلىپ، شىمالىي تۈركىي خەلقلىرىنىڭ
ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق كىتابىغا كىرگۈز-
گەن. (1886 - يىل). ن. ن. پانتاسوپ ئۆزىنىڭ
«تارىخىي خەلق ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» (1909 -
يىل) ناملىق كىتابىغا بىلال نازىمى توپلىغان
«چىن تۆمۈر باتۇر»، «تىبىب پاشا بىلەن زوھراخان»
ۋە «نوزۇگۇم» قاتارلىق داستانلارنى كىرگۈزگەن.
ئاتاقلىق سوۋېت تۈركلوگى س. ي مالوپ «ھەمراجان
ھەم قۇش» نامى بىلەن ئاتالغان «ھۆرلىقا» داستانى-
نىڭ پروزا شەكلىدىكى ۋارىيانتىنى ترانسكرىپسى-
سى ئۇسۇلى بىلەن يېزىپ «ئۇيغۇر تىلى»
(1954 - يىل) ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلغان.

گېرمانىيىلىك P. راكتىت 252 مىسرالىق «تاھىر —
زوھرا» داستانىنىڭ قەشقەردە كۆچۈرۈلگەن بىر
ۋارىيانتىنى ترانسكرىپسىيەلەپ نېمىسچە تەرجىمىسىنى
قوشۇپ 1930 - يىلى نەشىر قىلدۇرغان. تۈركلوگ
گ. ياررىڭ «تاھىر — زوھرا» داستانىنىڭ خوتەن
ۋارىيانتىنى — «تىرە ۋە زورە» نىڭ ترانسكرىپسى-
يىسى بىلەن ئىنگلىز تىلىغا قىلغان تەرجىمىسىنى
قوشۇپ 1946 - يىل لوندوندا ئېلان قىلغان.
ئۇندىن باشقا س. ئولدىنبورگ، ن. پېتروۋىسكى قاتار-
لىقلار تەرىپىدىن توپلانغان ئۇيغۇر خەلق داستان-
لىرىنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى 15 جىلدىن ئارتۇق.

بولۇپ ھازىر س. س. س. ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى
شەرقشۇناسلىق شۆيىۋەنىنىڭ لېنىنگراد بۆلۈمىدە
ساقلانماقتا. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى داستان-
لارنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرىنى توپلاش ۋە نەشىر
قىلىش ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا كەم بولسا بولماي-
دىغان ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ.

## ئۈچىنچى تارىخىي تەتقىقات مەسىلىسى:

بىز داستانلارنى ئومۇملۇق جەھەتتىن خەلقنىڭ
پوئېتىك تارىخى دەپ ھېسابلايمىز.

بۇنداق دېيىشىمىزگە ئاساس بولغان نەرسە شۇكى
بىرىنچىدىن خەلق داستانلىرى بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچى-
دىكى قەھرىمانلىق داستانلىرى ۋە تارىخىي داستان-
لار شۇ خەلقنىڭ تارىخى بىلەن چەمبەرچاس
باغلانغان ھالدا تارىخىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈر-
گەن. ئىككىنچىدىن، داستان بىر خىل ئەدەبىي ژانىر
سۈپىتىدە توقۇلما ۋە تەسەۋۋۇر ئارقىلىق تۇرمۇشنى
ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەر
قانداق داستانلاردا مۇقەررەر ھالدا تارىخىي چىنلىق
بىلەن ئەپسانە، پاكىت بىلەن توقۇلما بىر-بىرىگە
چېتىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ نەق
تارىخنىڭ ئۆزى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن
داستان ژانىرىنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانلىرىنى
كۆزدىن كەچۈرگەندە، ئۇنىڭ باشقا ژانىرلارغا
قارىغاندا تارىخقا تولىمۇ يېقىنلىقىنى ھېس قىلىمىز.

ھەتتا ئەنە ئۇ، خۇددى ماركس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «تارىخىي ھۆججەت بولمىغان بىلەن خەلقلەر تارىخىنى پوئېتىك جەھەتتىن ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.» شۇڭا داستانلارنىڭ ئومۇمىي ماھىيىتىنى ئەتراپلىق شەرھلەش ۋە ئۇنىڭ فولكلور ساھەسىدىكى ئورنى ۋە رولىنى ئىلمىي ھالدا كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە تارىخىي تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش لازىم.

تارىخىي تەتقىقات فولكلورشۇناسلىقتىكى بىر قەدەر مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە خىزمەت بولۇپ، ئۇ ھامان بىرەر پارچە ئەسەرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى كونكرېت ماددىي ئاساس ۋە تارىخىي پاكىتلار بىلەن دەلىللەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىزگە مەلۇمكى ھەرقانداق بىر پارچە خەلق داستانى بىرلا تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. خەلق ئارىسىدا ئەڭ دەسلەپ بىرەر داستان ئۈچۈن خام ئەشيا بولغان مەلۇم رىۋايەت ياكى تارىخىي ئەپسانە پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۇنى خەلق ئىچىدىكى نامسىز سەنئەتكارلار (داستانچىلار) پىششىقلاپ ئىشلەپ تېخىمۇ بېيىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ خېلى ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ھەم ئۇ، نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولۇپ، «داستان» دېگەن ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرىدۇ. داستانلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تارىخىي تەتقىقات، مانا شۇ تارىخىي جەريانلارنى پاكىتلىق ۋە سىستېمىلىق ھالدا يېشىپ

بىرىپ، شۇ داستاننىڭ پەيدا بولۇش دەۋرىنى، ئۇنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىزدە تېخى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى تولۇق ئۆگىنىلمىدى. بۇ ساھەدە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىز تەلەپتىن تولىمۇ يىراق. ئايرىم تەتقىقاتچى يولداشلىرىمىز بەزى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تارىخى ئۈستىدە دەسلەپكى مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي ياكىتلىرى ئىشەنچلىك ۋە قايىل قىلارلىق ئەمەس.

«ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ تارىخىي دەۋرى ھەققىدىكى بەزى مۇلاھىزىلەردە، ئۇنىڭ پەيدا بولغان تارىخىي دەۋرىنى نامەلۇم ئۇيغۇر كاتىپى تەرىپىدىن يېزىقتا ئېلىنغان. XIII ئەسىر ئاىرلىقىغا باغلاپ چۈشەندۈردى.

مۇنداق قاراش تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى «ئوغۇزنامە»دە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش كارتىنىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ پەيدا بولغان دەۋرىدىن تارتىپ كېيىنكى زامانلاردا خاتىرىگە ئېلىنىشىغا قەدەر ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياننىڭ ئۆتكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم

1981 - يىلى يازغان بىر مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالەمدە «غېرىب — سەنەم» داستانلىرىنىڭ بەزى چاپى نۇسخىلىرىدا شاھ ئابباس خاننى قاراخانىلار ھاكىمىيىتىگە تەئەللۇق بولغان بىر پادىشاھ سۈپىتىدە تىلغا ئالغانلىقى ھەمدە داستاندا غېرىبقا ئۇستاز

بولغان جۆنەيدىل باغداتنىڭ IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىگە قاراپ، مەزكۇر داستاننىڭ پەيدا بولغان تارىخىي دەۋرى X ئەسىر ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن دېگەن يۈزەكى پىكىرىم-نى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. لېكىن «غېرىب — سەنەم» داستانىنىڭ ئوخشاشمىغان ۋارىيانتلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ بۇنىڭدىكى ۋەقەلەر ۋە پېرسوناژلارنى تارىخىي هالدا چوڭقۇر مۇهاكىمە قىلىپ كۆرسەتسەك، يۇقىرىقى پىكىرنىڭ ئىلمىي جەهەتتىن پۇت تېرەپ تۇرالمايدىغانلىقى سېزىلىدۇ. «غېرىب — سەنەم» داستانىنىڭ هەممە ۋارىيانتلىرىدا پۈتكۈل ۋەقە-لەر شاهى ئابباسنىڭ ئوردا هاياتى بىلەن باغلىنىدۇ. شۇڭا شاهى ئابباسنىڭ تارىخى مەزكۇر داستا-نىڭ تارىخىي دەۋرىنى بېكىتىشتە هەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ شاهى ئابباسنىڭ 1587 — 1627 - يىللىرى ياشىغان ئىران شاهى ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتساق، «غېرىب — سەنەم» داستانىنىڭ تېپىلىپ چىقىشىنى XVII ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئەزەربەيجانلىق ئالىم ئەهمەت ئارەسلى بىلەن ئۆزبېك ئالىمى ۋاهىد ئابدۇللايېۋلارمۇ بۇ داستاننىڭ دەسلەپكى سۆڭگىكى - XVI ئەسىردە ئۆتكەن غېرىب تەخەللۇسلۇق مەلۇم بىر شائىرنىڭ هىجران تېمىسىدىكى شېئىرلارنى قوراشتۇرۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.①

① ئابدۇللايېۋ A B، «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى» تاشكەنت 1967 - يىل 43 - بەت.

لېكىن بۇ «غېرىب» تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ كىم ئې-
كەنلىكى ھەققىدە ھازىرغىچە ھېچقانداق مەلۇمات يوق.
شۇڭا يۇقىرىدىكى پىكىرلەرنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكىلى
بولماس. يەنە بەزى يىرىك ھەجىملىك داستانلارنىڭ
شەكىللىنىشى ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋرنى
ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا. ئۇنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىي
دەۋرىنى بېكىتىش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ دەرھال
ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداق داستانلار-
دىكى تارىخىي چىنلىق ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
ئەپسانە تۇمانلىرى ئارىسىدا ئەسلىدىكى ئىزىنى يوقات-
قان. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارتىپ يېقىن
شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرقتە ئىنتايىن كەڭ تارقالغان
«گور ئوغلى» تۈركۈمىدىكى داستانلار تەخمىنەن 40
تىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى داستانلاردا ئوت-
تۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنقى
ۋەقەلىكلەر ۋە خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى ئەپسانە-
رىۋايەتلەر تەسۋىرلەنگەن. بەزىلىرىدە مۇندىن 3 — 4
ئەسىر بۇرۇنقى ۋەقەلىكلەر سۈرەتلەنگەن. داستاننىڭ
زاكافكازىيە ۋە يېقىن شەرق نۇسخىلىرىدا گور ئوغ-
لىنى ئىران شاھى ئاببا س I نىڭ (مىلادى 1585 —
1628 - يىللار) زامانىدىشى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئى-
ران تارىخچىسى ئەرەكەل تەبرىزنىڭ (ۋاپاتى 1670 -يىلى)
كۆرسىتىشىچە شاھ ئاببا س ۋە تۈركىيە سۇلتانىغا قار-
شى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلەرنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى
گور ئوغلى بولغانلىقى مەلۇم. «گور ئوغلى» نىڭ

ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان نۇسخىلىرىدا (جۈملىدىن
«مىراس» نىڭ 1983 - يىلى 1 - سانىدا ئەرشىدىن
تاتلىق تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان «ئىمىر گور ئوغلى»
ناملىق نۇسخىدا) گور ئوغلىنى قاراخانىلار سۇلالىسى-
نىڭ خانلىرىدىن بىرى بولغان قاراخان بىلەن باغلايدۇ. ئۇن-
داقتا، «گور ئوغلى» تۈركۈمىدىكى داستانلارنىڭ تارى-
خىي دەۋرى 4 — 5 ئەسىر ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. شۇ-
ڭا مۇنداق ئوخشاشمىغان پىكىرلەرنى ئۆز ئارا سېلىش-
تۇرۇپ يېتەرلىك تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ
بەرگەندىلا ئاندىن ئۇ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.
تەجرىبە ساۋاقلاردىن قارىغاندا داستانلار ئۈستىدە
تارىخىي مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە، سالماقلىق بىلەن
ئەتراپلىق ئىزلىنىش ناھايىتى مۇھىم. شەكلەن ھادى-
سىلەرگە قاراپلا سۇبيېكتىپ ھېسسىيات بويىچە ھۆ-
كۈم قىلىۋېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. ھەر قانداق
تارىخىي تەتقىقات ئىشەنچلىك تارىخىي مەنبەلەرگە
ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي ئاساسقا تايىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەم-
مىسى كونكرېتنى بولغان تەتقىقات ئوبيېكتى — (كونكرېت
ئەسەر) نى گەۋدە قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئوبيېكتنىڭ
ئەينەنلىكىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋەتمەسلىكىنى تە-
كىتلەش شۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنىڭ مىنىموم تەلەپلى-
رىدىن بىرى، ۋەھالەنكى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى
بويىچە يۈرگۈزۈلگەن تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ ئاستا -
ئاستا كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ توپلان-
غان ۋە نەشر قىلىنغان خەلق داستانلىرى ئېغىر دە-

ۋىجدانى ئۆزىنىڭ ئەينەنىلىكىنى يوقاتقانلىقىنى، تولى-
مىز قارامىلىق بىلەن سۈتكە سۇنى ئارىلاشتۇرغانىدەك
داستانلارنىڭ ئەسلى تېمىلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى-
مىزنى چۈشەنگۈر ھېس قىلالمايتتىمىز. يېقىندىن بۇيان
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئەينەن خاتىرىلەش، ئەتراپى-
لىق توپلاش، سالماقلىق بىلەن رەتلەش مەسىلى-
سى ھەققىدە كۆپلىگەن ئاكتىپ تەشەببۇسلار ۋە ئىلى-
مىي مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ كىشىلەرنىڭ دىقق-
قەت ئېتىبارىنى قوزغىدى ۋە قوزغىماقتا. مەن بۇ
پرىنسىپلارنى بۇندىن كېيىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملارنىڭ ئىلمىي
ئەخلاقىنى ئۆلچەيدىغان بىر مىزان دەپ قارايمەن.
شۇنداق قىلغاندىلا ئېلىمىزنىڭ داستان تەتقىقات سە-
ۋىيىسىگە يېتىشكىلى ۋە بۇ جەھەتتە بۆسۈش خاراك-
تېرلىك نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئىشىنىمەنكى
بۇ ساھەدە تاشلانغان تۇنجى قەدەم ئۇيغۇر خەلق
داستانلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ مۇقەددىمىسى
بولۇپ، ئۇزاقتا قالماي تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا
كۆتۈرۈلگۈسى.

# ئۇيغۇر ئەلنەغمە تىياتىر سەنئىتى توغرىسىدا

يېقىندىن بۇيان ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتى ھەققىدە قانات يېيىۋاتقان مۇھاكىمە ۋە مۇلاھىزىلەردە، ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتى ئاساسەن 30 - يىللاردىن كېيىن، تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، 1934 - يىلىدىكى «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن بارلىققا كەلگەن، دېگەن بىر خىل قاراش بىر قەدەر كەڭ ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە. ھەتتا يەنە بەزى سورۇنلاردا «ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتى پەقەت ئازادلىقتىن كېيىن رەسمىي بارلىققا كەلدى» دېگەن شەكلەن پىكىرلەرمۇ مەۋجۇت. دەرۋەقە، بۇ قاراشلار پەقەت بىر قەدەر زامانىۋى خاراكتېردىكى مەخسۇسلاشقان ئۇيغۇر تىياتىر ئۆمەكلىرىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىدىلا ئاساسلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېچىتقۇسى بولغان ئۇيغۇر خەلق ئاغزاكى تىياتىر سەنئىتى (ئەلنەغمە ئەدەبىياتى) نىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. ياكى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېتىبارسىز قارايدۇ.

مەلۇمكى، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ھەر قاي-

سى ئەدەبىيات - سەنئەت تۈرلىرى شەكىللىنىش، ئۆ-
سۈش ۋە راۋاجلىنىش باسقۇچلىرىنى ئۆز بېشىدىن
ئۆتكۈزدى. مۇنداق تەبىئىي گارمونىك ئىزچىللىق ۋە
ئورگىنالىلىقتىن مۇستەسنا ھالدا بىر خىل سەنئەت
تۈرىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى چۈشىنىش مۇمكىن
بولمىغىنىدەك، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىياتىر سەن-
ئىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان خەلق ئارىسىدى-
كى قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەنئەنىۋى تىيا-
تىر (مەدداھلىق - غەزەلخانلىق ئەدەبىياتى) نىڭ تا-
رىخىي جەريانلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇ-
سىيەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا زادى بول-
مايدۇ. چۈنكى، ئەلنەغمە تىياتىر شۇ خەلقلەرنىڭ
ھازىرقى زامان تىياتىر سەنئىتىنىڭ بىخى ۋە ئې-
چىتقۇسى. خۇددى «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئە-
دەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى» (م. گوركىي) بولغىنىدەك،
خەلقنىڭ ئەنە شۇ ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە يارات-
قان خىلمۇخىل ئەلنەغمە تىياتىرلىرى بۈگۈنكى
زامانىۋى تىياتىر سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆ-
سۈشىگە ماددىي ۋە مەنىۋى ئاساس بولدى. مانا شۇ
مۇھىم نۇقتىنى ئېتىراپ قىلغانىدا، ئۇيغۇر تىياتىر
سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانلىرىنى قانداقتۇر
نوقۇل ھالدا بىرەر تىياتىر ئۆمەكلىرىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخى-
دىن ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى تۈۋرۈكى بول-
غان خەلق ئەلنەغمە تىياتىرلىرىنىڭ مۇنبەت سەھنى-
سىدىن ئىزدەش كېرەك. ئا. ن. ئوستروۋىسكىي:

«تىياتىر — بىر مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ مۇكەممەللىنىش بەلگىسىدۇر» دېگەن ئىدى. بۇ ھال بىر جەھەتتىن، تىياتىر پۈتكۈل سەنئەت ئىچىدە ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك بىر خىل سەنئەت تۈرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىياتىر سەنئىتى تارىخى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىگە ئەستايىدىل ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى. شەكلەن ھادىسىلەرگىلا قاراپ ئۇنىڭ تارىخىدىن يەڭگىللىك بىلەن يەكۈن چىقىرىۋەتمەسلىك لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز ئەنە شۇ مەقسەتتە. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەلنەغمە تىياتىرى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان تىياتىر سەنئىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە دەسلەپكى مۇلاھىزىمىزنى ئوتتۇرىغا قويماقچى. چۈنكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەلنەغمە تىياتىرلىرىنىڭ تارىخىي جەريانلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىش ماھىيەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىنى مۇھاكىمە قىلىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ياراتقان پارلاق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋە بۇ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت قوشۇنىدا يېتەكچىلىك رول ئوينىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا

مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى مۇ-
ھاكىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئۇنىڭ بىر ئۇ-
لۇشى بولغان ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەلنەغمە تىياتىرلى-
رىنىڭ ئومۇمىي جەريانلىرىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆ-
تۈش ئەلۋەتتە پايدىلىق دەپ قارايمىز.

## 1

«ئەلنەغمە» — «ئەل» ۋە «نەغمە» دىن ئىبا-
رەت ئىككى تۈپ سۆزدىن بىرىككەن ئاتالغۇ بولۇپ،
ئۇ، ئومۇمەن خەلق ئاغزاكى تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئور-
تاق نامىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبى-
ياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان بىر
خىل تۈر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

لېكىن بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «ئەلنەغمە»
ئومۇمەن ئويۇن كۆرسىتىش كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.
تىل سەنئىتى ھېسابلانغان ئەدەبىي ئىجادىيەت نۇقتى-
سىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى تولۇق مەنىسى بىلەن
«مەدداھلىق - غەزەلخانلىق ئەدەبىياتى» دەپ ئاتاش
مۇۋاپىقراق.

نەزمى نەسرى ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئور-
تاق ئالاھىدىلىكلىرىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان
«مەدداھلىق - غەزەلخانلىق ئەدەبىياتى» ھەم ھېكايە
قىلغىلى ھەم مۇزىكىلىق ھالدا ناخشا قىلىپ ئېيتقىلى
بولىدىغان دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ-

نىڭ ھەر قايسى مىللەت ۋە خەلقلەر ئارىسىدىكى ئىپا-
دىلىنىش شەكىللىرى بىر - بىرىدىگە ئوخشىمايدۇ.
مەسىلەن، تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خەنزۇ
خەلقىنىڭ ئارىسىدىكى ئەلنەغمە تىياتىر خىللىرى تەخ-
مىنەن 400—500 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇ شەكىللەرنىڭ ھەر
بىرى قويۇق مىللىي ۋە يەرلىك پۇراققا ھەمدە ئۆز-
زىگە خاس سەنئەت قانۇنىيەتلىرىگە ئىگە. ئەنە شۇ
ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە قاراپ، ئۇلارنى
تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. (1) ھېكايە قىي-
لىش ئاساس قىلىنغان خەلق قىسسىلىرى تۈرى. (2)
دېكلاماتسىيە ئاساس قىلىنغان كۆيشۇ ۋە كۆيىبەن
قوشىقى تۈرى. (3) ناخشا ئېيتىش ئاساس قىلىنغان
غەزەلخانلىق نەزمىلىرى تۈرى. (4) دېئالوگ ئاساس
قىلىنغان شياڭشىڭ تۈرى. خەنزۇ ئەمگەكچىلىرى
ئۆزلىرىنىڭ مانا شۇنداق مول ۋە رەڭگىمۇرەڭ
بولغان «مەدداھلىق - غەزەلخانلىق ئەدەبىياتى» ئار-
قىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىنى
«غەربكە ساياھەت»، «سۇ بويىدا»، «ئۈچ دۆلەت ھەق-
قىدە قىسسە»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» قاتارلىق
نادىر كلاسسىك ئەسەرلەر ئىچىدىكى ئەھمىيەتلىك ۋە
قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى قايتىدىن پىششىقلاپ ئىشلەپ
دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ئەلنەغمە تى-
ياتىرلىرىغا ئايلاندۇرغان. ھەمدە كۆپ خىل كۆيىبەن
قوشاقلىرى ۋە شياڭشىڭلارنى ئىجاد قىلىپ، ئېلىمىز-
نىڭ مىللىي تىياتىر سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تە-

رەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس ياراتقان. بولۇپمۇ، ئېلىمىزنىڭ چەت - چېگرا رايونلىرىدا ياشىغۇچى قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدا يەرلىك مىللىي ئەلىنەغمە تىياتىرلىرى نىسبەتەن كەڭ ئومۇملاشقان ۋە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇلارنىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋە سەنئەت ئارزۇسى ئەنە شۇ ئەلىنەغمە تىياتىرى ئارقىلىق مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئېتىلگەن. مۇنداق دېيىشىمىزنىڭ ئەلۋەتتە مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساسلىرى بار؛ بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، چېگرا رايونلاردا ياشىغۇچى خېلى كۆپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقتىچە يازما ئەدەبىياتى بولمىغان. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئەدەبىيات سەنئىتى ئاغزاكى ئەدەبىيات بولۇپ، بۇ مول سەنئەت مىراسلىرىنى ساقلاپ قېلىشتا ۋە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ بېرىشتە ئۇلارنىڭ ئەلىنەغمە تىياتىرلىرى (مەدداھلىق - غەزەلخانلىق ئەدەبىياتى) كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئۆتمۈش جەمئىيەتتە كىنوچىلىق ۋە تىياتىرچىلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تۆۋەن بولغاچقا، يېزا - قىشلاق ۋە چەت جايلاردا ياشىغۇچى بۇ خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى. ئاساسەن ئۇلارنىڭ يەرلىك مىللىي ئەلىنەغمە تىياتىرلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق زېمىن ھازىرلاپ بەردى ۋە مەخسۇس ئەلىنەغمە بىلەن شۇغۇللانغۇچى كۆپلىگەن تالانتلىق مەدداھلار ۋە غەزەلخانلارنى يېتىشتۈردى. شۇنىڭ بى-

لەر ژلارنىڭ تويى - تۆكۈن مۇراسىملىرى، مىللىي
ھېيت - بايراملىرى. سەيلە ۋە باشقا پائالىيەتلىرى-
نىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەلنەغمە تىياتىرلىرىسىز
ئۆتكۈزۈلمەيدىغان جۇشقۇن ۋەزىيەت شەكىللەندى.

جۇاڭزۇلارنىڭ «مۇساك»، موڭغۇللارنىڭ «خولبا»
قازاقلارنىڭ «ئۆلەڭ»، قىرغىزلارنىڭ «ئىر» لىرى شۇ
خەلقلەر ئارىسىدىكى ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان غەزەلخان-
لىق تىپىدىكى ئەنئەنىۋى ئەلنەغمە تىياتىرلىرى بو-
لۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە
قانۇنىيەتلىرى بار. بىز بۇ يەردە پەقەت ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئارىسىدىكى ئەلنەغمە تىياتىرلىرىنىڭ تۈرى، شەك-
لى ۋە ئېتىنىك خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدىلا قىسقىچە
توختىلىپ ئۆتەيلى:

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئەل-
نەغمە تىياتىرلىرىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق دە-
ۋرلەردىن باشلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن 2000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا شىن-
جاڭدا بىر قەدەر مۇقىم ھالەتتىكى دراما تىياتىر-
لىرى ئويلىنىشقا باشلىغان. «مايتىرىسىمىت» ئەنە شۇ
قەدىمكى ئۇيغۇر دراملىرىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى. ئۇ،
«ئېلىمىزدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى دراما قوليازـ
مىلىرى ئىچىدە يىل - دەۋرى ئەڭ ئۇزاق بولغان،
توخرى تىلىدا ئىجادقىلىنىپ، تۈركىي تىلىغا تەرجى-
مە قىلىنغان كۆپ كۆرۈنۈشلۈك يىرىك سەھنە ئەسە-

ری» ① بولۇپ. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا
بىر مۇھىم نامايەندە ھېسابلىنىدۇ.

«مايتىرىسىممىت» ناملىق بۇ يىرىك سەھنە ئەسە-
رىدە ھىندىيانا بۇددا مەزھىپىنىڭ ئەڭ چوڭ بۇتساتى-
ۋاسى مايترىيانىڭ بۇددا بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ئوب-
رازلىق تۇردە ھېكايە قىلىنىغان ۋە 27 كۆرۈنۈش
(پەردە) گە ئايرىلىپ. ئەينى دەۋردىكى بۇددا مە-
دەنىيىتىنىڭ مۇھىم ئوچاقلىرىدىن بولغان ئۇدۇن (خو-
تەن)، كىزىسەن (كۇچا)، يەنجى (قارا شەھەر) ۋە
كېيىنرەك ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن كوچا تىليا-
تىرى قىلىپ ئوينالغان ئىدى.

«مايتىرىسىممىت» نىڭ يەنجىدىن تېپىلغان توخ-
رىچە نۇسخىسىنىڭ خاتىمىسىدە: «ئاگىنىدىش ئۇلۇستا
تۇغۇلغان ئارىيا چانتىرى بۇ دىسۋات كىشى ئاچارى ئەنەتكەك
تىلىدىن توخرى تىلىنچە ياراتمىش. پىرتانداكشت
كر نۇۋازك تۈرك تىلىنچە ئەۋرمىش مايتىرىسىممىت نوم
بىتىك» (يەنجى ئېلىدە تۇغۇلغان بۇددىزم ئۇستازلى-
رىدىن ئارىيا چانتىرى ھىندىستان تىلىدىكىگە ئاسا-
سەن توخرى تىلىدا ئىجاد قىلغان. پىرتانراكشىت
كرانۇۋازك تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان مايتىرىسى-
ممىت) دەپ يېزىلغان.

بۇ خاتىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، «مايتىرىسىم-
مىت» نىڭ پەردىلەرگە ئايرىلىپ دارما شەكلىگە

---

① قۇربان ۋەلى: «مايتىرىسىممىت» ۋە «توخرى تىلى» شىنجاڭ گېزىتى 1982-
يىلى 12 - ئاينىڭ 21 - نومۇرىدىكى سانىدا قارالسۇن.

كەلتۈرۈلگەن توخرىچە نۇسخىسى قارا شەھەر ئۇيغۇر-
لىرى تەرىپىدىن يارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر
بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تەۋەررۇكلىرى
قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

مەلۇمكى، ھەر قانداق مىللىي سەنئەت شۇ خەلق-
نىڭ مىللىي ھاياتىنىڭ ئىنكاسى. ئۇ، شۇ خەلقلەر-
نىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان تۇر-
مۇش ئۇسۇلىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ،
شۇ خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئۆرپ - ئادى-
تىنى، پسىخىكىسىنى، ئېتنوگرافىك ئالاھىدىلىكلىرىنى
ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇيغۇر ئەلنەغمە تىياتىرىنىڭ تارى-
خىي بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئۇنىڭ گەۋدىسى يەر-
لىك ناخشا - ئۇسسۇل، نەغمە - مەشرەپلەرنىڭ كۆپ
ئەسىرلىك تەرەققىياتى جەريانىدا يەرلىك دراما
تىياتىرىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى
بويىچە مۇكەممەللىشىپ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ۋە ئەۋلاد-
تىن - ئەۋلادقا ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىدۇ. ئېنگېلس:
«نېمىس خەلق ئىجادىي ئەسەرلىرى» دېگەن ماقالى-
سىدە، خەلق تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغان ئەلنەغمە
تىياتىرلىرىنىڭ رولى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئاغزاكى
دراما ئەسەرلىرىنىڭ ۋەزىپىسى كۈن بويى ئېغىر
ئىشلاردا يۈرۈپ، كەچكە يېقىن چارچاپ قايتقان ئەمە-
گەكچىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش، روھلاندۇرۇش، ئۇ-
نىڭ ئېغىر ئەمگىكىنى يەڭگىللىتىپ تەشنا دېڭىزىنى
چىمەنلىك باغقا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىشتىن

دەرمانى قورىغان مالايىنىڭ ھالىدىن كەتكەن كەيپىياتىنى پوئېزىيە يالقۇنىنىڭ ئالتۇن ئۇردىسىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ مۈگدىگەن ئىگىسىنى سەگەكلەشتۈرۈش بىلەن، ئۆز كۈچىنى، ئۆز ئىقتىدارىنى، ئۆز ئەركىنلىكىنى تونۇتۇش، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى ۋەتەنگە بولغان سۆيگۈسىنى ئويغىتىشتىن ئىبارەت ① دېگەن ئىدى.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر ئەلنەغمە تىياتىرلىرىنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى ۋە تەرەققىيات جەريانلىرىنى كۆزدىن كەچۈرسەك، ئۇنىڭمۇ ئېنگېلس كۆرسەتكەن ئەنە شۇ مەقسەت ئۈچۈن كەلگەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە 1963 - يىلى 4 - ئىيۇنغىچە ئامېرىكىنىڭ ئىندىيانا داشۆسىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئالتايشۇناسلار دائىمى كونفېرېنسىيەسىدە ناپىلىس داشۆسىنىڭ پروفېسسورى ئا. بومباچىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «قەدىمكى تۈرك دراما ئويۇنلىرى» ناملىق ماقالىسى تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ. ② تۈركشۇناس بومباچىنىڭ مۇھاكىمىسىدە ۋە ئىستانبولدا بېسىلغان «تۈرك تىياتىر تارىخى» (*Tnrkt ıatrosutarihi*) دېگەن كىتابتا كۆرسەتكىنىدەك، قەدىمكى ئۇيغۇر تىياتىرلىرى (ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى) بىرىنچىدىن، شۇ خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ -

① «قازاق ئەدەبىياتى تارىخى» ئالمۇتا نەشرى 21 - بەت.

② ئالتايشۇناسلار دائىمى كونفېرېنسىيەسىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى. ئېنگلىزچە نەشرى. 23 - يىل.

ئادەتلىرى ۋە ئېتنىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن، ئىك-
كىنچىدىن، بۇددىزمنىڭ ئىدىيىۋى ئىشەنچلىرى بى-
لەن، ئۈچىنچىدىن، قويۇق مىللىي ناخشا-ئۇسسۇل
ۋە مۇزىكا بىلەن بىر گەۋدە بولغانلىقىدەك ئالاھىدى-
لىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۇۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئەڭ
قەدىمكى دەۋرلەردىلا بىر مۇۋەپپەقىيەت يۈز بەرگەن-
دە، ئەر-ئايال جەم بولۇپ، مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ،
تەنتەنە قىلىدىغان ئادەت بولغانلىقى مەلۇم. «ئوغۇز-
نامە» ئېپوسىدىكى ئوغۇز خاقان جەڭ غەلىبىسىدىن
كېيىن ئەل-جامائەتنى تەكلىپ قىلىپ بەرگەن «ئۇ-
لۇغ توي» مۇراسىمىدىكى پائالىيەتلەر بىزگە ئۇيغۇر
ئەلنەغمە-تىياتىرلىرىنىڭ دەسلەپكى شەكلىنى ئە-
سلىتىدۇ.

V — VI-ئەسىرگە ئائىت «ۋېي يىلنامىسى گاۋ-
چى تەزكىرىسى» دە «گاۋچى (قەدىمكى ئۇيغۇرلار) نىڭ
ئۆرپ-ئادىتى ئۈستىدە توختالغاندا: «ئۇلارنىڭ قە-
بىلىلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ مۇراسىم ئۆتكۈزگەندە
جەم بولغانلار نەچچە تۈمەن بولاتتى. مال سويۇپ
ئات دەيگىسى قىلاتتى. ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايت-
تى.»① دېيىلىدۇ. مۇنداق ئەلنەغمە مۇراسىملىرى شىن-
جاڭ مىڭ ئۆيلىرىنىڭ تام سۈرەتلىرىدىمۇ روشەن ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن. ئەنە شۇ دەۋرلەردە بولۇپمۇ، مەدداھ-
لىق-غەزەلخانلىق تىپىدىكى ئەلنەغمىچىلىك بىلەن

① «ۋېي يىلنامىسى. گاۋچى تەزكىرىسى» 6-توم قارالسۇن.

كومېدىيە خۇسۇسىيەتكە ئىگە ھەر خىل قىزىقچىلىق ئويۇنلار راسا ئەۋجى ئالغان ئىدى.

«كۇسەندە ... ھەر يىلىنىڭ بېشىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان - «سۇ - مۇز ئويۇنى» دا① يۈزدىگە ھەر خىل نىقابلارنى تارتقان كىشىلەر گاھى غەيرىي - غەيرىي ھايۋانلارنىڭ، گاھى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ شەكلىگە كىرىپ، ئەر - ئاياللار جۈپ - جۈپ بىلەن ئويۇن كۆرسىتەتتى ۋە بۇ ئويۇن ناھايىتى قىزىق بولاتتى.»②

مىلادى 982 - يىلى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى ۋاڭ يەندى خاقان تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندا، «ئوردىدا چالغۇ ئەسۋابلىرى چېلىنىپ زىياپەت باشلاندى. ئاندىن كومېدىيىلىك قىزىقچىلىقلار كۆرسىتىلدى. بۇ، تاكى كەچقۇرۇنغىچە داۋام قىلدى.» ③ دەپ ئۆز خاتىرىسىدە بايان قىلغان.

بۈيۈك ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ ئۇيغۇر ئەلنەغمە تىياتىرلىرىنىڭ XI ئەسىردىن بۇرۇنقى بەزى كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسلىتىدى-

---

① «سۇ - مۇز ئويۇنى» تاڭ دەۋرىنىڭ تارىخچىسى خۈيلىننىڭ «مۇزىكا تەزكىرىسى» دېگەن كىتابىدا: «ھەر يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ 8 - كۈنى ئوينىلىدىغان.كونا يىلنى ئۇزىتىپ، يېڭى يىلنى قارشى ئېلىش ئويۇنى» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ئويۇننى ھايۋان قىياپىتىدىكى گىرىملىك كوچا تىياتىرى بولۇپ، كۇسەندە ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ «نورۇزبايرىمى» نىڭ تەدرىجىي شەكلىدىن ئىبارەت.

② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئۇيغۇرچە 240 - بەت.

③ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 40 - يىلى 490 - بەت (2).

ەن خاتىرىلەر ۋە شېئىرىي پارچىلار ئۇچرايدۇ. ئۇ، ئۆز ئەسىرىدە سوغدىچ (Soğdiq) ۋە سۇرچۇك (suı-pük) ئاتالغۇلىرىنى «قاتار بەزمە، قىش كۈنلىرى دوستلار ئارا نۆۋەت بىلەن بولىدىغان مەشرەپ، كىچىك - ئولتۇرۇش.»① دەپ ئىزاھلاپ، ئۇنى خەلق-لەر ئارىسىدىكى بىر خىل سەنئەت ئۆرپ - ئادەت ئەنئەنىسى سۈپىتىدە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. شۇنداقلا، «دىۋان» دا نەقىل قىلىنغان قوشاقلار ئىچىدىمۇ نەغ-مە - ساز بىرلەشكەن تىياتىر شەكلىنى ئالغان مەش-رەپ قوشاقلىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇ، مەسىلەن،

كۆكلەر قاموغ تۇزۇلدى،
ئۈرۈق، ئېدىش تىزىلدى،
سەنىسىز ئۆزۈم ئۈزۈلدى،
كەلگىل ئامۇل ئاۋنالىم.

يىگىتلەرنىڭ ئىشلەتۇ،
يىغاچ يېمىش ئىرغاتۇ،
قۇلان، كىيىك ئاۋلاتۇ،
بەزرەم قىلىپ ئەۋنەلىم.

ئوتور ئىچىپ قىقرالىم،
يۇقار قوپۇپ سەكرەلىم،
ئارسلانلار يۈكۈكرەلىم،
ساقىنچ قاچتى سەۋنەلىم.

① مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە، 1 - توم 593 - 624 - بەتلەر.

نەقىل قىلىنغان بۇ قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىدىن ئەر - ئايال بىرلىكتە نەغمە - ناۋا بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشىدىغان، مەشرەپ خاراكتېرىدىكى ئەلنەغمە شەكلىنىڭ، ئىسلام دىنىنى ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا تۇراقلىق بىر خىل ئەنئەنىۋى سەنئەت ئادىتىگە ئايلانغانلىقىنى چۈشىنىش مۇمكىن.

ئومۇمەن، تولۇق بولمىغان تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئەلنەغمە (دراما) ئويۇنلىرىنىڭ شەكلى ئۈچ خىل بولغانلىقى مەلۇم. بىرسى، دىن بىلەن (شامان، زەر دوشت، مانى، بۇددا) باغلانغان ھەر خىل سېھىرگەرلىك تېپىدىكى ئويۇنلار بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ئېتىدائىي ئەلنەغمە تىياتىرلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان قەدىمكىي دەۋرلەردە بىر قىسىم ئىلاھىيلاشقان پىرىخۇنلار مەيدانغا چىقىپ، دەسلەپكى ئەلنەغمە تىياتىرلىرىنىڭ باشلامچىسى سۈپىتىدە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا نىسبەتەن بەلگىلىك دەرىجىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ئىدى. «پىرىخونلار» دەپ ئاتالغان مۇنداق سەنئەتكارلار داقا - دۇمباققا تەڭكەش قىلغان ھالدا شامان ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل سېھىردىي ئويۇنلارنى، بەزىدە بىر - بىرىگە گۆل تۇتىشىپ پىر (ئۇسسۇل) ئوينىسا، بەزىدە لىرىكىلىق ۋە بايان خاراكتېرلىك ئېيتىشىشلارنى ئېيتىشاتتى. ئۇلار مەزمۇنغا باي، شەكلى جانلىق بولۇپ، زور دەرىجىدە جەلپ قىلىش ۋە

زوقلاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە ئىدى.

ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىجادىدىن نەمۇنە قالغان يازما ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. پەقەت تاڭ دەۋرىنىڭ تارىخچىسى سۈي لىجىن يازغان «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىسى» دا ئاشۇ تىپتىكى ئەلنەغمە تىياتىرلىرىدىن «گۈل پانۇس ئويۇنى»، «كۇسەن ئەلنەغمىسى»، «ئىۋىرغۇل ئەلنەغمىلىرى» نىڭ خاتىرىلىرىنىڭ تىزىملىكى كۆرسىتىلگەن.

ئىككىنچىسى، نىقابلىق ياكى ھايۋانات گىرىمىدىكى ھەر خىل ئويۇنلار. تىياتىر شەكلىدىكى بۇنداق ئويۇنلار كۆپرەك ھېيت - بايرام ۋە مىللىي مۇراسىملاردا ئويۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن. ھايۋانلارچە نىقابلىنىپ ئوينايدىغان بۇنداق تىياتىرلار قەدىمكى دەۋرلەردە، بولۇپمۇ، كۇسەن، يەنجى (قارا شەھەر) ئۇدۇن (خوتەن) دە ناھايىتى ئەۋج ئالغان. ئۇنىڭ ئىچىدە چېلىش ئويۇنلىرى، بۇقا سوقۇشتۇرۇش، شىر ئويۇنى قاتارلىقلار بولۇپ، زىبۇۋىسكىينىڭ «جۇڭگونىڭ قەدىمكى دراما تىياتىرلىرى ھەققىدە» (1962 - يىل) دېگەن ئەسەرىدە كۆرسىتىلىشىچە: «شەرقىي ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت زىچ بولغان دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق نىقابلىق دراما ئويۇنلىرى خەنزۇلار ئارىسىغا سىڭىشكەن. بۇ ئويۇنلاردا ئۇرۇش خۇداسى — بۇقىغا تەقلىد قىلىنغان. شۇڭا نىقابلىق بۇقا سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى ئۇرۇش خۇداسىنى ئەسلەش

شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلەتتى.» ①

قەشقەرلىك مەشھۇر بۇددا ئالىمى ئويىلان (مىلا-
دى 820 — 737) ئۆزىنىڭ «نوم سۆزلۈكلىرىنىڭ
شەرھىسى» ناملىق كىتابىدا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى
ھايۋانات نىقابىدىكى دراما ئويۇنلىرىنىڭ بىر خى-
لى بولغان «سۇ - مۇز ئويۇنى» نى تەپسىلىي تونۇش-
تۇرۇپ ئۆتكەن. ئۇ سۇ - مۇز غەربىي دىيار ئۇيغۇرلى-
رىنىڭ سۆزى بولۇپ، ئەسلى كۇسەندىن چىققان. ئۇ-
نىڭ ئۆز نەغمىسى ھېلىمۇ بار. ئۇ قونىتتۇر، دامىيەن،
باتۇر ئويۇنلىرىدەك يىرتقۇچ سۇرەتلىك. يا بولمىسا
جىن - ئەرۋاھلار سۈرىتىدە نىقاب تاقاپ ئوينىلىدۇ.
ھەر يىلى 1 - ئاينىڭ بېشىدا باشلىنىپ يەتتە كۈن
داۋام قىلىدۇ. ئەل ئىچىدىكى رىۋايەتتە بۇ خىل ئو-
يۇن خەلققە ئاپەت سالىدىغان جىن - شەيتانلارنى
قوغلاش ئويۇنى دەپ قارىلىدۇ» ② دەپ يازغان.

شائىدا ئەپەندىنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي دى-
يار ۋە چاڭئەن مەدەنىيىتى» ③ (唐代西域与长安文明)
ناملىق كىتابىدا «سۇ - مۇز» ئەسلىدە غوز
تىلى بولۇپ، مەنىسى نورۇز بېيىتلىرىدىكى مەپىلى-
نىڭ نامىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ھەددە تى-

① ئا. بومباچى: «قەدىمكى تۈرك ئويۇنلىرى» (ئىندىيانا داشۆسىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئالتايشۇناسلار ئىلمىي كونفېرېنسىيىسىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى» 23 — 89 - بەت.

② «شىنجاڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» ناملىق كىتابىغا قاراڭ!

③ شائىدا ئەپەندىنىڭ شۇ ناملىق كىتابىغا قاراڭ!

ياتىرلاشقان «سۇ - مۇز» ئويۇنلىرى ئىچىدە نىقابلىق
كومېدىيىلىك ئويۇنلار ۋە «سۇ تىلەش ئويۇنى» قاتارلىق
كۆپ خىل تىياتىر پائالىيەتلىرىنىڭ بولغانلىقىنى،
بۇ ئويۇنلارنىڭ ئەسلىدە غەربىي رايوندىكى كۇسەندە
بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئېيتقان.

ئۈچىنچى خىلى، توي مۇراسىملىرى ۋە مەشرەپ
پائالىيەتلىرىدىكى ئەلنەغمە تىياتىرلىرى؛

مەلۇمكى، قەدىمكى توي مۇراسىملىرى تىياتىر
سەنئىتى ئېلېمېنتلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدا مەلۇم دە-
رىجىدە رول ئوينىغان. پاتىرىئارخال ئۇرۇقچىلىق
دەۋرىدىلا نىكاھ تويى مۇراسىمى كېلىپ چىققان بو-
لۇپ، شۇ دەۋرلەردىن باشلاپ توي مۇراسىملىرىدا
تىياتىر - سەنئىتى بىخلىنىشقا باشلىغان. پاترىئار-
خاللىق تۈزۈمىنىڭ راۋاجلانغان دەۋرىدە بولسا توي
مۇراسىملىرى ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل داۋام قىلىپ،
ئۇندىدا نىكاھنىڭ تۈرلۈك مەزگىللىرىنى يەنى كېلىن-
نىڭ ئەر ئۆيىگە ياكى باشقا ئۇرۇققا كۆچۈرۈلۈشى،
ئەر ھۆكمى ئاستىغا ئۆتۈشى، شېرىن ھاياتقا ئېرىشى-
شى ياكى پاجىئەلىك تەقدىرگە يولۇقۇشى قاتارلىق
رېئال ئەھۋاللار مۇزىكىلىق كومېدىيىلىك ئويۇنلار بىلەن
تەسۋىرلىنەتتى.

ئەلشىر ناۋايى: «سەددى - ئىسكەندەر» ناملىق
داستانىدا قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تويلىرىدا بولى-
دىغان تىياتىر ئويۇنلىرىنى تىلغا ئالغان. ئېرامىزدىن
ئالدىنقى 329 - يىلدا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز

ئىشغالىيىتى ئاستىغا ئالغان يۇنان ھۆكۈمدارى ئىس-
كەندەرنىڭ شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر مۇراسىمدا
ئىنتايىن كۆپ يەرلىك سازەندىلەر، ئۇسسۇلچى ۋە قى-
زىقچىلار تىياتىرلاشقان ھەر خىل سەنئەت نومۇرلى-
رىنى ئىجرا قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 30 گۈزەل
قىز ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتقان. ئىسكەندەر ئاشۇ
قىزلار ئىچىدىن رۇشەنبەك ئىسىملىك بىر گۈزەل
قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەنلىكى
توغرىسىدا قەدىمكى تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە مە-
لۇماتلار بار.

ناۋايى يۇقىرىقى داستانىدا شاھانە توينى ئىنتا-
يىن گۈزەل تەسۋىرلەپ بەرگەن:

مۇغەننى تۈزۈپ چاڭ ۋەزنىدە چاڭ،
ناۋا چەكتى «ھاي-ھاي ئۆلەڭ» جان ئۆلەڭ.
دېسەڭ سەنكى قارداشىم يار - يار،
مەن ئېيتايكى مۇڭلۇق باشىم يار - يار.

شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، قەدىمكى دەۋر
تويلىرىدا ئېيتىلىدىغان «يار - يار» كۈيى ھازىرقى
زامان تويلىرىدىمۇ ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

بۇندىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەل-
نەغمە تىياترىنىڭ شەكىللىنىشى دىنىي مۇراسىملار،
مەۋسۇم مۇراسىملىرى، نورۇز بايراملىرى، دېھقانچى-
لىق ئىشلىرىنىڭ تۈگىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان سەي-
لە ئويۇنلىرى قاتارلىقلارغا ھەم ئالاقىدار بولۇپ،

بۇ مۇراسىملاردا ھەر خىل ھەزىللىك ئويۇنلار، تەقلىدى قىزىقچىلىقلار، شوخ ناخشا، كۈلكىلىك ئېيتىشىشلار، كومېدىيە تىپلىرى تۇغۇلۇشقا باشلىغان. بۇ دەۋردە قۇلدارلىق تۈزۈمى شەكىللەندۈرگەن ھۆكۈمران سىنىپلار، ئارىستوكراتلار ئوردىلىرىدا كومېدىيىلىك قىزىقچىلارنى ساقلاش بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان.

تىياتىر تەتقىقاتچىسى ئا. د. ئاۋدىيېۋ ئاسىيا، ئافرىقا، ئاۋستىرالىيە ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئىجتىمائىي جەمئىيەت دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان جامائە ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئاساسلىنىپ، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئىپتىدائىي دەۋرردە ئەۋلادلار روھىغا تايىنىش دىنى بولغانلىقىنى، ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھىنى تىرىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئۇنى دەپنە قىلىشتىن ئالدىن مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈش كەڭ تارقالغانلىقىنى ئاساسلاپ بەرگەن. بۇنداق دەپنە مۇراسىملىرىدا بىر كىشى نىقابلىنىپ ئۆلگەن كىشىنىڭ قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئىش - ئىزلىرىنى، خۇلق - مىجەزلىرىنى مەرسىيە قوشاقلىرى ۋە تىراگېدىك ئويۇنلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. دېمەك، ئىپتىدائىي «تىياتىرنىڭ كېلىپ چىقىشى ئىپتىدائىي دەۋر ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە جەمئىيىتى ئىدېئولوگىيىسى بىلەن ئالاقىدار.»①

ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ھەممە تۈرلىرى گەۋدىلەن-

① «ئۆزبېك تىياتىرى» تاشكەنت. 1975 - يىل. 68 - بەت.

گەن. «خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى» بولغان ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە دراما شەكلىنى ئالغان ئويۇنلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر مەشرىپىنىڭ «جازا» قىسمىنى تولۇق مەنىسى بىلەن خەلقنىڭ ئەلنەغمە تىياتىرى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇقىملاشقان قاتتىق ۋە مۇپەسسەل ئىنتىزامى بولۇپ، ئۇ كىشىلەر ئومۇمىي ئېتىراپ قىلغان ئەخلاقنىڭ جارى قىلىنىشى ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلەر ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەشرەپ ئىنتىزامى — ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەتنىڭمۇ تەرتىپ-ئىنتىزامى ۋە ياش ئەۋلادلارغا ئۆرپ-ئادەت ئۆگىتىپ، ياخشى ئەخلاقىي خىسلەتلەرنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئاشۇ سەۋەبتىن مەشرەپ ئىنتىزامىنى بۇزغۇچىلار «جازا»غا تارتىلىدۇ بۇ، «جازا» يەنىلا ئاساسلىقى سەنئەت پائالىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەجۋى، يۇمۇرىستىك ۋاسىتىلەر بىلەن خەلقنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى ناچار ئىللەتلەر ۋە ئەخلاقسىزلىق تەنقىدلىنىدۇ. مەسىلەن، مەشرەپلەردە ئوينىلىدىغان «سامسا يېقىش»، «سۈرىتىنى تارتىش»، «ئۆپكە قويۇش»، «جىۋازغا قېتىش»، «مونەك تۈگۈش»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» قاتارلىق ئويۇنلاردا خەلقنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتى، ھۈنەر-كەسىپلىرى، ئەخلاقى ۋە ستېتىك قاراشلىرى كومېدىيىلىك ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن

ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلار كىچىك تىپتىـ
كى ئەنئەنىۋى خەلق كومېدىيىلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن.
مەشرەپ ۋە باشقا سەنئەت مۇراسىملىرى ئارـ
قىلىق شەكىللەنگەن روشەن مىللىي خاراكتېرلىك ئۇيـ
غۇر ئەلنەغمە تىياتىرلىرىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى شۇـ
كى: بىرىنچىدىن بۇ خىل تىياتىرلارنىڭ غايىۋى
مەزمۇنى ساترىك ۋە يۇمۇرىستىك يۆنىلىشتە تۈزىـ
لىدۇ. ئىككىنچىدىن، مەخسۇس سەھنە تەلەپ قىلمايـ
دۇ. يەنى بۇ خىل تىياتىرلاردا يېزا ـ قىشلاقلارـ
نىڭ كوچىسى، شەھەر بازارلىرى، ھويلا ـ ئارام،
گۈلخان ئەتراپلىرى، ئۆي ئىچى «سەھنە» بولسا، تەبـ
بىئەت مەنزىرىسى، دەل ـ دەرەخلەر، ئاي ۋە يۇلـ
تۇزلار بۇ «سەھنە»نىڭ دېكوراتسىيىسى ھېسابلىنىدۇ.
ئۈچىنچىدىن. ئەلنەغمە تىياتىرلىرىنىڭ ئىجادكارلىرى،
روللىرى خەلق ئارىسىدىكى مەشھۇر سەنئەتكارلار
(مەدداھلار، قىزىقچىلار ۋە مەسخىرىۋازلار) بولۇپ،
ئۇلار ئەلنەغمە تىياتىرلىرىنىڭ ئاكتىيورلىرىدۇر.
تۆتىنچىدىن، بۇنداق ئەلنەغمە تىياتىرلىرى ئۇسسۇل،
ناخشا ـ مۇزىكا، ھەرىكەت، سۆز، (دىئالوگ ۋە مونوـ
لوگ) قاتارلىق كۆپ خىل سەنئەت تۈرلىرىنى
بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان ئۇنىۋېرسال سەنئەتتۇر.
بۇ تىياتىرلارنىڭ تېمىسى رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشـ
تىن ئېلىنغان بولۇپ، ھەر خىل ئەھمىيەتلىك ۋەـ
قەلەر خەلقنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيىتى شەكلىدە بىر
ياكى ئىككى نەپەر قىزىقچى تەرىپىدىن سەھنە ئەسەرـ

لىرىگە خاس خۇسۇسىيەتلەر بويىچە ئىجرا ئېتىلـ-
دى. بەزىلىرىدە رول ئالغۇچى سەنئەتچىلەر مەخسۇس
سەھنە كىيىملىرىنى كىيىپ، گىرىم قىلىشىدۇ. لېكىن
كۆپچىلىكىدە گىرىم ئىشلىتىلمەيدۇ. خەلق تىياتىر-
لىرىنىڭ ئىجراچىلىرى يۈكسەك سەنئەت ئىقتىدارىغا
ئىگە بولۇپ، جانلىق ھەرىكەت، پىسخىك ئۆزگىرىش
قاتارلىق بىر قاتار ماھارەتلىرى بىلەن يارقىن
ئوبراز يارىتىپ، تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ
قىلىدۇ. خەلقنىڭ بۇنداق ئاغزاكى دراملى-
رىدا ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈ-
رۈلىدۇ. زالىم ئەمەلدارلار، ئالدامچى روھانىلار فې-
ئوداللىق ئەرلەر زۇلمى، كۈندەشلىك بالاسى، ھا-
كاۋۇرلۇق ۋە مەنمەنچىلىك، خىيانەت ۋە ۋاپاسىز-
لىق پاش قىلىنىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك، قەھرىمانلىق،
كۆيۈمچانلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، مەردلىك ۋە مەردانى-
لىق، كەمتەرلىك ۋە ئالىيجانابلىق قاتارلىق بۈيۈك
خىسلەتلەر مەدھىيىلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تىياتىر-
لىرىدا ئىپادىلەنگەن ئاشۇ خىل مەزمۇنلار خەلق
ئارىسىدىكى قىزىقچىلار ۋە مەسخىرىۋازلار تەرىپىدىن
ئىنتايىن قىزىقارلىق ئورۇنلىنىدۇ. مەلۇمكى، «مەس-
خىرە» سۆزى ئەرەبچىدىن ئېلىپ چىققان بولۇپ،
كۈلكە، مازاق مەنىسىدە، ئۇنىڭغا ئۇلانغان «باز» قو-
شۇمچىسى پارسچە بولۇپ، ئىجراچى، ئوينىغۇچى مە-
نىسىدە. لېكىن مەسخىرىۋازلىق تىياتىرلىرى ئەرەب
ئىستېلاسىدىن ئاللىقاچان ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا

مەۋجۇت بولغان. قەدىمكى يازما مەنبەلەردىن مەلۇم
بولۇشىچە، ئىرامىزدىن ئاۋۋالقى IV ئەسىرلەردە يەر-
لىك خەلق ئويۇنلىرى قەدىمكى لاتىن تىلىدا «ماس-
كا» (*Mascha*) دەپ ئاتىلىپ كەلگەنلىكى مەلۇم.
دېمەك، ئېللىنىزم مەدەنىيىتى دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلار
ئارىسىدا مەسخىرۋازلىق شەكلىدىكى «ماسكا» ئويۇن-
لىرى بارلىققا كەلگەن. ئەرەبلەر ئىرادىن كېيىنكى
VII — VIII ئەسىرلەردە ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يەر-
لىرىنى بېسىپ ئالغاندا، يەرلىك خەلقنىڭ تەرەققىي
تاپقان مەسخىرە (ماسكا) تىياتىرلىرى بىلەن ئۇچ-
راشقان ۋە بۇ ئاتالغۇنى ئەنە شۇ يەرلىك خەلقلەردىن
قوبۇل قىلغان. شۇنداق قىلىپ ئىلخانلار دەۋرى بى-
لەن ئالاقىدار بولغان «ماسكا» ئويۇنى ئاستا - ئاستا
«مەسخىرە» سۆزىگە ئايلانغان. مەسخىرۋازلارنىڭ ئويۇن-
لىرى ئۇنىۋېرسال سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بو-
لۇپ، ھەرىكەت، مۇزىكا ۋە سۆز سەنئىتى زىچ بىر-
لەشكەن.

ئۇيغۇر ئەنئەنىمە تىياتىرلىرىنىڭ يۇقىرىقى شە-
كىللىرىدىن باشقا يەنە، ئەنئەنىۋى قورچاق تىياتىر-
لىرىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.

قورچاق تىياتىرى ئۇيغۇر خەلقلىرى ئارىسىدا
قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ خېلى دەرىجىدە كەڭ
تارقالغان دراماتىك شەكىل. ئۇنىڭدا تورلۇك يا-
غاچ قورچاقلار ئارقىلىق جانلىق بولغان كونكرېت
ئوبراز يارىتىلىدۇ. قورچاق تىياتىرلىرى قورچاقۋاز-

لار تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇ تىياتىر ئۆزىگە
خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىشتى-
راكچىلىرى باللار ۋە ياش - ئۆسمۈرلەردىن ئىبا-
رەت. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى قورچاق تىياتىرلىرىدىن تور-
لۇك مەنبەلەر ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ - كەلگەن-
لىرى «گاچا پەلۋان»، «تۆگمەنچىنىڭ تويى»، «يې-
تىم قىز»، «تۆمۈرچى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى قورچاق تىيا-
تىرلىرىنىڭ بەزىلىرى سېھىرگەرلىك خۇسۇسىيىتى-
گىمۇ ئىگە. ئۇنىڭدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجا-
يىپ - غارايىپ سېھىرىي ئويۇنلار ياغاچ قوچاق ئوب-
رازىدا تاماشىبىنلار ئالدىدا نامايان بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بو-
لىدۇكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەلنەغمە تىياتى-
رى ئىرامىزدىن ئىلگىرىكى V ئەسىرلەردە سىنىپىي جەم-
ئىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا[1] شەكىللەنگەن.
ئۇ، قەدىمكى شەرق تىياتىرلىرىغا ئوخشاش دىنىي مۇ-
راسىملار، توي - تۆكۈن مۇراسىملىرى، مەۋسۇم مۇ-
راسىملىرى، مەشرەپ ئويۇنلىرى شەكلىدە مەيدانغا
كەلگەن. «سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەر بىز چۈشەن-
گەن مەنىدىكى تىياتىر سۆزى بولغان ئەمەس. چۈن-
كى ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى جانلاندۇ-
رۇپ كۆرسىتىش ئۇچۇن ئىنسانلاردا زۆرۈرىيەت تۇ-
غۇلمىغان. سىنىپلارغا بۆلۈنمىگەن ئىنسانىيەت جەم-
ئىيىتى يېگانە، بىر پۈتۈن كۈچ تەرىقىسىدە ئەتراپ-

نى ئوراپ تۇرغان تەبىئەتكە ئۆزىنى قارشى قويغان. تۇتىم نىقابىنى يۈزىگە تارتىپ، ھايۋان تېرىسىنى يېپىنىپ ئېلىپ، بىر ئادەمگە ھايۋان قىياپىتىنى، ئىككىنچى ئادەم ئوۋچى تىمسالىنى ئىپادىلىگەن. ئادەملەر نېمە ئۈچۈن بۇنداق ھالەتنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان؟ چۈنكى، پاراۋان ياشاش ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر بولغان نەرسىلەر پەقەت ئوۋچىلىق جەريانىغا، قولغا كىرگۈزۈلگەن ئولجىغا باغلىق ئىدى. ياراتقۇچى مەبۇد سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تەبىئەتتىكى دەھشەتلىك كۈچكە قارام بولغان بۇنداق ئىتائەتكارلىق سىنىپسىز جەمئىيەتتە خەلق ئويۇنلىرىدا ۋە ساماۋى كۈچلەرنى ئۇلۇغلاپ، سەجدە قىلىشتا تىياتىر ئېلېمېنتلىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئادەم بىلەن ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەپ تەسۋىرلەشكە باشلىغاندا تىياتىر تۇغۇلدى. بۇ ئاشۇ ئىنسان ـ ئىنسانغا تەۋە بولۇپ، ئادەم ئادەمنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشقا ئۆتكەن ۋاقىتتا سادىر بولدى. تىياتىر — سىنىپىي جەمئىيەت بىلەن بىرگە دۇنياغا كەلدى». ① ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق باي ۋە بىباھا مەدەنىي مىراسى نەچچە مىڭ يىللىق تەپەككۇر ۋە ئىجادىيەت روھىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ جانلىق تارىخىي ئارزۇ ـ ئۈمىد-

① گ. گابايىن: «ئەرەن تىياتىر تارىخى» 2 ـ توم، 397 ـ بەت. «ئۆزبېك تىياتىرى» تاشكەنت 1975 ـ يىل 69 ـ بەت.

لىرى، كۆرەشلىرى، قايغۇسى ۋە خۇشاللىقى ئەكس
ئەتكەن.

× × ×

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۇقىرىقىدەك كۆپ خىل ئەل‐
نەغمە تىياتىرلىرى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ
بىر خىل ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت سۈپىتىدە ھەر
قايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ روھىنى ئۆزىگە سىڭدۈ‐
رۈپ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۆزلۈكسىز تە‐
رەققىي قىلدى ۋە راۋاجلاندى. ھەمدە تەدرىجىي ھال‐
دا تېخىمۇ قويۇق تىياتىر تۈسىنى باشلىدى. شۇن‐
داق قىلىپ، دېموكراتىك مەزمۇنغا ئىگە بولغان ئۇي‐
غۇر ھازىرقى زامان تىياتىر سەنئىتىنىڭ بىخى سۈ‐
پىتىدە ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئاساس
بولدى.

30 - يىللار ئىچىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پار‐
تىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا
كېلىپ ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئەي‐
نى يىللاردا مۇستەبىت شىڭشىسەي جاھان ۋەزىيىتى‐
نىڭ تەقەززاسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
بېسىمى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىللىرىنىڭ تە‐
شەببۇسى بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىي پروگراممىسى
بولغان «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى تۈزۈشكە مەجبۇر
بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قانۇنلۇق ھالدا 1934 -

يىلى ئۇرۇمچىدە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ «مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشما»لىرى قۇرۇلدى. ئارقىدىنلا ناھايىتى تېزلىكتە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش خىزمىتىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ھەر قايسى «ئاقارتىش ئۇيۇشما»لىرى قارمىقىدا دەسلەپكى قەدەمدە خەلق سەنئەتكارلىرىدىن تەركىب تاپقان «سانائى نەفىسە» (تىياتىر سەنئەت ئۆمەكلىرى) قۇرۇلدى.

ئۇيغۇر ئەلنەغمە تىياتىر سەنئىتى يېڭى بۇرۇلۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇنداق تىياتىر ئۆمەكلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۆچلۈك بالدۇر قۇرۇلغانلىرىدىن بىرى مەرھۇم ئىنقىلابىي قۇربان، جامائەت ئەربابى، شائىر ھەم رېژىسسور قاسىمجان قەمبىرى يېتەكچىلىكىدىكى «غۇلجا سانائى نەفىسە» بولۇپ، ئۇ، 1934 - يىلى قۇرۇلغان. ئىككىنچى قەدەمدە 1935 - يىلى قەشقەر، ئاقسۇ، يەكەن، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىدە، 3 - قەدەمدە 1936 - يىلى چۆچەكتە ۋە 1938 - يىلى خوتەندە قۇرۇلدى. بۇ تىياتىر ئۆمەكلىرى ئەينى ۋاقىتتا خەلق سەنئەتكارلىرىنى تەشكىللەيدىغان ۋە تەربىيىلەيدىغان «سەنئەت مەكتىپى»، «بىلىم يۇرتى»غا ئايلانغان ئىدى. غۇلجا تىياتىر ئۆمىكى ئاشۇ يىللاردىلا خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئەلنەغمە تىياتىرلىرىنى توپلاپ، رەتلەش بىلەن بىرلىكتە، يەنە «غېرىب - سەنەم»، «پەرھات-

شېرىن»، «نوزۇگۇم» قاتارلىق يىرىك دراما تىـ-
ياتىرلىرىنى كوللېكتىپ رەتلەپ سەھنىلەشتۈرگەن
بولسا، قەشقەر ئەلنەغمە تىياتىرى جەمئىيەتتىكى
ناچار ئىستىغلاللارنى پاش قىلىدىغان ۋە تەنقىدلەيدىغان
«ساتىراش» ، «چېكىملىك نەتىجىسى». «شەرمەندىلەر»
«نامان خەلپەت» قاتارلىق قىزىقارلىق كومېدىيىلەر-
نى ئىشلەپ سەھنىلەشتۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن
بۇ ئۆمەك ئارىسىدىكى سەنئەت مىراسلىرىنى توپ-
لاش ۋە رەتلەش ئىشىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.
«غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زوھرا»، «پەرھات -
شېرىن»، «ئارشىن مال ئالان» قاتارلىق يىرىك
دراما ۋە كومېدىيىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ
چىقتى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەلنەغمىچىلىك سەنئىتى شە-
كىللەنگەندىن تارتىپلا كومېدىيە، دراما ۋە ئوپې-
رادىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىياتىر شەكلىنى بىر
گەۋدە قىلىشتەك مىللىي تىياتىر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە
بولۇپ، خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتتى ۋە
تىل سەنئىتىنىڭ پارلاق يادىكارلىقى سۈپىتىدە دەۋ-
رىمىزگىچە يېتىپ كەلدى.

شۇنداق دەپ قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر
تىياتىر سەنئىتىنىڭ ھەقىقىي باھارى پەقەت ئازادلىق-
تىن كېيىنلا باشلاندى. لېكىن ھازىرقى زامان ئۇي-
غۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى خەلق ئارىسىدى-
كى قويۇق مىللىي ئەلنەغمە تىياتىرىنىڭ تەرەققىيا-

تىنى بوغۇپ قويغىنى يوق. بەلكى، ئۇ تېخىمۇ كۆپ خەلق ئاممىسىنىڭ سەنئەتكە بولغان ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنىڭ كاپالىتى سۈپىتىدە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. ھەمدە كۆپلەپ خەلق سەنئەتكارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرمەكتە. ھازىرقى زامان تىياتىر سەنئىتىنى تېخىمۇ بېيىتىپ راۋاجلاندۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىماقتا. بىز بۇنىڭدىن كېيىن يەرلىك ئەلنەغمە تىياتىرلىرىغا تېخىمۇ ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ تارىخىي جەريانلىرىنى، بەدىئىي شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز زۆرۈر.

مەشھۇر تارىخىي شەخس جاڭ چيەننىڭ غەربىي دىيارغا قىلغان ساياھىتى ئارقىلىق كۇچا ئەلنەغمىسىنى چاڭئەنگە ئېلىپ كېتىپ ئۇ يەردە ئومۇملاشتۇرغاندىن تارتىپ، تاكى چوڭ تىپتىكى ئوپېرا تىياتىرى «غېرىب - سەنەم» قاتارلىق بىر قاتار يىرىك تىياتىرلارنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا زور ئالقىشقا ئىگە بولۇشىغىچە ئۆتكەن 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت، ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئۈستىدىن قىممەتلىك خۇلاسە چىقىرىدىغان باي ماتېرىيال بولىدۇ. ھەمدە ئۇ بىزگە ئۇيغۇر ئەلنەغمە تىياتىر سەنئىتىنىڭ 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

# يەركەن خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت

شىنجاڭ تارىخىدا «يەكەن خانلىقى» بەزى تارىخچىلارنىڭ تەبىرى بويىچە ئۆزىنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ نامى بىلەن «سەئىدىيە دەۋرى» دەپمۇ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ۋەھالەنكى، 170 يىل ئەتراپىدا دەۋر سۈرگەن «سەئىدىيە دەۋرى»نىڭ خاراكتېرى، تارىختىكى ئورنى، سىياسى، ئىقتىسادىي، مەدەنىي قۇرۇلمىسى قاتارلىقلار ھەققىدە تېخى ھازىرغىچە تارىخ مۇھاكىمە سورۇنلىرىدا رەسمىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگىنى يوق. پەقەت بۇ دەۋرنىڭ تارىخىي خاتىرىسى بولغان قەشقەرلىك مىرزا ھەيدە كوراگان①نىڭ «تارىخىي رەشىدى» ② ناملىق ئەسىرىدىلا، بىز ئۇچۇن «سەئىدىيە دەۋرى» ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان ئاساسلىق مەنبە ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەر بىز تەلەپ قىلىدىغان بەزى مەسىلىلەرگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيدۇ. بىزمۇ بۇ ئاددىي ماقالىمىزدا ئاز غىنە كەم II ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن «يەركەن خانلىقى»نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تارىخىي

ۋاقىتتىن تولۇق يورۇتۇپ بېرەلمەيمىز. ھازىرچە بۇ ھەقتە قولىمىزدا بار بولغان ماتېرىياللار يېتەرلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرنىڭ ماھىيىتى ۋە خاراكتېرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن داۋاملىق ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن ئايرىم مۇلاھىزىلەردە، سەئىدخان ھاكىمىيىتى يىراق نەسەب جەھەتتىن چىڭگىزخانغا باغلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، چاغاتاي موڭغۇل ھاكىمىيىتى كاتېگورىيىسىگە قوشۇۋېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ئىككى ئەسىر «ئاق» قالىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن، بىزنىڭچە، نەسەب جەھەتتىكى يىراق باغلىنىش ئەھۋالىغا قاراپ، خاس تىلى، ئۆرپ - ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە مىللىي ئالاھىدىلىك خۇسۇسىيەت شەكلىنى ئالغان بىر مىللەت فورمىسىنى ئايرىم تەھلىل قىلماي مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا تارىخنىڭ بۇ ئىزدىنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە يورۇتۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ گارمونىك ئىزچىللىقىنى مۇپەسسەل ئىزاھلاش لازىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ دەۋرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈشنىڭ بەلگىلىك ئەھمىيىتى بار.

× × ×

چىڭگىزخان (مىلادى 1143 — 1227 - يىللار)

ئىستېلاسىدىن كېيىن، ئۇ قول ئاستىغا كىرگۈزگەن دۇنيانىڭ كەڭ بىر قىسمىنى ئوغۇللىرى جوجى خان (ۋاپاتى 1227 - ؟ مىلادىيە)، چاغاتاي خان (ۋاپاتى 1240 — ؟ مىلادىيە) تولۇي خان (ۋاپاتى 1244 — ؟ مىلادىيە) ئۆگدەي خان (ۋاپاتى 1241 — ؟ مىلادىيە) لارغا تەقسىملەپ سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن ئىدى.③ چاغاتاي خان چىڭگىزخاننىڭ 2 - ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭ رايونى، ئالتاي خان يۇرتى (ئالتاي تاغلىرى ئېتىكى)، قەدىمكى نايمان يۇرتلىرى، ④ قارا كىدان (لىياۋ)، تۈركىستان، ماۋرا ئۇننەھىردىن ئىبارەت كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى سۇيۇرغال قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ جايلاردا بەشبالىق (جىمسار) پايتەخت قىلىنغان چاغاتاي خان سەلتەنىتى تىكلەندى.

چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلاي خان (تولۇي - خاننىڭ بالىسى) چىڭگىز سەلتەنىتىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن (مىلادى 1267 - يىلى) پايتەختنى قارا قۇرۇمدىن بېيجىڭگە يۆتكەپ، جۇڭگونى يەنە بىر تېتىم بىرلىككە كەلتۈرگەن يۈەن سۇلالىسىنى قۇردى.

1368 - مىلادىيە يىلى يۈەن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى تەسىرى تۈگىتىلدى. چاغاتاي خانلىقى فېئودالىق كېچۆي (پارچىلانغان فېئودال خانلىق)گە بۆلۈنۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا شىنجاڭدىكى ئەۋلادلىرىمۇ پارچىلىنىپ، چىڭگىز ئەۋلادلىرى سىيا-

سى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن ئۆزد-
دىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان يەرلىك مىللەتلەرگە
ئاسسىمىلاتسىيە بولۇشقا باشلىدى. بولۇپمۇ چاغاتاينىڭ
يۇقىرى سىياسى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا، مەدەنىيەت
مۇتەخەسسىسلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقۇمۇشلۇق
زاتلىرى ئاساسلىق رەھبەرلىك خىزمىتىگە
قويۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇيغۇر
مەدەنىيىتى چاغاتاي موڭغۇللىرى ئارىسىغا سىڭىپ
كىردى⑤.

چاغاتايدىن تارتىپ تاكى تۇغلۇق تۆمۈرخان
(مىلادىيە 1329 — 1363 - يىللىرىغىچە) ئۇنىڭ
ئەۋلادىدىن توققۇز خانلىق ئۆتتى. تۇغلۇق تۆمۈرخا-
نىڭ ئالدىدا ئۆتكەن چاغاتاي نەسەبىدىن مۇبارەك
شاھ. بۇراق خان (چاغاتاينىڭ تۆتىنچى ئەۋلادى⑥ لارمۇ.
ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرى بىلەن مۇسۇلمان بولۇپ، تۈرك-
لىشىشىنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى باسقان ئىدى.

ئاقسۇلۇق موللا ئەرشىدىنىنىڭ تىرىشچانلىقى
ئارقىسىدا ئالدى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمان
بولغاندىن كېيىن (مىلادى 1353 - يىلى) ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ چاغاتاي ئەۋلادىدىن بىر قېتىمدىلا 70،000
كىشى مۇسۇلمان بولدى⑦. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى تا-
رىخچىلار ئۇيغۇر خانلىقى تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرى-
دىن باشلانغان، دەپ قارايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ سىيا-
سى ھاكىمىيەت شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇنى ئىسپات-
لايدىغان يېتەرلىك ئاساس يوق. «تارىخى رەشىدى»

دېمەك تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىنىڭ ھاكىمىيەت قۇ-
رۇلمىسى شەكلى جەھەتتىن چاغاتاي خانىنىڭ ھا-
كىمىيەت تۈزۈلۈشىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ
داۋامى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. «تارىخ رە-
شىدى» (زەيلى)دە مۇنداق بىر ۋەقەنى ھېكايە قىلى-
دۇ:«چىڭگىزخانىنىڭ چەۋرىلىرىدىن بولغان ئىسەن بوغا-
خانىنىڭ چوڭ خوتۇنى ساتىلمىش تۇغماس ئىدى.
كىچىك خوتۇنى مەڭلىك ھامىلدار بولغاندا، ساتىل-
مىش خوتۇن ھەسەت قىلىپ، مەڭلىك خوتۇننى قو-
ماندان شىراۋۇلغا بېرىپ، ئۇنى يۇرتىغا قوغلىۋەت-
تى (چىڭگىزخانىنىڭ نەسەب ئادىتى بويىچە خانلار-
نىڭ كىچىك خوتۇننى چوڭ خوتۇن خالىسا ئائىلى-
دە تۇرغۇزاتتى، خالىمىسا ئۇنى باشقا ئەرگە بېرى-
ۋېتىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى). ئىسەن بۇغاخان ئاز ۋا-
قىتتىن كېيىن ۋاپات بولدى. موڭغۇللار خانسىز قال-
دى. ئەمىر بولاجى دوغلات، خانزادە تېپىش ئۈچۈن
تاش تۆمۈر مىرزىنى بۇيرۇدى. ئۇ ئەتراپنى قېزىپ،
مەڭلىك خوتۇننى تېپىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.
مەڭلىك خوتۇن ئىسەن بۇغاخاندىن تۆرەلگەن ئوغلى-
غا «تۇغلۇق تۆمۈر» دەپ ئىسىم قويغان ئىدى. ئۇلار
مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ خانلىق نەسەبى ئۈچۈن تۇغ-
لۇق تۆمۈرنى ئېلىپ قاچتى ۋە يولدا كۆپلىگەن رى-
يازەتلەرنى چېكىپ، ئاخىرى ئامان - ئېسەن ئاق-
سۇغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تۇغلۇق تۆمۈر-
خاننى قەدىمكى موڭغۇل خانلىرىنىڭ رەسمىيىتى.

بويىچە خانلىققا كۆتۈردى...⑧» يۇقىرىقى بايانلاردىن
قارىغاندا، ئاقسۇنى مەركەز قىلغان ئىسلام خانى تۇغ-
لۇق تۆمۈرنىڭ ھاكىمىيىتى ئۆز ئالدىغا بىر دەۋرنى
شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. بۇلارنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشتىن مەق-
سەت، بىز مۇلاھىزە قىلماقچى بولغان يەركەن خان-
لىقىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى قانداق ئۆلچەملەر بويىچە
پەرقلەندۈرۈش لازىملىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈندۇر.

تۇغلۇق تۆمۈر خاندىن كېيىنكى ئەھۋاللارغا
كەلسەك ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى خىزىر خوجە خان 1399-
مىلادىيە يىلى قەمەرىددىننىڭ (ئەمىر بولاجى بەگ-
نىڭ ئىككىنچى ئوغلى) قولىدىن قېچىپ چىقىپ، دەسلەپ
خوتەنگە كەلدى. ئۇ يەردىن دادىسىنىڭ ۋارىسى
سۈپىتىدە ئاقسۇ ئارقىلىق تۇرپان قاراغوجىغا يۈرۈش
قىلىپ، تۇرپاننى مۇسۇلمان قىلدى. پەقەت
مىلادىيە 1419 - يىلىغا كەلگەندە تۇرپان ۋە ئۇنىڭ
ئەتراپى پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلىشىپ بولدى. تۇغلۇق
تۆمۈر خاندىن تارتىپ سۇلتان سەئىدخانغىچە جەم-
ئىي چىڭگىزئەۋلادىدىن يەتتە خان تەختكە ئولتۇردى⑨.
بۇ دەۋرلەر تۈركىستاندا ئاقساق تۆمۈر (تۆمۈرلەڭ)
ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان تارىخىي
پەيتكە (تۆمۈرلەر دەۋرى) توغرا كېلىدۇ. ئاقساق
تۆمۈردىن بۇرۇن ماۋرا ئۈننەھىر ۋە شىنجاڭ رايونى
چاغاتاي ئولۇسى تەۋەلىكىدە بولۇپ، كېيىنچە بار-
لاس قەبىلىسىدىن بولغان تۆمۈرلەڭنىڭ ھەر خىل
يوللار بىلەن ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ ماۋ-

رائۇننەھىرنى بۆلۇۋالغاندىن كېيىن چاغاتاي ھاكىمىـ
يىتى پارچىلىنىپ ئىككى قىسىمغا بـۆلۈنۈپ كەتـتى.
ئاقساق تۆمۈر 1360 - يىلى باش كۆتۈرۈپ چىققانـ
دىن تارتىپ تاكى 1405 - يىـلى ئۆلگەنگـە قەدەر
يېرىم ئەسىرگە يېقىن دېگۈدەك ھەربىي يۈرۈش قىـ
لىپ ئىراننىڭ بىرقىسمى، پۈتۈن خـوراسان، دەشتى
قىپچاق، شىمالىي ھـىندىستان قاتارلىق جـايلارنى
قولغا كىرگۈزۈپ، تـۆمۈرلـەر سۇلالىسـىنى ۋۇجـۇدقا
كەلتۈردى. تۆمۈر ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىـ
رى ئارىسـىدا تەخـت تالىشىش كـۆرىشى ئۈزۈلمەي
داۋام ئەتـتى. شـۇندىن تارتـىپ تـاكى ئەبۇ سـەئىد
(1459 - 1469 - يىللار ئارىلىقىدا ھراتـتا تۆمۈرـ
لەرنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان) زامـانىسىغىچە
بولغان يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە شاھـ
لىق تاجى شاھرۇھمىرزا، ئۇلۇغبـەگ، ئابدۇللەتىـپ،
ئابدۇللا، بابۇر قاتارلىق بىرقانـچە شاھزادىلەرنىڭ
بېشىدىن ئالماشتى. بۇ جەريانلاردا يالغۇز تۆمۈرلەر
ئارىسىدا ھاكىمىيەت تـالىشىش جەڭ - ماجىرالىرى
داۋاملىشىپلا قالماستىن، يەنە شىنجاڭدىكى تۇغلۇق
تۆمۈرنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن ھاكىمىيەت تالىشىـش
ماجىرالىرىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن ئىدى.

سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ چـوڭ ئوغلـى سۇلتان
مەھمۇت خاننىڭ ياردىمى بىلەن شـاھبـەگ شەيبانى
خان پۈتۈن ماۋرا ئۇننەھىرگە خان بولغاندىن كېيىن،
ئالدى بىلەن ئۇ سۇلتان ئەخمەت خان (سۇلتان مەھـ

مۇت خاننىڭ ئىنىسى) نى يوقىتىشقا قەدەم قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەخسى دېگەن جايدا شىددەتلىك ئۇرۇش قىلىپ، بۇ ئۇرۇشتا شەيبانى خان غەلىبە قىلدى. ئۇ مەھمۇت خان بىلەن ئەخمەت خاننى ئەسىر ئالدى ۋە ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئاقسۇغا ھەيدىۋەتتى. ئەسىرلەر ئىچىدە سۇلتان ئەخمەت خاننىڭ ئوغلى سەئىدخانمۇ بولۇپ، ئۇ ياردار بولغاچقا، ئەسىر سۈپىتىدە شەيبانىخان قولىدا قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، دادىسى ئەخمەت خاننىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، سەئىدخان شىنجاڭغا قېچىپ كەلدى. دەسلەپ قىرغىزلارغا خان بولدى. بىراق ئۇ تېخى كۈچ نىسبىتى جەھەتتە شەيبانىخاندىن كۆپ ئاجىز بولغاچقا، ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي، بەرەخشان ئارقىلىق كابۇلغا بېرىپ، بىر نەۋرە ئاغىسى بابۇر شاھنىڭ [40] پاناھىغا كىردى. سۇلتان سەئىدخان بابۇر شاھنىڭ ياردىمى بىلەن كۈچلەنگەندىن كېيىن ئەنجان ئارقىلىق قەشقەرگە كەلدى. ھەمدە دوغلات شاھزادىلىرىدىن ئابابەكرى مىرزىنىڭ يەركەن، قەشقەر، خوتەندىكى 48 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ «سەئىدىيە خانلىقى» دەپ ئاتالغان «يەركەن خانلىقى»نى تىكلىدى. «سەئىدخان كۈچلۈك مەرىپەتپەرۋەر مەدەنىيەت ئاشناسى ئىدى... ئۇنىڭ دەۋرىدە قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ھاۋاسى نۇرلاندى، سەئىدخان ئېسىل، نىجاتكار ۋە ئالىيجاناب كىشى ئىدى. تەكەللۇپنى ياخشى كۆرمەيتتى، بۇنى-

-دىن باشقا جەسۇر ۋە جەڭگىۋار بولۇپ، سىپاھگەرچى-
لىكتە قوماندان ئىدى. مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ
ئېيتىشىچە موڭغۇل، ئۆزبېك، چاغاتاي ئۇلۇرى
ئىچىدە سەئىدخاندەك ئۇستا مەرگەن يوقتۇر»⑪. «تا-
رىخ رەشىدى» (زەيلى)دە سەئىدخان «خەتتاتلىق. شې-
ئىرىيەت، ھەلچىلىك (خەتكە ھەل بېرىش) مۆھۈر ئو-
يۇش (تامغىچىلىق)، زەرگەرلىك، نەققاشچىلىق. مى-
مارچىلىق. سازچىلىق، ئوق ئۆتمەس تۆمۈر كىيىم
ياساش (بىرونىك)، ئوق، قىلىچ، نەيزە ياساش،
مېتال ئايرىش قاتارلىق ھۈنەر - سەنئەتلەردە ئۇ
ئۆز دەۋرىنىڭ ئىقتىدارلىق كامىلى ئىدى. سەنئەتنى
قىزغىن سۆيەتتى. ئۇد، ساتار، تەمبۇر، چارتار
(تۆت تار) غىجەكلەرنى ياخشى چالاتتى. تۈركچە
ۋە پارسچە بەھۇزۇر شېئىر يازالايتتى. قىسقىسى، ئۇ
ھەم ئەلەم، ھەم قەلەم ساھەسىنىڭ ئىستىداتلىق ما-
ھىرى ئىدى»، دەپ بايان قىلىدۇ.

سۇلتان سەئىدخان يۇقىرىقىدەك سۈپەتلىرى بى-
لەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ناھايىتى تېز شۆھ-
رەت تاپتى ۋە كۆپ ھىمايىگە ئىگە بولدى. ئۇ«يەر-
كەن خانلىقى»نىڭ باش خانى سۈپىتىدە ھاكىمى-
يەت بېشىدا تۇرغان مەزگىللىرىدە ئالدى بىلەن پار-
چىلىنىپ كەتكەن فېئودال بۆلۈنمە بەگلىكلەرنى بىر-
لەشتۈردى. ئۇ دەسلەپ ئوغلى ئابدۇرېشىتخان بىلەن
مىرزا ھەيدەر كوراگان («تارىخى رەشىدى»نىڭ مۇ-
ئەللىپى)نى ئېلىپ، بولۇر (لاداخ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى-

دىكى يەرلەر)گە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ جايلارنى «يەر-
كەن خانلىقى» نىڭ تەۋەلىكىگە قايتۇرۇۋالغاندىن
كېيىن ئارقىدىن بەدەخشاندىكى باشباشتاق بۆلگۈن-
چى ھۆكۈمرانلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ قايتتى. بۇ
مەزگىللەردە سەئىدخاننىڭ ئاكىسى مەنسۇرخان (1547 —
1503) چالىش (قارا شەھەر)دىن تارتىپ تۇرپانغى-
چە بولغان جايلارنىڭ خانى ئىدى. سەئىدخان تەشەب-
بۇسكار بولۇپ مەنسۇرخان بىلەن ئىتتىپاقلىق كېلى-
شىمى تۈزدى. بۆلۈنۈپ كەتكەن بۇ جايلارنىمۇ ئۆ-
زىگە بىرلەشتۈردى. نەتىجىدە سەئىدخان زامانىدا
قۇمۇلدىن بەدەخشانغا قەدەر بولغان جايلاردا ئىتتى-
پاقلىق ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

ئومۇمەن ئالغاندا، سەئىدخان پۈتۈن شىنجاڭ
رايونلىرىدا بىر قەدەر مۇقىم سىياسىي ۋەزىيەت تۇر-
غۇزدى. سەئىدخاندىن بۇرۇن بۇ جايلار چاغاتاي
ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش كۆرەشلىرى
نەتىجىسىدە ۋەيرانچىلىق ئوچىقىغا ئايلىنىپ قالغان
ئىدى. بولۇپمۇ ئابابەكرى مىرزا ھۆكۈمرانلىق قىل-
غان 40 نەچچە يىل ئىچىدە خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئىق-
تىسادىي زۇلۇملار چېكىدىن ئاشقان ئىدى. سەئىدخان
تەختكە چىققاندىن كېيىن ئادالەت ئورنىتىشقا كۆڭۈل
بۆلۈپ پۇقرالاردىن ئېلىنىدىغان 10 يىللىق ئالۋاڭ -
سېلىق مەجبۇرىيىتىنى كەچۈرۈم قىلدى. خەلقنىڭ قان-
تەر بەدىلىگە كەلگەن خانلىق خەزىنىسىدىكى ئالتۇن-
كۈمۈش قاتارلىق خەزىنىلەرنى خەلققە مۇۋاپىق ھال-

دا تەقسىملەپ بېرىدۇەتتى. ھەمدە ھەر خىل ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى.

سەئىدخان مەردىپەتنى سۆيگەچكە، ئۆز دەۋرىنىڭ بىلىم ئەھلىلىرىنى ئالاھىدە ئەتىۋارلىدى. ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە باشقا پەنلەر بويىچە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ئابدۇرېشىت خان، مىرزا ھەيدەر كوراگان قاتارلىق كىشىلەر سەئىدخاننىڭ بىۋاسىتە تەربىيىسى ئاستىدا يېتىشكەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئىقتىدارلىق ئالىملىرى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە سەئىدخان دەۋرىدە بۇ جايلارنىڭ مەدەنىيىتىدە مەلۇم يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەتتە ئەرەب ۋە پارسلاشتۇرۇشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەچكە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقى ئۇنىڭ دەۋرىدە كۆرۈنەرلىك بۇزۇلۇشقا ئۇچرىدى. بۇنداق ھالەتنى سەئىدخان دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ سەلبىي تەرىپى دېيىش مۇمكىن.

سەئىدخان مىلادى 1533 - يىلىنىڭ بېشىدا يەتتە مىڭ قوشۇن بىلەن تىبەتكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەردىكى بىر قانچە پارچە ھاكىمىيەتلەرنى ئىشغال قىلدى. ئۇ جايدىن يەركەنگە قايتىشىدا ئالى ئېگىزلىكتە ئىس ئۇرۇپ كەتكەن سەۋەب بىلەن شۇ يىلنىڭ ئاخىرى يولدا ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئوغلى ئابدۇرېشىت خان قەدىمكى ئادەت بويىچە ئاق كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خانلىق تەختىگە چىقتى.

ئابدۇرېشىت خان دەۋرى (1533 — 1569) سە-

ئىدىيە ھاكىمىيىتىنىڭ بىرقەدەر مۇستەھكەملەنگەن،
تەۋەلىكى كېڭەيگەن. سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنى-
يەت جەھەتلەردە مەلۇم گۈللىنىش ھاسىل قىلغان
دەۋر ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخچى مىرزا
ھەيدەر كوراگان ئۆز تارىخىنى ئابدۇرېشىت خان نا-
مىغا بېغىشلاپ، بۇ كىتابىنى «تارىخ رەشىدى» دەپ
ئاتىغان ئىدى.

ئابدۇرېشىت خان 27 يىل ھۆكۈم سۈردى.
49 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ مىلادى 1569 - يىلى ۋا-
پات بولدى. موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ «تارىخى
مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە. ئابدۇرېشىت خان ھىجرى-
يە 977 - يىلى (مىلادى 1569 - يىلى) تىبەت ۋە
پامىر ئېتەكلىرىنى بويسۇندۇرۇپ بولۇپ، يەركەنگە
قايتىشىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.
يەركەندىكى «ئالتۇن مازارغا دەپنە قىلىنغان، دەپ
يېزىلىدۇ. ئابدۇرېشىت خاندىن كېيىن ئوغلى شىجائىد-
دىن تەختكە ئولتۇردى. ئۇنەدىن كېيىن ئابدۇكېرىم خان،
مۇھەممەت خان، ئابدۇلېتىپ خانلار، ئارقا - ئارقى-
دىن خان بولۇپ، 59 يىل ھۆكۈم سۈردى. بىراق
بۇ دەۋرلەردە ئابدۇرېشىت خان ئەۋلادلىرى ئوتتۇرى-
سىدا ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى ئەۋج ئېلىپ. ئۈزلۈك-
سىز ئۇرۇش داۋام قىلدى. پەقەت ئابدۇللا خان
(ئابدۇرېشىت خاننىڭ كىچىك ئوغلى) ھاكىمىيەتنى
ئىگىلىگەندىن كېيىن (مىلادى 1638 - يىلى) يۇقىرى-
قىدەك فالايمىقان ئۇرۇش - جېدەللەرنى زور ئە-

كىرىزىسنى كۈچ بىلەن بېسىقتۇرۇپ، بىر مەزگىل تىنچ-
لىق ۋەزىيەت پەيدا قىلدى. سەئىدىيە خانلىقى ئىگى-
لىگەن پۈتكۈل يۇرتنىڭ تىنچلىقى ياخشى تەمىن قى-
لىپ، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچى ئۆستى. ھەتتا
ھەربىي تۈركىستاننىڭ خېلى چوڭ بىر قىسمى سەئى-
دىيە ھاكىمىيىتىنىڭ تەۋەلىكىگە قايتۇرۇۋېلىندى.
ئابدۇللاخان دادىسى ئابدۇرېشىت خاننىڭ ئىشلىرىغا
ۋارىسلىق قىلىپ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىسلا-
ھاتلىرىنى يۈرگۈزدى. ئىچكى ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان
ئىقتىسادىي ئەسلىھەلەرنى ئەسلىگە كەلتۈردى. يېزا
ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ
تېرىلغۇ يەرلەرنى كېڭەيتتى. ھەرقايسى جايلاردا
چوڭ مەدرىسلەرنى بىنا قىلدى. قەشقەردىكى ئاتاقلىق
«خانلىق مەدرىسى» ئابدۇللاخاننىڭ دەۋرى بىلەن
مەشھۇردۇر. بىراق ئۇنىڭ ھاكىمىيەت دەۋرىمۇ
ئۇزاققا بارمىدى. قەشقەرگە ئومۇمىي ۋالىي قىلىپ
تەيىنلىگەن يولۋاس خان (ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى) نا-
ھايىتى زالىم ۋە مۇستەبىت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاب-
دۇللاخان ئۇنى مەنسەپتىن بوشىتىشنى قارار قىلدى.
ۋەھالەنكى، قارا نىيەت زالىم يولۋاس خانمۇ ئۇزاقتىن
بۇيان دادىسى ئابدۇللاخاننى يوقىتىپ، پۈتۈن
سەئىدىيە ھاكىمىيىتىنىڭ خانى بولۇش كويىدا مەخ-
پىي تەييارلىق قىلىپ يۈرگەن ئىدى. دەل مۇشۇ پەيت-
تە، ئۇ تۇيۇقسىز توپىلاڭ قوزغاپ مىلادى 1668-
يىلى ئابدۇللاخاننى مەغلۇپ قىلىپ، ھاكىمىيەتنى

تارتىۋالدى. يولۋاسخان تەختتە ئولتۇرغان ئىككى يىل ئىچىدە، ئۇ جايلاردىكى خەلقلەر ئېغىر بالايى-ئاپەت ئىچىدە قالدى. «تارىخ رەشىدى» (زەيلى)نىڭ ئاخىرىدا «يولۋاس خان شۇنداق يامان زالىم ئىدىكى، ئۇنىڭ ئالدىدا ھەججاج زالىم⑭ خىجىل ۋە زوھماك ماران⑮ شەرمەندە ئىدى» دەپ يازغان.

ئاخىر خەلق يولۋاسخانىنىڭ زۇلمىغا چىداپ تۇرالماي ئۇنىڭغا قارشى ئومۇميۈزلۈك ئىنقىلاب قوزغىدى. نەتىجىدە 1670 - يىلى يولۋاسخان ئۆلتۈرۈلۈپ، ئابدۇللاخاننىڭ ئىنىسى ئىسمايىل خان ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ قايتىدىن يۇرتنى تىنجىتتى.

ئابدۇللاخان دەۋرىدىلا غەربىي تۈركىستاندىكى تۆمۈرلەر ھاكىمىيىتى پارچىلىنىپ زور ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ئىدى. نەتىجىدە ئۇ يەردىكى ئاھالىلەر جۈملىدىن سۈيىقەستچى ۋە ھىيلە - مىكىرلىك غوجىلار، سوپى - ئىشانلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ قەشقەر، يەركەن، خوتەنلەرگە كېلىپ ماكانلىشىشقا باشلىدى. ئابدۇللاخاننىڭ ئۆزىمۇ ئىدىيە جەھەتتىن تەسەۋۋۇپچىلىققا كۈچلۈك بېرىلگەن ئىشانلىقنىڭ ياقلىغۇچىسى بولغاچقا بۇ نىقابلانغان غوجىلارنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ جايلاردىكى تەسەۋۋۇپچىلىق پائالىيىتىگە كۈچلۈك مەدەت بەردى. ئۇلارغا يۇقىرى دەرىجىدە ئەقىدە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تاشكەنت، سەمەرقەنت، قوقەنت، بۇخارا قاتارلىق جايلاردىن قېچىپ كەلگەن بۇ غوجىلار ناھا-

يىتى تېز ئارىدىلا ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقتى. سوپىزادىلىق تەشۋىقاتى بىلەن ئاممىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان غوجىلارنىڭ «سەئىدىيە ھاكىمىيىتىنى» پاچاقلاپ تاشلاپ، ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ غوجىلار ھاكىمىيىتىنى تىكلەشتىن ئىبارەت شۇم نىيىتى ئىسمائىل خان دەۋرىگە كەلگەندە تولۇق ئاشكارىلاندى «قارا تاغلىق»[16] لارنىڭ ئاقساقىلى غوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئوغۇللىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن «ئاق تاغلىق»[17] لارنىڭ ئاقساقىلى غوجا مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ ئوغلى غوجا ھىدايىتۇللا ئىشان، بۇ مەزگىلدە يەركەنگە كېلىپ، ئىككى يۈزلىمىلىك بىلەن چوڭ ئابروي تېپىپ، ئەتراپىدىكى «ئاق تاغلىق» مۇرىتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاشكارا ھالدا ئىسيان قوزغاپ يەركەننى مۇھاسىرە قىلىۋالدى. يەركەن ئىچىدىكى غوجىلار ۋە سوپىلارنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى بىلەن ئىسمائىل خاننى ئەسىر قىلىپ، ھىدايىتۇللا غوجا ئۆزىنى خان» دەپ ئېلان قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئىستىبلاسى ئۇزاق داۋام قىلالمىدى. 3 — 4 ئايدىن كېيىن سەئىدىيە ئەۋلادىدىن مۇھەممەت ئىمىن خان قەشقەردە كۈچ توپلاپ ھىدايىتۇللا غوجىنى مەغلۇپ قىلىپ «يەركەن خانلىقى»نى قايتۇرۇۋالدى. غوجىلارنى قوغلاپ چىقاردى. ھىدايىتۇللا غوجا ئەسىر قىلىنغان ئىسمائىل خاننى ئېلىپ مۇرىتلىرى بىلەن ئىلىغا قاچتى ۋە ئۇ يەردىكى جۇڭغار خانلىقىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ھىدايىتۇللا غوجىنىڭ بۇ تەلىپى جۇڭغارىيە خانى

غالدان قۇنتەيجىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئالتە شەھەر-
نى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئارزۇسىغا تازا ماس كەل-
دى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھىدايىتۇللا غوجىنى ئۆز پا-
ناھىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا «ئاپاق» ناملىق شەرەپ ئۇن-
ۋانىنى بەردى. شۇندىن باشلاپ، ھىدايىتۇللانىڭ
نامى«ئاپاق غوجا»دەپ ئاتالدى. ئاپاق غوجا جۇڭغار خانلىقى-
نىڭ ھۆكۈمرانى باتۇر قۇنتەيجىنىڭ تۆتىنچى ئوغلى غال-
داننىڭ پانالىقىدا تۇبۇت (تىبەت) بەشىنچى دالاي لا
ماقوشۇنلىرىغا يۆلىنىپ، 1679-يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ
ئاخىرقى ۋەكىلى مۇھەممەت ئىمىن خانغا قارشى چوڭ دۆ-
لەملىك قوشۇن تارتىپ كېلىپ. مۇھەممەت ئىمىن خان-
نى ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن 170 يىل داۋام قىل-
غان سەئىدىيە ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ئاپاق خوجا
باشچىلىقىدىكى غوجىلار ھۆكۈمرانلىقى تىكلەندى.
شۇنىڭ بىلەن بۇ جايلار جۇڭغار خانلىقىنىڭ كىنەز
لىكىگە ئايلىنىپ، ئاپاق غوجا ئەۋلادلىرىنىڭ 80 نەچ-
چە يىللىق پاراكەندىلىك ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە خاراب-
لىشىشقا باشلىدى.

خۇلاسە قىلغاندا. چاغاتاي نەسەبىدىن سۇلتان
سەئىدخان ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان 1514 - يىلى-
دىن، سەئىدخانىنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادى مۇھەممەت
ئىمىن خان ئاغدۇرۇلغان 1679 - يىلغىچە بولغان دەۋر-
شىنجاڭ تارىخىدا «سەئىدىيە دەۋرى» دەپ ئاتالدى.
ئۇنىڭ تەۋەلىكى تىبەت، كەشمىر، بەدەخشاندىن تار-
قىپ. ئالتاي ۋە ئىمىل (تارباغاتاي)دىن باشقا پۈت-

كۆل، شىنجاڭ رايونىنى (كېيىنچىرەك غەربىي تۈركىس-
تان رايونلىرىنىڭ بىر قىسمىنى) ئۆز ئىچىگە ئالات-
تى. بۇ دەۋرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ھاكىمىيەت مەر-
كەزلەشكەن، جەمئىيەت بىرقەدەر تىنچلىنىپ گۈللى-
نىشكە يۈزلەنگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. سە-
ئىدىيە دەۋرىدە خەلق ئۈستىدىكى ھەددىدىن ئارتۇق
باج - ياساق مۇۋاپىق تەڭشەلدى. خانلىق نىزامى
يولغا قويۇلۇپ، ئوردا ئىچىدىكى چېكىدىن ئاشقان
چىرىكلىك ۋە كەيپى - ساپالىق تۇرمۇشقا خاتىمە
بېرىلدى. خان بولغان كىشى ھەر يىلى نەۋەلىكىدى-
كى پۈتكۈل يۇرتلارنى ئارىلاپ پۇقرانىڭ ئەرزىنى
تىڭشايدىغان ۋە شۇ ئاساستا يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ
خەلقنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىشىنى چەكلەيدىغان
ھالەت شەكىللەندى. چاغاتاي دەۋرىدە ۋەيرانچىلىق-
قا ئۇچرىغان ئىقتىسادىي ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈر-
دى. بۇنىڭ بىلەن سۇ ئىنشائاتلىرى، يول، كۆۋرۈك-
توغان قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ بېرىلدى. ئەسكىرىي كۈچ-
نى قىسقارتىپ ھەربىي چىقىمنى ئازايتتى.

سەئىدىيە دەۋرىدە بولۇپمۇ سودا - سانائەت كۆ-
رۈنەرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى. چاغاتاي دەۋرىدە
بىر مەزگىل توزۇلۇپ قالغان «يىپەك يولى» سودى-
سى قايتا راۋاجلىنىپ، بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي
ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.
ئىچكى ۋە تاشقى سودا راۋاجلاندى. بۇ جايلاردىن
ئىچكى ئۆلكىلەرگە قاشتېشى، ئالتۇن، جاۋاھىر، ماتا

چەكمەن، يۇڭ، تېرە، زىلچا كىرگۈزۈلۈپ، كۆپ مىق-
داردا يىپەك، تاۋار، چىنە - قاچا، فارفور بۇيۇم-
لارغا ئالماشتۇرۇلدى. جۈملىدىن ھىندىستان، ئىراق،
ھەمەدان، شىراز، تەبرىز، تېھران، مىسىر قاتارلىق
جايلارغا كىگىز، ماتا، چەكمەن، ئالتۇن، يىپەك قا-
تارلىق يەرلىك ماللار كىرگۈزۈلۈپ، ئۇ يەرلەردىن
دورا - دەرمەك ۋە باشقا ماللارنى ئالماشتۇراتتى.
شۇنىڭ بىلەن شەھەر بازارلار ئاۋاتلاشتۇرۇلدى. بە-
زى يېڭى ئاۋات مەھەللە بازارلىرى شەكىللىنىپ،
چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇرۇش خارابىلىرى مەمۇرلاش-
تى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ يەرلىك سانائەت تۈرلىرى:
بىناكارلىق، تاشچىلىق، ئارخىتېكتۇرلۇق، نەققاش-
لىق قاتارلىقلار كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۈكسەلدى.
بولۇپمۇ كان - مەدەنچىلىك سانائىتى سەئىدىيە دەۋ-
رىنىڭ ئاساسىي ھۆكۈمەت مەبلىغى بولدى. ئەنە شۇ
دەۋرلەردە يېڭىساردىكى شاناز تۆمۈر كانى، كۇچا
مىس كانى، كىردىيە، چەرچەن تۆمۈر، مىس، ئالتۇن
كانلىرى... ئېچىلىپ، ئۇنىڭدىن قېزىۋېلىنغان مەدەن-
لەر ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئېشىپ، قوشنا جايلارغا
ئېكسپورت قىلىندى. مەدەنچىلىك سانائىتىنىڭ تە-
رەققىياتى بۇ جايلارنىڭ زەرگەرلىك، مىسكەرلىك،
تۆمۈرچىلىك قاتارلىق يەرلىك قول سانائىتىنىڭ تە-
رەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ، سەئىدىيە دەۋرىدە يېڭى
گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. بىز بۇنىڭ تە-

ـسلاتىنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىمىز.

× × ×

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن «ئالتۇن دەۋرى» ھېسابلانغان قاراخانىلار دەۋرى ئەدەبىياتى چىڭگىزخان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۇرۇش سىياسىتى كاساپىتىدىن بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن تارىخنى ئۈزۈپ قويغىلى بولمىغىنىدەك، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەنئەنىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋېتىش ھەممۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەرق ئۇرۇپ گۈللىنىۋاتقان قاراخانىلار ئەدەبىياتىنىڭ ھامىسى سۈپىتىدە سەئىدىيە دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىنى قايتىدىن نۇتىلاشقا باشلىدى.

مەلۇمكى، بىر دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى ھەر خىل ئامىللارغا باغلىق بولغىنىدەك، سەئىدىيە دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىمۇ ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلەرنىڭ تۈرتكىسىدىن خالى ئەمەس.

بىر تەرەپتىن ئالغاندا، «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ پاساھەتكە يەتكەن بۇ دەۋرلىرىدە «يۈرەك تارلىرىدىن يىپ ئېشىپ ئۇيغۇر نەزمىسىنى جەۋلانغا كەلتۈرگەن» ئاتايى، سەككاكى، لۇتپى، ناۋايىغا ئوخشاش بۈيۈك نامايەندىلەر

بارلىقى [illegible] پوئېتىكىسىنىڭ ئۈزۈلمەس دولقۇن-لۇق ئېقىمىنى ھاسىل قىلدى. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئۆچمەس تۆھپىلىرى ھەققىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت يارىتىشتا ئۆز زىممىسىگە چۈشكەن شەرەپلىك مەجبۇرىيىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە يېتەكچىلىك قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيىتى (زامان ۋە ماكان جەھەتتە) تۆمۈرلەر دەۋرىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، ئەنئەنە ۋە نەسەب ئورتاقلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن سەئىدىيە خانلىقى تەۋەلىكىدىكى قېرىنداشلىرى ناھايىتى چىڭقۇر تونۇش ئىدى. ۋە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىياتى دەپ قارايتتى. شۇڭلاشقا ناۋايى قاتارلىق نامايەندىلەرنىڭ مول بەدىئىي ئىجادىيەتلىرىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىسىز سەئىدىيە دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، سۇلتان سەئىد خاننىڭ ئۆزى مەرىپەتپەرۋەر ئائىلە مۇھىتىدا ئۆستى. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى يۇنۇس خان ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەرىپەتپەرۋەر خانى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ياردىمى بىلەن بۈيۈك ئالىم مەۋلانا ئېلى يەزدى[18]گە شاگىرت بولۇپ، 12 يىل ئوقۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك ئالىمى بولۇپ يېتىشكەن ئىدى. سەئىدخاننىڭ دادىسى ئەھمەت خان يۇنۇس خاندىن بى-

ۋاستە تەربىيە ئالدى ۋە ئوغلى سەئىدخاننى كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ئىلىم - مەرىپەت سۆيى بىلەن يۇ-غۇردى. سەئىدخان يەنە بىر نەۋرە تۇغقىنىنى شائىر ئوبۇلقاسىم بابۇر بىلەن بىر مەزگىل ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس تىل-لىرىنى ناھايىتى پۇختا ئۆگەندى. بىز يۇقىرىدا شەرھە-لىگەندەك، سەئىدخان 20 ياش ۋاقىتلىرىدا ئىلىم-پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىقتىدارلىق ئالىمى بولۇپ قالماستىن بەدىئىي ئەدەبىيات جەھەتتىمۇ خېلى تونۇلغان شائىر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىلىم ئەھلىلىرىنى بولۇپمۇ شائىر-لار ۋە مۇغەننى (سازەندە)لەرنى ئارتۇقچە ھۆرمەت قىلدى ۋە ئۇلارنى ئەتىۋارلىدى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ شېئىرى ئىجادىيىتى تولۇق «دىۋان» سۈپىتىدە ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولمىسىمۇ، لېكىن «تارىخى رەشىدى»دە ئۆرنەك قىلىنغان بەزى شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ خېلى كامالەتكە يەتكەن شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈش تەس ئەمەس:

قايسى گۈلشەننىڭ يۈزىگە بىر گۈلى رەناسى بار،
قايسى گۈلنىڭ بىر مېڭىدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.
ھۆر بىرلە جەننەتۇلمە ئۋانى كۆڭلۈم نەيلىسۇن،
يارىنىڭ كويىدا يۈزمىڭ جەننە تۇلمە ئۋاسى بار.
لەئلىدىن خەتنى بۇدۇر① ھەردەم تىرىكلىككە نىشان.

① لەئلىدىن خەتنى بۇدۇر — يارنىڭ ئىككى لېۋىدىن چىققان تىنىق مەنىسىدە.

خۇش ئىشاندۇركى ئىككى قاشىدىن تۇغراسى① بار.
بىر چۇچۇك سۆز بىرلە ئۆلگەن جىسمىمە بەردىڭ ھايات،
لەئلى جان بەخشىدە② گويا كىم مەسىھ ئەنپاسى③ بار.
يۈزى ئۆززە كاكۇل ۋە زۇلپىن④ پەرىشانى كۆرگىلى،
ئى سەئىد ئاشىپتە⑤ كۆڭلۈمنىڭ ئەشەپ سەۋداسى بار.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە سۇلتان سەئىدخاننىڭ بىرقانچە پارچە يازغان شېئىرلىرىمۇ مەلۇم.

بۇ دەۋردە «تارىخ رەشىدى» ناملىق داڭلىق تارىخىي ئەسىرى بىلەن شۆھرەت تاپقان مىرزا ھەيدەر كوراگان تارىخ ۋە ئەدەبىيات ئىلمى جەھەتتە سۇلتان سەئىدخانغا شاگىرت ئىدى. ئۇ بىر مەزگىل سەئىدخان ئوردىسىدا ئۇنىڭ بىللەن تۇردى. كېيىنرەك قەشقەرنىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇ «تارىخ رەشىدى» ناملىق ئەسىرىنى 1544 - يىلى يېزىپ بولدى. مەزكۇر — تارىخچىدىن نەمۇنە ئالغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ھازىرغىچە مەلۇم بولمىسىمۇ.

① ئىككى قاشىدىن تۇغراسى — يارنىڭ ئىككى قېشى ئۇنىڭ ئاشىقلىرىغا ھايات يولىنى كۆرسەتكۈچى ماۋزۇ (بەلگە)

② لەئلى جان بەخشىدە — سۆيگۈنۈمنىڭ لېۋىدە ئۆلۈككە جان ئاتا قىلىدىغان بەھىلىرى بار.

③ مەسىھ ئەنپاسى — قىسسەل ئەنبىيادا ئېيتىلىشىچە، ئەيسا پەيغەمبەر ئۆلگەن ئۆلۈككە (نەپەس) دەم سالسا ئۆلۈك تىرىلگەنىدەك، يارنى سۆيۈش ئۇنىڭ ئىشقىدا ئۆلگەن ئاشىقلىرىنى تىرىلدۈرىدۇ.

④ كاكۇل ۋە زۇلپىن — تال - **تال بولۇپ** يۈزلىرىگە چېچىلىپ تۇرغان چاچ.

⑤ ئاشىپتە — زارلانغان، نالە قىلغان.

«تارىخ رەشىدى» ئىچىگە ئۆزىنىڭ بەزى شېئىرىي پارچىلىرىنى سىڭدۈرگەن ھەمدە بۇ تارىخىي ئەسەرنى شەرق تارىخچىلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئەدەبىيات ئامىللىرى بىلەن يورۇتقان. شۇڭا بۇ ئەسەرنى «تەزكىرە ئەدەبىياتى» دېيىش مۇمكىن. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى ئىسلامىيەتتە كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن تارىخىي ئەسەرلەردىن ئۆزىنىڭ رېئاللىقى، ئەپسانىۋىلىقتىن خالىلىقى، ۋەقە - باياننىڭ ئىزچىللىقى، تارىخىي پاكىتلىرىنىڭ بىر قەدەر مۇقىملىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەسەر ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي خاتىرىسى سۈپىتىدە ئىلىم دۇنياسىدا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

سەئىدىيە دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئۇتۇقلىرى ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئابدۇرېشىت خان ئۆز دەۋرىنىڭ خوش تەبىئەت، شېئىردىن سۆزلۈك شائىرى ۋە مەرىپەتپەرۋەر خانى ئىدى. جۈملىدىن مۇزىكا ئىلمىنىڭ مۇتەخەسسىسى (ئۇستازى) ئىدى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا خېلى كۆپ ئۇيغۇرچە ۋە پارسچە شېئىرلارنى يازدى. «تارىخ رەشىدى» دە ئۇنىڭ بىرقانچە شېئىرىي پارچىلىرىنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتكەن:

گەر بويۇڭنى سەرۋى دېسەم، سەرۋىنىڭ يوق مېڭىشى،
گەر لېۋىڭنى غۇنچە دېسەم، غۇنچىنىڭ يوق سۆزلىشى.

× × ×

دۇنيا بىر ھۆسنى ئەلىدە نامىھردۋانى پىش ئەمەس،
كىمكى سۆيسە سوددىن كۆپرەك زىيانى پىش ئەمەس.
دۇنيانى باقى تەسەررۇپ تۇتمىغىل شەددادىدەك،
نەچچە بىر ئىت كەم دېگەندەك ئۇستىخۋانى پىش ئەمەس.
ئۇشبۇ دۇنياغا پەرزەنت ئادەمنى ئەۋەتمەكتىن غەرەز،
قۇللۇغۇم قىلغايمۇ دەپ بىر ئىمتىھانى پىش ئەمەس.
سەلتەنەت تەختىدە «مەندۇرمەن» دېگەن ئول شاھلار،
جان بېرۇردە بىر گادايى ناتىۋانى پىش ئەمەس.
ئى رەشىدى بولمىغىل مەغرۇر جاھان گۇلزارىغا،
قايسى گۈلشەنىنىڭ گۈلى ئاخىر غازانى پىش ئەمەس.

(مەنىسى) دۇنيانىڭ خۇددى ساھىبجامالالارنىڭ ۋاپاسىزلىقىدەك. مېھرىبىسزلىكى ئاز ئەمەس. كىمكى دۇنيانى (بايلىقنى) سۆيسە، ئۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ. دۇنيانى مەڭگۈلۈك دەپ ھېسابلاپ شەددادتەك زالىم بولسا (ئەرەبتە ئۆتكەن بىر ۋەھشىي زالىم شاھ)، دۇنيانىڭ ئۇنىڭغا مۇئامىلىسى خۇددى ئىت - سۆڭەك تالاشقاندەك. نۆۋىتىدە ئانچە - مۇنچە لەززىتىمۇ بولىدۇ. دۇنياغا ئادەم بالىلىرىنى كەلتۈرۈشتىكى غەرەز ئۇلار خۇدا ئەمرىنى تۇتامدۇ - يوق؟ دېگەننى سىناق قىلىش ئۈچۈندۇر. سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپ «مەندۇرمەن» دېگەن پادىشاھلارمۇ جان بېرىش ۋاقتىدا بىر ئاجىز، تىلەمچى گادايدىن ئارتۇق ئەمەس. ئى رەشىد، سەنمۇ جاھاننىڭ مەنى-

شەت گۈلزارىغا ئالدىنىپ ئارتۇقچە مەغرۇرلانما، قاي-
سى بىر گۈلشەننىڭ گۈللىرىمۇ، ئاقىۋەت غازاڭ بول-
ماي قالمايدۇ؟).

ئابدۇرېشىت خاننىڭ بۇ غەزىلىدە بەلگىلىك پەل-
سەپىۋى پىكىر ئالغا سۈرۈلگەن. مۇھىمى دۇنيانىڭ
مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ پانتېئى-
زىملىق قاراش گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. لېكىن سە-
ئىدىيە دەۋرىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك پىكىر ئېقىمىدا
تەسەۋۋۇپچىلىق تەلىماتلىرى بىر مەزگىل ئۈستۈنلۈك-
نى ئىگىلىگەن ئىدى. جۈملىدىن ئابدۇرېشىت خانمۇ
ئىدىيە جەھەتتىن تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ ھىمايىچىسى
ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ غەزەللىرى ئىسلام پەل-
سەپىسىنىڭ بىر مەزھىپى بولغان ئىدېئالىستىك تەسەۋ-
ۋۇپچىلىق ئىدىيىسىدىن خالى بولالمىدى.

«تارىخ رەشىدى»دە يېزىلىشىچە ئابدۇرېشىت خاننىڭ
ھۇزۇرىغا كۆپلىگەن شائىرلار جەم بولغان بولۇپ، ئۇ-
لارنىڭ ئارىسىدا يەركەنلىك ئاياز بەگ قۇشچى ① ئا-
لاھىدە داڭ كۆتۈرگەن. لېكىن ئاياز بەگنىڭ بىئو-
گرافىيىسى بىزگە نامەلۇم. ئاياز بەگ قۇشچىنىڭ يېقىن-
دا «جاھاننامە» ناملىق مەشھۇر داستانى تېپىلدى.
بۇ داستان ئىدىيە ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن دەۋر
ئېتىبارى بىلەن XV ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا
يۈكسەك ئورۇننى تۇتىدۇ. (بۇ ئەسەر كەلگۈسىدە

① يەركەننىڭ قۇشچى يېزىسىدىن بولۇپ شۇ نامى تەخەللۇس قىلغان
بولۇشى مۇمكىن

ئاممىغا تونۇشتۇرۇلغۇسى). ئۇنىڭ ئابدۇرېشىت خان شەنىگە ئىجاد قىلغان مەدھىيە نامىلىرى ئۆز دەۋرىدە خېلى شۆھرەت قازانغان. ئاياز بەگنىڭ «كەلدى» ناملىق مەدھىيە نامىسى مۇنداق باشلىنىدۇ.

ساقى مەيى پەرەھبەخش - تۈتكىم باھار كەلدى،
ئىشرەت زامانى يەتتى ئول گۈلئۈزار كەلدى.
بولدى چەمەن مۇنەۋۋەر ئېچىلدى رەڭگى گۈللەر،
تۆرت چام روھپەرۋەركىم - غەمگۈزار كەلدى.

(مەنىسى — ئى ساقى. خۇشاللىق بەخش ئەتكۈچى شارابىڭنى سۇنغىل. چۈنكى باھار كۈنلىرى كەلدى. خۇشاللىقنىڭ زامانى يېتىپ كەلدى. گۈل يۈزلۈك سۆيگىنىمىز كەلدى. چىمەن باغلار جۇلالىنىپ رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلدى. شادلىق شارابىنى ئۈزمەي قۇيغىنكى دەۋرىمىزنىڭ دەۋرانى كەلدى).

بۇ شېئىر گەرچە ئوردا شائىرلىرىنىڭ مەدھىيە نامىسىدەك كۆرۈنسىمۇ، دەۋر ئېتىبارى بىلەن سەئىدىيە دەۋرىنى قانداق چۈشىنىش ھەققىدە بىزگە بەزى مەلۇماتلارنى يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ.

ئابدۇرېشىت خاننىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇھىم تۆھپىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە بېيىتىشتا كۆرۈلىدۇ. «تارىخ رەشىدى» (زەيلى) دە ئابدۇرېشىت خاننى «مۇزىكا ئىلمىنىڭ مۇسەننىفى ئىدى. ئۇ «ئىشرەت ئەنگىز» (خۇشاللىق قوزغاش) دېگەن بىر مۇقام ئىجاد قىل-

دى، بۇ مۇقام ئالدىدا بارلىق ئەھلى ساز تەسلىم بولدى. چارتار، دۇتار، ساتار، قالۇن، راۋاب، ئۇد، غىجەكلەرنى ياخشى چالالايتتى» ⑲ دەپ تەرىپ- لەيدۇ. موللا ئىسمەتۇللا مۆجىز مىلادى 1854 - يىلى يازغان «تاۋارىخ (مۇسىقىيۇن» مۇزىكىشۇناسلار تارىخى) ناملىق ئەسىرىدە «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ئامان- نىساخاننىڭ ئىجاد قىلغانلىقىنى. كېيىنچە بۇ مۇقام- نى ئابدۇرېشىتخان غەيرەت - نومۇس يۈزىسىدىن ئۆز نامىغا مەنسۇپ قىلىپ ئېلان قىلغانلىقى ۋە مۇ- زىكىشۇناسلارغا ئۆگەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇ بايان ئەمەلىيەتكە بىر قەدەر ئۇيغۇن، ئابدۇرېشىت خان مۇزىكا ساھەسىدىكى ئاشۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىد- لەن شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق مۇقامچىلىرىنى ئۆز ئەت- راپىغا توپلىدى. ئۇيغۇر خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرى (ئۇقتىملىق ھالدا 12 مۇقام) نى توپلاش، رەتلەش، ئۆگىنىش ئورنىنى تەشكىل قىلدى. ئۇنىڭغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر مۇقامشۇناسى ۋە شائىرەسى ئامان- نىسا (نەپىسە) بىلەن شائىر ۋە مۇزىكانت قىدىرخان يېتەكچىلىك قىلدى. ئەپسۇسكى، ئامانىسا بىلەن قىدىرخان سەئىدىيە نەسەبىدىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار توغرىسىدا «تارىخ رەشىدى» (زەيلى) دە ھېچ- قانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن. كېيىنكى تارىخى مە- تبەرىيەللار ۋە خەلق ئارىسىدا ساقلانغان رىۋايەتلەر- دىن مەلۇم بولۇشىچە. ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ئاتاقلىق ئىجادىيەتچىسى ۋە رەتلىگۈچىسى ئامانىسا 1534 -

يىلى دولاننىڭ — (مەكىت ناھىيىسىنىڭ) تىزناپ دەرياسى بويىدىكى قومۇش مەھەللە (شەھتالا) سىدە مەھمۇت ئىسىملىك بىر كەمبەغەل مۇزىكانت ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى «ئامانىسا» (ئىسەن بىۋىل) بولۇپ ئۇ 8 ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ يېتىم بولۇپ قالىدۇ. مەھمۇت ئاكا يىگانە ئامراق قىزى ئامانىسانىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە مەلھەم بېرىپ، غېرىب - دىشۋارچىلىقىنى تەرك ئېتىش ئۈچۈن ئاخشاملىرى ئۇنىڭغا ساتار بىلەن تەڭكەش قىلىپ مۇقام ئېيتىپ بېرەتتى ۋە ئامانىساغا زېرىكمەستىن ساتار چېلىشنى ئۆگەتتى. ئامانىسا كۈندۈزى ئۆز يېزىسىدىكى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇسا، كەچتە مۇزىكا ئۆگىنەتتى. سەپىلىقىنى دەسمايە قىلغان شۇ زامانىنىڭ مۇتەئەسسىپلىرى تىزناپ دەرياسىغا سۇ كەلمەي قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ دىنىي شەرىئەت يولى بىلەن مەھمۇت ئاكا ئائىلىسىنى ئۆز يۇرتىدىن قوغلىۋەتتى. ئۇلار بىردىنبىر بايلىقى بولغان ساتار. تەمبۇرلىرىنى كۆتۈرۈپ ئامالسىزلىقتىن تەكلىماكاننىڭ بىر بۇرجىكى بولغان قازانكۆل جاڭگاللىقىغا بېرىپ ماكانلاشتى. بۇ پىنھان ماكان ئامانىسانىڭ مۇزىكا سەنئىتىدە كامالەت تېپىشىغا ئاساس بولدى. ئۇ مەھمۇت ئاكىنىڭ ياردىمى ۋە ئەتراپتىن ئۇلارنى يوقلاپ تۇرىدىغان مۇقامچى يارۇ-دوستلىرىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ئارقىسىدا 16 ياشلار-

غا كىرگەندە تەگدىشى يوق مۇقامشۇناس بولۇپ يې-
تىشتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يالغۇز ساتىما ئۆي
ئەتراپىدا پۇقراچە كىيىنىپ شىكارغا چىققان ئابدۇ-
رېشىتخان بىر نەچچە نەركەرلىرى بىلەن پەيدا
بولدى. خان مەھمۇت ئوتۇنچىنىڭ ساتىمىسىغا كىرىپ،
ئېسىغلىق تۇرغان ساتارغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى چې-
لىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ تەلىپى بىلەن
ئامانىسا ساتارنى قولغا ئېلىپ ئەدەب - قائىدە بى-
لەن «بىزنىڭ يۇرتىمىز چەترەك بىر ماكان. بىلگى-
نىمىز ئاز، بىز ھەم ناتىۋان» دەپ قوشاق بىلەن
ئۆزرىخاھلىق ئوقۇپ. ئارقىدىنلا پەنجىگاھ مۇقا-
مىغا كامالچە تارتتى.

كىشى كەلدى جاھانغا، كۆردى تەگسىزلىك
بالاسىنى،
خۇدا ۋەندا قوبۇل قىلغىن پەقىرلەر ئىلتىجاسىنى.
ئادالەت بىرلە دۇنيادا ھۆكۈم سۈرسە ئۇلۇغ
خىسلەت،
شۇڭا ئەل باشپانا دەرلەر دىيارىم پادىشاھسىنى.
..........................................................
چىمەندە گۈل ئېچىلغاندا قىلۇر بۇلبۇل نىچۇك
تاقەت،
شۇ چاغ بۇلبۇل تۇرالامدۇ جاراڭلاتماي ناۋاسىنى
ھەقىقەت ھەم ئادالەتنىڭ ئۇلۇغ سەرداردىنى
يادلاپ

نەپەسچالدى شۈكرانە قىلىپ بۇ پەنجىگاسىنى.

ئابدۇرېشىتخان مۇقامنى ئاڭلاپ ناھايىتى زوقلاندى. تېكىستنىڭ ئىجادچىسى ئامانىسا ئىكەنلىكىنى ئۇققاندا، ئۇنىڭدا ئامانىساغا نىسبەتەن كۈچلۈك ھۆرمەت ۋە ھەۋەس قوزغالدى. ئامانىسانىڭ تالانتىغا بولغان زوقى بىلەن ھۆسنى گۈزەل قىزنىڭ ئىشقى بىرلىشىپ ئابدۇرېشىتخاننىڭ قەلبىدە چەكسىز مۇھەببەت تۇيغۇسىنى پەيدا قىلدى. ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئامانىسانى مەلىكىلىككە قوبۇل قىلدى. مەھمۇت ئاكىنىمۇ بىللە ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ، يەركەن خانلىق ھەرەمخانىسىنىڭ مەخسۇس ھۇجرىسىدا تۇرغۇزۇپ، «مۇقام» نى رەتلەش ۋە تولۇقلاش ئۈچۈن پايدىلىق شەرت-شارائىت يارىتىپ بەردى. ئابدۇرېشىتخان ئامانىسانىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئاتاقلىق مۇقامچىلار ۋە شائىرلارنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ «12 مۇقام» نى رەتلەش ئىشىنى باشلىدى. ئەنە شۇ مۇقامشۇناسلار ئىچىدە مەھمۇت ئاكىنىڭ يېقىن كەسىپدىشى قىدىرخانمۇ بار ئىدى. قىدىرخان شۇ مەزگىللەردە پۈتۈن ئەتراپقا نامى داڭ كەتكەن قوش ئاۋازلىق مۇزىكانت ۋە تالانتلىق شائىر ئىدى. ئۇ «12 مۇقام» نى توپلاش ۋە رەتلەش جەريانىدا ئامانىساغا يېقىندىن يار-يۆلەكتە بولدى. ئۇلار بىرلىشىپ «12 مۇقام» نى رەتلەشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىشنى غەلىبىلىك

ئورۇنلاپ، خەلق قەلبىدە يۈكسەك ھۆرمەتكە ئېرىشتى. ئۆچمەس ئەمگىكى ۋە ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى بىلەن ئابدۇرېشىت خاننىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. لېكىن ئامانىسا ۋە قېدىرخانلارنىڭ «12 مۇقام»نى توپلاش، رەتلەش ئىشى ھەمىشە خان ئوردىسىدىكى سۈيىقەستچى گۇرۇھ بىلەن خۇسۇمەتچى سوپى - ئىشانلارنىڭ قارشىلىقىدىن ۋە توسقۇنلۇقىدىن خالىي بولالمىدى. بىراق، بۇ پىتنىچى ۋە خۇسۇمەتچىلەرنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرى پاراسەتلىك ئامانىسانىڭ ئالدىدا بەربات بولۇپ، بۇلارنىڭ رەزىل مەقسەتلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى. يەركەن خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر قىزى ئامانىسا شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە «دىۋان نەپسە» ناملىق بىر شېئىر توپلام «ئەخلاقىي جەمىلىيە» (گۈزەل ئەخلاق). «شۇرۇلقۇلۇپ» (قەلبلەر كېڭىشى) ناملىق دىداكتىك ئەسەر يېزىپ قالدۇرغانلىقى مەلۇم. ئامانىسا 1567 - يىلى بەختكە قارشى 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولدى.

شائىر ۋە مۇقامشۇناس قېدىرخان توغرىسىدا ھازىرچە قولىمىزدا پەقەت «تارىخىي مۇسىقىيۇن» دىن باشقا مەنبە يوق. ئەنە شۇ كىتابتا: «قېدىرخان يەركەنلىك بولۇپ. مۇسىقى پەندە بۇ زاتقا ئوخشاش ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئازدۇر. قېدىرخان كۆپرەك ئەلشىر ناۋايىنىڭ غەزەللىرىدىن ئوقۇيتتى. دۇنيا داۋام قىلىپ فىساغورۇس [20] تىن كېيىن بۇ زاتقا ئوخشاش خۇش ئاۋاز ئادەم دۇنياغا كەلمىگەن

ىدى. ...راق ۋە ئىراندىن، ئىستامبۇلدىن. كەشمىر-
دىن، تەبرىزدىن، خۇارەزىمدىن، شىرازدىن، سەمەر-
قەندتىن، ئەنجاندىن، ئىستامبۇلدىن، بەلىختىن،...
يىراق شەھەرلەردىن مۇسىقى ئۆگىنىشكە كەلگەن
كۆپلىگەن شاگىرتلىرى بار ئىدى. راۋابنى، «ھەشت
تار» نى قىدىرخان ئىجاد قىلغان. شۇنىڭدەك
ئۇ، مۇزىكىنىڭ نازۇك سىرلىرى ھەققىدە مەلۇماتلار-
نى ئۆز كىتابىغا يېزىپ كەتتى. قىدىرخان يەنە
«ۋىسال» دەپ ئاتالغان بىر مۇقام ئىجاد قىلىپ
شاگىرتلىرىغا ئۆگەتتى. ئۇ ئابدۇرېشىتخان ۋاپاتى-
دىن ئىككى يىل كېيىن ۋاپات بولدى» ㉒ دەپ تە-
رىپلەيدۇ.

خېلى كۆپ مەتبەلەردە، «12 مۇقام» نىڭ رەت-
لىنىشى ۋە يېيىتىلىشىدا قىدىرخانىنىڭ تۆھپىسى ئىن-
تايىن زور ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى
ئۇيغۇر خەلق مۇزىكا قامۇسى «مۇقام» نىڭ مۇكەممەل-
لىشىشىگە سەرپ قىلدى. شۇڭا ئۇ «دىۋان قىدىر»
نامىلىق شېئىر توپلىمى ئىچىگە مۇقامغا بولغان كۈچلۈك مۇ-
ھەببىتىنى ئىپادىلەيدىغان كۆپلىگەن شېئىر پارچىلارنى
كىرگۈزگەنلىكى مەلۇم. ئۇ بىر شېئىرىدا مۇنداق
دەپ يازغان:

كەمبەغەل كىيسە كۇلانى
شەيخلىرىڭ ئادەم ئەمەس،
ئۆلگۈچە ئېيتسام مۇقامنى
مەن ئۇچۇن ماتەم ئەمەس.

يەنە بىر شېئىرىدا مۇقامنىڭ بۈيۈك قىممىتى-
نى تەرىپلەپ:

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى
جاھانغا جانكى قالۇن ساداسى.
ھېچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى
ئالەمدە يوقكى بۇنىڭ باھاسى.

دەپ يازسا، يەنە بىر شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ.
ھەشتارىمىز قىلسا خەندان دىيارىمىنىڭ گۈلىستانىدا
قۇزغۇن ئۆلۈپ بۇلبۇل كۈلەر نەغمە مەشرەپ
داستانىدا.
12 چوڭ تولۇن ئايدەڭ دىل رىشتىگە مەشئەل ياقار.
ئۇنىڭ ئەمەس. بۇنىڭ ئەمەس، يوسۇللارنىڭ
بوستانىدا.

«12 مۇقام» ئاھاڭلىرىغا سىڭىپ ئېيتقان قېدىرخان-
نىڭ مۇنۇ شېئىرى «12 مۇقام» نىڭ تىغ ئۇچى بىۋا-
سىتە ھالدا جاھالەتلىك فېئودالىق تۈزۈمگە قارى-
تىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ:
پەلەكتىن بىر سادا كەلمىش چېچىپ ھەردەم
ھالاۋەتنى،
گاداي ئىزلەپ جەننەتتىن تاپالماس ئۇ ساخا-
ۋەتنى.
ئاتا قىلسا مۇنارىمنى ياساپ كەۋسەر ۋە ھەل
تاشتىن،
قېدىر ئۆلمەس مۇقام ئىچرە قىلىپ گۈھران
جاھالەتنى.

ئەپسۇسكى «دىۋان قېدىر» ناملىق بۇ شېئىرىي توپ-
لام تولۇق نۇسخىسى بىلەن ھازىرغىچە يېتىپ كېلەل-
مىگەن. پەقەت كېيىنكى بەزى يازما ۋە ئاغزاكى ما-
تېرىياللاردىلا ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك روشەن خاھىش-
چانلىقى بار شېئىرلىرىنىڭ مەلۇملۇقى قەيت
قىلىنىدۇ. ㉓

تۇداخۇن ئاكا قاتارلىق داڭدار خەلق مۇقامچى-
لىرى ۋارىسلىق قىلىپ ساقلاپ قالغان «12 مۇقام»
گەرچە كېيىنكى دەۋرلەردە تېخىمۇ بېيىغان ۋە مۇ-
كەممەللەشكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئابدۇرېشىت خان
دەۋرىدە قىدىر خان قاتارلىق مۇقامچىلارنىڭ رەتلىگەن
«12 مۇقام» نى ئاساس قىلغان ۋە شۇ ئاساستا
تولۇقلانغان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «12 مۇقامى» بىرلا ۋاقىتتا
شەكىللەنگەن ۋە سىستېمىلاشقان نەرسە ئەمەس. ئۇ
ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ نۇرغۇن تەسىرلىك ئەقلىي
ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات
جەريانىدا كۆپلىگەن مۇزىكىشۇناسلارنىڭ جاپالىق ئەم-
گەك ئەجرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن.

يەركەنلىك قېدىرخاننىڭ «دىۋان قېدىر» نام-
لىق ئەسىرىدە، ئىسلام دىنىغا كىرگىلى ئۇنۇمىغان
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب ئىستېلاسىغا
قارشى كۈرەشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ،
«تېگىشلىگەن قان» ناملىق شېئىرىنى «چەبىبىيات»
مۇقامىغا سېلىپ ئوقۇغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ شې-

سەئىدىيە ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى گۆدەكلىك چاغلىرىدىلا زەلىلىگە خارلىق ۋە غۇربەتچىلىكنىڭ شىۋىرغان ئازابىنى كۆرسەتكەن ئىدى. سىۋانا رابدانىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىككىنچى قېتىم زەپتە قىلىغان چاغلىرىدا، زەلىلى 29 — 30 ياشقا توشقان يىگىت بولغاچقا، ئاشۇ دەۋردە يۈز بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي پاجىئەنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى مۇئەييەن دەرىجىدە چۈشەنگەن ئىدى. بۇ ھال زەلىلى شېئىرلىرىدا سەئىدىيە دەۋرىگە سېغىنىش، غوجىلار ۋە سوپىلارغا غەزەپ - نەپرەت ھېسسىياتىنى ئويغاتقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ 1720 - يىلى 46 يېشىدا يازغان 1122 بېيىتلىق «سەپەر نامە» داستانى، 1744 - يىلى 70 يېشىدا يازغان «تەزكىرى خوجا مۇھەممەت شەرىف» قاتارلىق داستانلىرى، جۈملىدىن كۆپلىگەن غەزەل - مۇخەممەسلىرى سەئىدىيە دەۋرىگە ھامىلىق قىلىش سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى.

زەلىلى ئەنە شۇنداق قاراڭغۇ ئۇپۇق ئاستىدا خەلق ۋە ئۇنىڭ رېئال ھاياتىدىن چەتنىمەي، ئۆزىنىڭ سەئىدىيە دەۋرىگە بولغان مۇھەببىتىنى، ئىجادىيەتكە بولغان يالقۇنلۇق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ جاھالەت ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ ئىلغار شېئىرىيەتنىڭ مەنىۋى مەشئىلىنى ياقتى.

شائىر زەلىلى غوجىلارنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايى - ئاپەتلىرىگە قارشى كۈچلۈك نارازىلىقىنى

ئىپادىلەپ، ئاپاق غوجىنىڭ ئەدەبلەش ئوبيېكتى سۈ-
پىتىدە پاجىئە ئۈچىقى بولۇپ قالغان سەئىدىيە دۆ-
ۋىنىڭ پايتەختى يەركەننى تاشلاپ، قەلبىدىكى
غەزەپ ئوتلىرىغا دىنىي ئىجادىيەت بىلەن تەسەللىي
بېرىپ، بەخت - سائادەت تىلەش ئۈمىدى بىلەن،
دەرۋىش سۈپىتىدە تەركى - جاھان بولۇشقا مەجبۇر
بولدى. لېكىن ئۇنىڭ دىنىي ئىجادىيەت زىيارىتى
ئۆز شەخسىيىتى ئۈچۈن قىلىنغان ھاجى ھەرەم زىيا-
رىتى بولماستىن، بەلكى ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ مەنپە-
ئەتىگە ھېسداشلىق تۇيغۇلىرى بىلەن تولغان ئىدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىر غەزىلىدە:

چىندە مۇساپىر دۇرمەن، ماچىن ئىچرە غېرىب،
يار يۈزىنى كۆرمىدىم مەن دۇنيەكى سارغىيىپ.
كەتتى بەس زوخىرىن، كەلدى بەس ئەھلى جۇنۇن
بولمىدى مەندەك زەبۇن دىلرەبادىن ئايرىلىپ.

دەپ يازغان ئىدى.

زەلىلى ئاخىرقى ئۆمرىنى خوتەندە ئۆتكۈزۈپ،
«قارا - قەيەز ئىچىدە مەھبۇس» بولغان چاغلىرىدىمۇ،
ئۆز دىۋانىنىڭ بوران - چاپقۇنلاردا غازاڭ بولمىدى-
غان «باھارى»، «گۈلىستان» مەنزىرىسى بولىدىغانلى-
قىنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن قەيت قىلىپ، ئۆز دەۋرىگە
بولغان پۈتمەس غەزەپ ئوتى بىلەن ئاخىرقى تىنىقى
توختىدى.

ئەسلى جاھاندا قالمىدى تەلبە زەلىلىنىڭ
دېمەك..

ئۆلگەندىن سۆكىرە كۆرۈك ھەر بىر غەزەلدىن
بىر ئوغۇل.

مانا بۇ مىسرالار زەلىلى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى خاتىرىسى. ئومۇمەن ئالغاندا، بىز پەقەت مىسال ئۈچۈن ئۆرنەك قىلغان زەلىلىنىڭ ئىجادىيىتى گۈللەنگەن سەئىدىيە دەۋرى بىلەن خارابلاشقان غوجىلار دەۋرىنىڭ روشەن سېلىشتۇرمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ سەئىدىيە دەۋرىنى قانداق چۈشىنىش ۋە تارىخىي ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا بەلگىلىك قىممىتى بار.

× × ×

بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەندەك سەئىدىيە خانلىرىنىڭ تارىخىدىكى ئورنى حۆڭگە تارىخىدا ئۆتكەن بارلىق فېئودال خانلىرىنىڭ شەجەرىسىدىن پەرقلەنمەيدۇ. ئەينى تارىخىي شارائىتتا قانداق گىردىم بىلەن سەھنىدە رول ئېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ماھىيىتى يەنىلا فېئودال ھۆكۈمران گۇرۇھلىرىنىڭ ئورتاق تەبىئىتىگە مەنسۇپ. كۆپلىگەن تارىخنامىلاردا XV ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا مەۋجۇت بولغان ئۈچ خانلىقنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىرسى بولغان «سەئىدىيە خانلىقى» ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان. ئېلىمىزنىڭ تا-

رىخنامىلىرىدىمۇ بۇ ھەقتە خاتىرە ئۇچرىمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يۇقىرىقى خانلىقلارنى جۈملىدىن «سەئىدىيە خانلىقى» نى جۇڭگونى يەنە بىر نۆۋەت بىرلىككە كەلتۈرگەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىنىڭ داۋامى دەپ قارىغانلىق-تىن بولسا كېرەك. مىللەتلەر تەتقىقات شۆيۈەنى-دىن ۋاڭ جژلەينىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان «چىڭگىز-خان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا» دېگەن ماقالىسىدە خوۋۇرىس يازغان «موڭغۇل تارىخى» دىكى «XIII ئەسىردىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى موڭغۇل تارىخىنىڭ بىر قىسمى قىلىنغان، بۇ دەۋردە بىر مۇنچە موڭغۇل قەبىلىلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن. كېيىن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شۇ يەردىكى ئۆزبېك، قازاق ۋە ئۇيغۇر قا-تارلىق مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن» دېگەن مۇلا-ھىزىسىنى نەقىل كەلتۈرگەن ھەمدە «مەيلى چاغاتاي خانلىقى، تۆمۈرلەڭ سۇلالىسى، موغۇلىستان (سەئىدىيە خانلىقى نەزەردە تۇتۇلسا كېرەك — ئا) بولسۇن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرىدا بول-سۇن. ھەممىسىدە چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى مۇھىم ئو-رۇننى ئىگىلىگەن. ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تۈزۈملى-رىگە چىڭگىز تامغىسى بېسىلغىنى يوق» ㉘ دەپ كۆر-سەتكەن. سەئىدىيە دەۋرىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي فورماتسىيىسىدىن قارىغاندا بۇ مەسىلىنى ئەلۋەتتە داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. چىڭگىزخاننىڭ نەسەب شە-

جەرىيانىدىن قارىغاندا، گەرچە سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تۈركلەشكەن موغۇل بارلاسلىرىدىن بولسىمۇ، ئۇرۇق - ئەۋلادلارنىڭ خانلىق نەسەبى دەۋر خاراكتېرى ۋە ھاكىمىيەت شەكلىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان يېتەرلىك ئاساس ئەمەس. دۇنياغا مەلۇم بولغان چىڭگىز ئىمپېرىيىسىنىڭ خاراكتېرى مەسىلىسى تارىخ ئىلمى ساھەسىدە قايتىدىن مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى قىزغىن ئىلىم - پەن مۇھاكىمىسىدە شۈبھىسىزكى، شىنجاڭ تارىخىدا خېلى دىققەتنى تارتىدىغان «سەئىدىيە دەۋرى» ئۈستىدىمۇ تارىخچىلىرىمىز ئاخىرقى ھېسابتا ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. مەن بۇ ماقالەمدە پەقەت «سەئىدىيە دەۋرى» ئەدەبىياتىنى شەرھلەشنى مەقسەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ دەۋرنىڭ تارىخىي خۇسۇسىيىتى، جۇڭگو تارىخىدىكى ئورنى ۋە چىڭگىزخان ھاكىمىيىتى بىلەن مۇناسىۋىتى قاتارلىق تارىخىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مەخسۇس مۇلاھىزە يۈرگۈزمىدىم.

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان بەزى كۆز قاراشلىرىمىزنى داۋاملىق روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىزلىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ مۇلاھىزىمىزنىڭ توغرا بولمىغان جايلىرىغا كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# ئىزاھاتلار

① ② كوراگان — «تارىخى رەشىدى» (زەيلى) دە يېزىلىشىچە خىزىر خوجەخان مىلادى 1388 - يىلى دادىسى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئورنىغا خان بولغاندىن كېيىن، ئۇ بۈيۈك ئەمىر تۆمۈر كوراگان بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپ قىزى توكەل خېنىمنى ئۇنىڭ نىكاھىغا بەردى. خاننىڭ قىزىنى ئالغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئەمىر تۆمۈرنى «كوراگان» ئۇنۋانى — يەنى خاننىڭ كۈيئوغلى دەپ ئاتايدىغان بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، خانغا كۈيئوغۇل بولغانلار «كوراگان» ئۇنۋانى بىلەن ئاتالدى. مىرزا ھەيدەر كوراگان ئۆزىنىڭ «تارىخ رەشىدى» ناملىق ئەسىرىنى مىلادى 1544 - يىلى يېزىپ بولغان.

③ پۈتۈن دەشتىي قىپچاق، روم (ئاناتولىيە) ماۋرا ئۇننەھىر، موغۇلىستان، چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇچىخانغا، پۈتۈن موغۇلىستان ئالتاي خان يۇرتى؛ غەربىي لياۋ (قاراكىدان)، تۈركىستان، ماۋرا ئۇننەھىرنى 2 - ئوغلى چاغاتاي خانغا، قاراقۇرۇم (ھازىرقى موڭغۇلىستان) كىلۇران، نايمان، تايانخان يۇرتلىرىنى ئوگداي خانغا، شەرقىي جەنۇبىي جۇڭگو، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنى تولۇي خانغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. (سيۇرغال قىلىندى). كىلۇران — چىڭگىز دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى پايتەختى بولۇپ، ئورنى ئۆرخۇن دەرياسى بويىدا، ھازىر خاراب بولغان.

④ موغۇلىستان — چاغاتاي خان ھۆكۈمرانلىقىدىكى پۈتۈن شىنجاڭ رايونى ئەينى ۋاقىتتا باشقىلار تەرىپىدىن «موغۇلىستان» دەپ ئاتالغان بولۇپ كۆپرەك شىنجاڭنى نەزەردە تۇتىدۇ.

⑤ ئەخمەت زەكى ۋەلىدىن توغاننىڭ «تۈرك - تاتار تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 109 بېتىدە «تېمۇرچىن (چىڭگىزخان)، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى ئۆزىنىڭ رەسمىي تىل ۋە يېزىقى قىلىپ قوبۇل قىلدى. ھەم ھەرقايسى مەمۇرىي ئورگانلىرىغا ئۇيغۇرلاردىن ياكى ئۇيغۇرچە تىل - يېزىقنى بىلىدىغان تۈركلەردىن قويدى» دەپ يازغان. يەنە بەزى تارىخ مەنبەلەردە ئۇيغۇر كاتىپ تاتا تۇڭغا موڭغۇللارغا دەسلەپ ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

⑥ بۇراق خان — چاغاتاينىڭ ئەۋرىسى يىسسۇ قاراخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، 25 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇ چاغاتاي ئەۋلادىدىن دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ بىرى. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە «سۇل-

تان غىياسىدىن» دەپ ئىسىم قويغان. ھىجرى 669 - يىلى (مىلادى 1270)، ۋاپات بولغان. ئورنىغا ئوغلى دەۋا خان بولغان. دەۋا خاننىڭ مازىرى ھازىرغىچە يەركەندە «دوخان پادىشاھسى» نامى بىلەن ساقلانغان.

⑦ «تارىخ رەشىدى» (زەيلى) 25 - بەت.

⑧ «تارىخ رەشىدى» (زەيلى) 22 - بەت.

⑨ «ئىسلام تەتقىقات شىۋ يۈەنى ژۇرنىلى» ئىستانبۇل 1973 - يىلى، نەشرى ئۈچىنچى جىلدىنىڭ 177 - بېتىدە، خىزىر خوجەخان (ھىجرى 802 - مىلادى 1399 - )، شەمئى جاھان خان (ھىجرى 815 —822 - مىلادى 1428 - 1421)، نەقش جاھان (ھىجرى 821 — 822 - مىلادى 1420 - 1421)، شىر مۇھەممەتخان (ھىجرى 824 - تۈركىستاندا، كېيىنچە ھىجرى 840 - يىلىدىن كېيىن 12 يىل موغۇلىستاندا)، ئۇۋەيىس خان (ھىجرى 822 - 824 - يىل) ئىسەن بوغاخان (مىلادى 1429—1462)، يۇنۇسخان (ھىجرى 863 - ؟ مىلادى 1478 - ؟)دەپ يەتتە خاننى خاتىرىلىگەن.

⑩ ئوبۇلقاسىم بابۇر — تۆمۈرلەر دەۋرىدە ھىراتتا بىر مەزگىل شاھ بولغان، كېيىن ئوردا ئىچىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشىدە نەزەربەند بولغان. 18 يېشىدا مىڭدەك چەۋەندازلىرى بىلەن قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، كابۇلغا كەلگەن ۋە ئۇ يەردىن ھىندىستانغا ئۆتۈپ، مەشھۇر بابۇر پادىشاھلىقىنى قۇرغان. بابۇر پادىشاھنىڭ ئانىسى قۇتلۇق نىگار خېنىم بىلەن سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاتىسى ئەھمەتخان بىر تۇغقان ئىدى.

⑪ نىياز تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان «تارىخى رەشىدى»، «قاراقچە تەبرى «رۇسچە» 139 — 137 - بەتلەر.

⑫ «ئىسلام تەتقىقات شىۋ يۈەنى ژۇرنىلى» ئىستانبۇل 1973 - يىل نەشرى ئۈچىنچى جىلد 185—186 - بەتلەر.

⑬ «تارىخ رەشىدى» (زەيلى) 64 - بەت.

⑭ ھەججاج — ئەرەب ئىسلام خەلىپىلىرىدىن ئومەييە سۇلالىسى ۋەلىدى ئابدۇلمۇلۈك ئوغلى دەۋرىدە خوراسانغا ۋالىي بولغان ئەڭ ۋەھشىي قانخور زالىم.

⑮ زوھھاك - ئىران تارىخىدا كايان شاھلىرى سۇلالىسىدىن مەشھۇر جەمشىدنى يوقىتىپ ئورنىغا چىققان شاھ بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، زوھھاك ھەر كۈنى ئىككى ياش ئوغۇل بالىنى بوغۇزلاپ يىلانغا مېڭىسىنى يېگۈزەر ئىكەن.

⑯ ⑰ ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە بۇخارالىق. مەخدۇم ئەزەمنىڭ خوجا مۇھەممەت ئىمىن، خوجا ئىسھاق ۋەلى دېگەن ئوغۇللىرى قەشقەر، يەركەنلەرگە كېلىپ «ئاق تاغلىقلار» ۋە «قارا تاغلىقلار» دېگەن ئىككى دىنىي مەزھەپنى شەكىللەندۈردى. بۇ يەردىكى «ئاق تاغلىقلار» ۋە «قارا تاغلىقلار» ئەسلىدە «ئاق تاقىيەلىكلەر» ۋە «قارا تاقىيەلىكلەر» سۆزىنىڭ ئاھاڭ بۇزۇلۇشىدىن ئىبارەت. «ئاق تاغلىقلار» دىنىي مەزھىپى «ئىشقىيە»، «قارا تاغلىقلار» مەزھىپى — «ئىسھاقىيە» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن «ئىشقىيە»، «ئىسھاقىيە» جەڭ - جېدەللىرى قانلىق پاجىئەگە ئايلانغان ئىدى.

⑱ يەزدى — ئىراننىڭ پارس دېگەن يېرى بىلەن ئىراق - ئەجەمنىڭ ئارىسىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى بولۇپ ئەدىب ئەھلى شۇ يەرلىك كىشى ئىدى. ئەلشىر ناۋائىمۇ كىچىك چاغلىرىدا ئەھلى يەزدى ھۇزۇرىغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان.

⑲ «تارىخ رەشىدى» (زەيلى) 74 - بەت.

⑳ فىساغورۇس — (پىفاگور) قەدىمىي يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن بىرى. (مىلادىدىن ئىلگىرى 580—500)

㉑ «ھەشىب تار» سەككىز تارلىق چالغۇ.

㉒ بۇ پارچىلار موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ «تارىخىي مۇسىقىيون» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

㉓ قېدىرخاننىڭ يۇقىرىقى شېئىرلىرى «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سېلىشتۇرما تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا

(1)

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە خەلقئارا ئىلىم - پەن كاتېگورىيىسىگە قوشۇلغاندىن باشلاپ، ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا مىقياسىدا كىشىلەرنىڭ كەڭ - كۆلەملىك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. خەلقئارا سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى تەشەببۇسچىسى، گېرمانىيىنىڭ كلاسسىك يازغۇچىسى گېتېدىن كېيىن، بۇ ياش پەن غەربىي ياۋروپا، شەرقىي ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق رايون ۋە ئەللەردە دەسلەپكى قەدەمدە بىخ سۈرۈپ، مۇئەييەن نەزەرىيەۋى سىستېمىغا ئىگە بولغان گېرمانىيە ئىلمىي ئېقىمى، فرانسىيە ئىلمىي ئېقىمى، روسىيە ئىلمىي ئېقىمى، ئامېرىكا ئىلمىي ئېقىمى ۋە ياپونىيە ئىلمىي ئېقىمى بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىدى. ھەمدە سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ تەرىپى، كاتېگورىيىسى، ۋەزىپىسى، ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلىگەن

ئىلمىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن پەل-
سەپە ۋە ئىدېئولوگىيە تارىخى، مەدەنىيەت ۋە ئەدە-
بىيات تارىخىي جەھەتلەردە ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا
يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھەم ئومۇملۇققا ھەم ئايرىملىققا ئىگە
خەلقئارا تەسىرلەر ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيەتلىرى
ئۈستىدە مۇپەسسەل ئىلمىي قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئېنگېلسنىڭ: «بىز تارىخنى قانچە چوڭقۇر -
ئىچكىرىلەپ تەكشۈرسەك، كېلىپ چىقىشى بىر بولغان
خەلقلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنىڭ شۇنچە كۆپ يوقى-
لىپ بارغانلىقىنى كۆرىمىز.»① دېگەن سۆزىنىڭ
سىرى يېشىلىشكە باشلىدى.

سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ ئۇقۇمى ئېلىمىزگە
20 - ئەسىرنىڭ 20 - ، 30 - يىللىرى تونۇشتۇرۇل-
غاندىن بېرى، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا كىشىلەرنىڭ ھە-
ۋىسىنى ۋە دىققىتىنى قوزغىغان بولسىمۇ، بۇ ساھەدە
تاشلانغان قەدەم تەكشى ۋە ۋاقتىدا بولمىدى. بولۇپ-
مۇ ئۇزاق يىل ھۆكۈم سۈرگەن «سول» پىكىر ئېقى-
مىنىڭ كاشىلىسى ۋە توسالغۇسى ئاستىدا جۇڭگوچە
سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئىلمىي ئېقىمى شەكىللىنەلمە-
دى. گەرچە 3 — 4 يىلدىن بويان بۇ ساھەدە خېلى
كۆرۈنگەن ئالىملار ۋە تەتقىقاتچىلار زور تىرىشچان-
لىق كۆرسىتىۋاتقان بولسىمۇ. ئېلىمىزدە سېلىشتۇرما
ئەدەبىيات يەنىلا تېخى بىر يېڭى پەن ھالىتىدە تۇر-

① «ئۆزبېك تىياتىر تارىخى» تاشكەنت، 1975 - يىل، 1 - توم،
ئېپلوك

ماقتا. ئالدىنقى يىلى بېيجىڭ داشۆسىنى مەركەز قىلغان ھالدا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەرجىمە ماقالىلەر توپلىمى» ھەمدە «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقات خەۋەرلىرى» ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تەسىر تەتقىقاتى (مەملىكەتلەر ئارا مەدەنىيەت تەسىرى)غا ئائىت ئەسەرلەرمۇ بار. پاراللېل تەتقىقاتى (بىر مەدەنىيەت سىستېمىسى ئوخشاشمىغان دەۋرلەرگە تەئەللۇق ئەدەبىيات ھەرىكىتىنى ئۆز ئارا پاراللېل ھالدا سېلىشتۇرۇش)غا ئائىت ئەسەرلەرمۇ بار. مەسىلەن، فرانسۇز جى شيەنلىنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانىغا بېسىلغان ماقالىسى بىلەن پروفېسسور ۋۇبىڭ ئەننىڭ «شىنجاڭ خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات خەۋەرلىرى» 1984 - يىلى 3 - سانىغا بېسىلغان ماقالىسى تەسىر تەتقىقاتى دائىرىسىگە تەۋە بولسا، يولداش ليۇبىننىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1983 - يىل 2 - سانىغا بېسىلغان ماقالىسى پاراللېل تەتقىقات دائىرىسىگە تەئەللۇق.

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى بويىچە يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى شىنجاڭنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى بىر يېڭى باشلىنىش بولدى. ئىشىنىمىزكى، ئۇزاققا بارمىغان يېقىن كەلگۈسى

ئىچىدە جۇڭگوچە ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقات سىستېمىسى بارلىققا كېلىپ، خەلقئارا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات مۇنبىرىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغۇسى.

چۈنكى، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن ئېلىمىز تولىمۇ پايدىلىق شەرت - شارائىتلارغا ئىگە. خۇددى جى شيەنلىنىڭ ئەپەندى كۆرسەتكەندەك، «دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا شەرق ئەدەبىياتى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. جۇڭگو، ھىندىستان، ئىران، ئەرەب، ياپون قاتارلىق كۆپلىگەن شەرق ئەللىرىنىڭ ئەدەبىياتى دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.»① بىز پەقەت سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئارقىلىق شەرق ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇھىم ئورۇننى چۈشىنىپ ئالالايمىز. بۇ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىشىمىزگە، ئەدەبىيات - سەنئەت ھادىسىلىرى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلىشىمىزگە ھەمدە بۇ ئارقىلىق مىللىي ئېپتىخارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، دۇنياۋى مەدەنىيەت يارىتىش نىشانى ئاستىدا ئۆزلۈكسىز تىرىشىشىمىزغا زور ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ.

① «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» 1984- يىل 4- سان، 7- بەت.

## 2

ئېلىمىز جۇڭگو بولسا 56 مىللەتتىن تەركىب
تاپقان قۇدرەتلىك شەرق مەملىكىتى. بۇ چوڭ ئائى-
لىدە ياشىغۇچى مىللەتلەرنىڭ تىلى خەنزۇ - زاڭزۇ
تىل سىستېمىسى، ئالتاي تىل سىستېمىسى، ھىندى
ياۋروپا تىلى سىستېمىسى، جەنۇبىي ئاسىيا تىل
سىستېمىسىغا مەنسۇپ. تارىخ، جۇغراپىيە، سىياسى،
دىن، مىللەت، داتناش قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك
ئامىللار نەتىجىسىدە ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت-
لەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشىغۇچى خەنزۇلار
ۋە باشقا ئەللەردە ياشىغۇچى خەلقلەر ئارىسىدا ئىن-
تايىن قىزىق مەدەنىيەت ئالاقىسى بولۇپ تۇرغان. مە-
دەنىيەت جەھەتتىكى مۇنداق ئۆزئارا تەسىر ئەدەبى-
ياتنىڭ تېمىسى، سيۇژىتى، ژانىرى ھەتتا بايان قى-
لىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلاردا روشەن ئىپادىلىنىپ،
ئېلىمىزدە سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنى ۋانات يايدۇرۇش-
نىڭ پايدىلىق شەرت - شارائىتلىرىنى تولۇق ھازىر-
لىغان.

شەرق بىلەن غەربنىڭ ئوخشاش بولمىغان مۇن-
داق مەدەنىيەت ئالاقىسى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جاي-
لىرىدىكى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئالاقىسى.
دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئوخشاش بول-
غان مەدەنىيەت سىستېمىلىرى ئۇچراشقان جايلاردا
تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. شىنجاڭ رايونى نەق

شۇنداق خاراكتېرگە ئىگە دۇنيانىڭ تارىخىي مەدە-
نىيەت بەلبېغى دەپ بىلىنىدۇ.

13 مىللەتتىن تەركىب تاپقان شىنجاڭنىڭ كۆپ
مىللەتلىك ئەدەبىياتىدا بۇ رايوندىكى ئاساسىي مىل-
لەت ھېسابلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ
قەدىمىيلىكى، خىلمۇخىللىقى، باي مىللىي ئەنئە-
نىگە ئىگە بولغانلىقى قاتارلىق كۆپ ئالاھىدىلىكى بى-
لەن كۆزنى چاقنىتىدۇ. مۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە
بولغانلىقىنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرى
مەۋجۇت:

ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان «غەربىي رايون» دې-
گەن ئومۇمىي نام بىلەن داڭ كۆتۈرگەن شىنجاڭ —
كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، قەدىمكى گرېك (يۇنان)
مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە مېسوپوتامىيە
مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت تۆت بۈيۈك قەدىمكى زامان
مەدەنىيىتى قوشۇلغان مەركىزىي رايونغا جايلاشقان.
ئەڭ بۇرۇنقى خرىستىئان دىنى، مانى دىنى، ئاتەشپە-
رەسلىك دىنى، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى ئىلگى-
رى - ئاخىر بولۇپ، بۇ جايغا تارقالغان. بۇ، ئوخ-
شىمىغان دىنلار بۇ رايونغا ئۆزى بىلەن بىرگە ئوخ-
شاش بولمىغان مەدەنىيەت تەسىرلىرىنى ئېلىپ كەل-
گەن. بۇ دىنلار مەركەز قىلغان ئوتتۇرا دېڭىز بوي-
لىرىدىكى كەڭ رايونلارنىڭ ھەممىسىدە تارىختا قۇد-
رەتلىك ئىمپېرىيىلەر قۇرۇلغان ھەمدە ئەنە شۇ ئىم-

چىردىلەر ئوتتۇرىسىدا قويۇق سودا ئالاقە ۋە مەدە-
نىيەت ئالاقىلىرى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلگەن.
شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى جۈملىدىن
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆز بۆشۈكىدە پەيدا بولۇپ، ئۆز
جايىدا يېتىلىش جەريانىدا ئەنە شۇ ئوخشاش بولمى-
غان قەدىمكى زامان دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاكتىپ
تەسىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن بىر
قىسىم «ئارىلاشما» نەمۇنىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى بولغان تىل نۇق-
تىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئايرىم - ئاي-
رىم ھالدا قەدىمكى تۈرك، موڭغۇل، ھىندى (ئەنەت-
كەك)، تۇخار، پارس، ئەرەب قاتارلىق كۆپ خىل تىل
ئامىللىرىنىڭ تەسىرىنى ئۆزىدە سىڭدۈرگەن ھەمدە
ئۆز ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇر يېزىقى، تۈرك يېزىقى، سان-
سكرىت يېزىقى، مانى يېزىقى، تۇخار يېزىقى، رىم
يېزىقى، سوغدى يېزىقى، پارس يېزىقى، ئەرەب يېزى-
قى ۋە خەنزۇ يېزىقى قاتارلىق تىل قوراللىرى بى-
لەن خاتىرىلىگەن.

دىققەتكە سازاۋەر ئوبيېكتىپ ئامىللارنىڭ بىرى
شۇكى، شىنجاڭ — خەلقئارا «يىپەك يولى»نىڭ تۈ-
گۈنى بولغانلىقى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1- ئەسىردە
ئۆتكەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى جاڭ چيەن نىڭ
بۇ تۈگۈننى — يەنە مەملىكىتىمىزنىڭ چاڭئەن شەھ-
رىگىچە تۇتاشتۇرغانلىقى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن
چاڭئەندىن بىۋاسىتە ھالدا رىمغىچە بولغان ئۈزۈلمەس

«يىپەك يولى»دا كارۋان قوڭغۇرىقىنىڭ جاراڭلاپ تۇرغانلىقى، ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەدەنىيەت قىممىتىگە ھەم ئىگىدۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن كونىلىققا يېپىشىۋالمايدىغان، يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىدىغان، مەھكۇملۇققا قارشىلىق كۆرسىتەلەيدىغان مەرىپەتپەرۋەر خەلق. بۇ ھالمۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئېكسپورت ۋە ئىمپورتىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇشقا مەنىۋى ئاساس بولغان.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان پايدىلىق ئىمكانىيەتلەر ۋە گۈزەل ئارقا كۆرۈنۈش تۈپەيلىدىن شىنجاڭ — سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ھەقىقىي ۋە پايدىلىق زېمىنى بولۇشقا مۇناسىپ. ھازىرقى زامان ياۋروپا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىشماقتا. ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ئالىمى مورگاننىڭ «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەرياسى تۈزلەڭلىكى ئاستىدا كۆمۈكلۈكتۇر. قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى مەلۇم بولغۇسىدۇر.»① دېگەن بىر ئابزاس سۆزىمۇ مۇشۇ نۇقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇڭا ئېلىمىز ۋە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا شىنجاڭ ئېچىلمىغان كەڭ بىر پارچە «بوز يەر» دېگەن

① «يۇلتۇزلار يۇرتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1983- يىل نەشرى 1- بەت.

پىكىرلىرى ئەلۋەتتە ئاساسسىز ئەمەس.

سىلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئارقىلىق يەكۈنلىنىدىغان دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئارا بولىدىغان مۇنداق تەبىئىي مەدەنىيەت ئالاقىسى ۋە ئەدەبىيات تەسىرى — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋرلىرىدىن تارتىپ، تاكى بۈگۈنكى پارلاق سوتسىيالىستىك دەۋرگىچە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەن بىر مۇھىم ئەنئەنىدۇر.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئىپتىدائىي مىفلار باسقۇچىدا (ئەپسانىچىلىق دەۋرىدە) بارلىققا كەلگەن «ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى» توغرىسىدىكى ئەپسانىلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە، كۆپلىگەن قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە بولغان. بۇ ئەپسانىلارنىڭ ئورتاق مەزمۇنىدا بىردەك، ئەڭ دەسلەپكى ئىنسانلارنى خۇدا لاي - توپىدىن ياراتقان، دېگەن ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇر سىستېمىسى ئەكس ئېتىلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى «نۈرپ - ئادەتلەر خاتىرىسى» قاتارلىق كۆپلىگەن مەنبەلەردە ئايال ئىلاھ نۈيىۋانىڭ سېرىق توپىدىن ئادەم ياسىغانلىقى، قومۇش كۆلى بىلەن تۇپان بالاسىنى توسۇپ قالغانلىق ھەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانىلار بار. «تەۋرات»تىكى «دۇنيانىڭ يارىلىش خاتىرىسى»دە، يەھۇدىيلەرنىڭ خۇداسى يەھىۋى (*yareh*)نىڭ توپىدىن ئادەم ياسىغانلىقى ھەققىدە بىر ئەپسانە خاتىرىلەنگەن. قەدىمكى مىسىر رىۋايەتلىرىدە بۆرە باشلىق مىر نوم دېگەن خۇ-

دا لاي - توپىدىن ئادەم يارىتىپ، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن دەپ سۆزلىنىدۇ. قەدىمكى گىرېك ئەپسانىلىرىدا بولسا، «خۇدالار دەرگاھىنىڭ شاھىنشاسى زېۋس» لاي - توپىدىن ئادەم يارىتىپ جان كىرگۈزگەن، ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلغان، دەپ ھېكايە قىلىنىدۇ. ئاجايىپ كۆچكە ئىگە پىرومېتېينىڭمۇ پىششىق لايدىن قۇش، ھايۋان، قۇرت - قوڭغۇزلارنى ياساپ، ئىلاھنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن ئادەم قىلىپ ياراتقانلىقى بايان قىلىنىدۇ. شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار ئارىسىدا، كەڭ زېمىننى ياراتقان خۇدا قىزىل، قوڭغۇر توپىنى لاي قىلىپ، ئاندىن ئەڭ دەسلەپكى ئىنسان — بىر جۈپ ئەر - ئايالنى ياراتقان، دېيىلگەن ئەپسانە تارقىلىپ يۈرمەكتە. پارسلارنىڭ قەدىمكى «ئاۋېستا» دېگەن كىتابىدىمۇ تۇنجى ئادەم قۇدرەتلىك كيومارسنىڭ سېرىق توپىدىن يارىتىلغانلىقى ھەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانىلار بار. ھەتتا ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابىدىمۇ ئادەم توپىدىن يارالغان دېگەن قاراش تەكىتلىنىدۇ. بۇ قەدىمكى ئەپسانىلار — ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا، شىمالىي ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تارالغان. بۇ رايونلار گەرچە بىر - بىرىدىن ناھايىتى يىراق بولسىمۇ، ئەپسانىلەرنىڭ بىر -

بىرىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنىڭ سە-
ۋەبىنى سېلىشتۇرما تەتقىقات يۈرگۈزۈش ئارقىلىق
تېپىپ چىققىلى بولىدۇ.

يەنى ئۇ ئەپسانىلار ئورتاق ھالدا ئىپتىدائىي
ئانىمىستىك ۋە تۇتېمىستىك قاراشلار نىگىزىدە بار-
لىققا كەلگەن. ئۇنىڭغا قاراپ ئىنسانىيەت، گەرچە
ئىلگىرى - ئاخىر بولسىمۇ ئومۇمەن ئورتاق بولغان
ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچى — ساپالچىلىق دەۋرىنى
باشتىن كەچۈرگەن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.
لاي - توپىدىن ئادەم يارىتىش ھەققىدىكى مۇنداق
ئاجايىپ - غارايىپ ئەپسانىلار مۇقەررەركى، ئىپتىدا-
ئىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش جەھەتتىكى
ئىزلىنىشلىرىنى ساپالچىلىق سەنئىتى بىلەن فانتاس-
تىك ھالدا بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ يەكۈنى ھېسابلى-
نىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەپسانىلىرى ھەققىدە سېلىشتۇر-
ما تەتقىقات يۈرگۈزگەندە، بۇنداق ئوخشاشلىقنى كۆپ-
لەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن. ھازىرچە ئوخشاش
تېپتىكى ئەپسانىلار ئەڭ بۇرۇن قايسى مىللەتتە پەي-
دا بولغان؟ زادى كىم - كىمگە تەسىر كۆرسەتكەن؟
دېگەن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان يېتەر-
لىك ماتېرىيال بولمىسىمۇ، يېقىندىن بۇيان بەزى تەت-
قىقاتچىلار بۇ جەھەتتە بەزى ئىزلىنىشلەرنى ئېلىپ
باردى. ئۇلارنىڭ ھېس قىلىشىچە، ئېلىمىزگە نىسبە-
تەن ئېيتقاندا، ئەلمىساقتىن تارتىپ ئىنسانلارنىڭ
پەيدا بولۇش توغرىسىدىكى ئەپسانىلار ئەڭ ئاۋۋال

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان، كې-
يىن ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يوللىرى بى-
لەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارغا تارقالغان.
مۇنداق بولۇشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرى شۇكى، بۇ خىل
ئەپسانىلار پەقەت ئاشۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا
ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ
ئەپسانىلاردا بايان قىلىنغان بەزى ئېتنىك ئادەملەر
ھېلىمۇ شۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدا مەۋ-
جۇت. خەنزۇلار ئارىسىدا بۇ خىل ئەپسانىلار جەنگى-
خەن دەۋرلىرىدىكى خاتىرىلەردە پارچە - پۇرات
يېزىپ قالدۇرۇلغاندىن كېيىن تارقىلىشقا
باشلىغان. لېكىن بۇ مەسىلە ئۈستىدە داۋاملىق ئىن-
چىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ، مۇكەممەل ئىلمىي
يەكۈن چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.
ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرى ئىچىدە
«ئايال ئىلاھ ئۇماي» ھەققىدە خېلى كۆپ خاتىرىلەر
ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلار تۇتېمىزم ۋە شامانىزم دەۋرلى-
رىدە ئۇماي ئىلاھىغا چوقۇنغان. ئۇماي ھەققىدىكى
رىۋايەتلەر ئۇيغۇرچە مەنبەلەردىن باشقا، قەدىمكى
سانسكرىتچە، خەنزۇچە خاتىرىلەرگىمۇ ئېلىنغان.
ئۇماي ئانا ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە
ئۇلارنىڭ ئەجداتلىرى ئارىسىدا تارقالغان ۋاقتى ناھا-
يىتى ئۇزاق بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەرگە توغرا كې-
لىدۇ. ھىندىلاردا ئۇماي رىۋايىتىنىڭ تارقالغان ۋاقتى
مىلادى 4- ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. دۇڭخۇاڭ مىڭ-

ئۆيلىرى 423- گۈللۈك كىمىردىكى تەسۋىرىدىي سۈرەتتە، قەدىمكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان شەرقىي ئىلىگ بەگنىڭ ئۇچقۇر ئەژدىھاغا مىنىپ، كوئېنلۇن تېغىغا بېرىپ ئۇماي بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، ئۇماي ئانىنىڭ سۇمرۇغقا مىنىپ شەرقىي ئىلىگ بەگنى كۈتۈۋالغانلىقىغا دائىر كۆركەم مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن.

«كۆل تىگىن مەنگۈ تېشى» شەرق تەرىپىنىڭ 13- قۇرىدا «ئۇماي تەگە ئۇگىم قاتۇن قوتىكا ئىنىم كۆلتىگىن ئەرئات بولتى» (ئانام ئۇمايدەك خانىشنىڭ دۆلىتىدە ئىنىم كۆلتىگىن ئەر ئاتالدى.) دېيىلگەن.①

خەنزۇچە خاتىرىلەنگەن ئۇماي ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە: شۇ زامانلاردا شىيايۇنىڭ ۋۇجىياڭ دەرياسىنىڭ شىمىيەنبا بوغۇزىنى تىزگىنلەپ خەلققە قۇت - بەخت كەلتۈرۈش ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەك قىلغانلىقىغا، غەربىي ئۇماي ئانىنىڭ 12 قىزى ئىنتايىن ئايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىدىن ئوقۇغان. ئۇمايىنىڭ قىزلىرى يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ۋۇجىياڭ دەرياسى ۋادىسىغا بېرىپ، شىيايۇگە ياردەملەشكەن. كېيىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئۇماي ئانا، يولۇچىلارغا نىشان بەلگىلەپ بېرىش ئۈچۈن، قىزلىرىنى خادا تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. بۇ خادا تاشلار ھازىرغىچە بارمىش. غەربىي خەن دەۋرلىرىدىن ئىلگىرى قوموشقا پۈتۈلگەن خاتىرىلەرگە ئاسا-

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984- يىل 71- بەت.

لىنىپ، قايتا ئىشلەنگەن «مۇ تەگرىدىزا تەزكىرىسى»دە،
جۇگېلىياڭنىڭ غەربكە ساياھەت قىلىپ، كۇئىنلۈن
تېغىغا بارغانلىقى ۋە باتىسقان ئانا بىلەن ئۇچراش-
قانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. بۇ مىساللار ئۇماي ئىلا-
ھى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىككە سىڭىپ كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

قەدىمكى ئەدەبىيات ۋە ئېتنوگرافىك نۇقتى-
لار، بۇنداق خەلقئارا ئورتاقلىقنى ناھايىتى كۆپ
ئەمەلىي مىساللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. سەھىپىمىز-
نىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن بۇ ھەقتە كۆپلەپ
مىسال كەلتۈرمەيمىز. ليۇبىڭ «شىنجاڭ مىللىي ئە-
دەبىياتىدىكى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات توغرىسىدا مۇ-
لاھىزە»① دېگەن ماقالىسىدە، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىل-
لەتلىك ئەدەبىياتى بىلەن غەرب ئەدەبىياتىنى سې-
لىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى تۆھپىسى ۋە
تەسىرىنى كۆرسىتىپ، دەسلەپكى قەدەمدە بىزنى
يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن قىلدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەم-
مەت ئىمىن «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ
ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» ناملىق ئىلمىي ئەمگىكى
ۋە بۇددىزم مەدەنىيىتى دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆرسەت-
كەن تەسىرلىرى ھەققىدە يازغان بىر قانچە ماقالى-
سىدە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن كېرەك-

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983- يىل 2- سانىغا قاراڭ.

لىك بولغان بەزى ماتېرىياللارنى كۆرسىتىپ ئۆتـ
كەن ئىدى. دەرۋەقە، ھىندى، بۇددىزم ئەدەبىياتى-
نىڭ قەدىمىدىن مەۋجۇت بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى
بىلەن سىڭىشىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ئىدى-
قۇت ئەدەبىياتى، ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا ئا-
سىيادىكى بىر قانچە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋە
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىگە تەسىر
كۆرسىتىشتىكى ۋاسىتىگە ئايلىنىپ قالغان. بۇ دەۋر-
لەردە قەدىمكى كۇسەننىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرى
كومراجىۋا (مىلادى 344 — 401- يىللار) بېشبالىق-
لىق سۇڭقۇ سەلى، قەشقەرلىك خۇيلىن (مىلادى 737-
820- يىللار)، كۇچارلىق لى يەن (مىلادى 789 —
795- يىللار ئارىلىقىدا ۋاپات بولغان) بېشبالىقلىق
ئارغۇن سەلى، لىيەن خۇيشەن قايا، سارابان، بۇيان،
غاتىگىن، يىنيەن ناسىلى، لىيۇمىڭ شەن قاتارلىق
مەشھۇر ئەدىب سەنئەتكارلار، تىلشۇناسلار، تارىخشۇ-
ناسلار بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئەنە شۇ رايونلارغا تارقى-
لىشىدا ئۆچمەس خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن.① ئىسلا-
مىيەت دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىختا ئەرەب
مەدەنىيىتىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئاستىدا، ئەرەب-
پارس ئەدەبىياتىنىڭ بىر مۇنچە تەسىرىگە ئۇچرى-
غان ئەمەلىيەتتىمۇ بەلگىلىك قانۇنىيەت ئىچىدە تې-
ما، سىيۇژىت، شەكىل، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984- يىل نەشرگە قارالسۇن.

ۋە ۋاسىتىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە پارس - ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا بولالمىدى. بۇنداق تەسىرنى كۆپرەك XI ئەسىردىن كېيىنكى (قاراخانىيلار دەۋرى) مەشھۇر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. «پارس - ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى سىرتنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ قەدىمكى ئىبراي ئەدەبىياتى ۋە يەھۇدىلار ئەدەبىياتىغىچە سۈرۈشكە بولىدۇ.»① لېكىن بۇ خىل تەسىرنى نوقۇل هالدا پەقەت بىر تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپكە كۆرسەتكەن تەسىرى دەپلا قاراش ئىلمىي جەھەتتىن پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

سىيۇژىت جەھەتتىن ئالغاندا، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر «خەمسىچىلىك» ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئاساس بولغان «لەيلى — مەجنۇن»، «يۈسۈپ - زۇلەيخا»، «ئىسكەندەر نامە» قاتارلىق خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ بولغان سىيۇژىتلارنىڭ، ئالدى بىلەن پارىس - ئەرەب ئەدەبىياتىدىن سىڭىپ كىرگەنلىكىگە ئوخشاش، «پەرھات - شېرىن»، «غېرىب - سەنەم»، «ئەفراسىياب» قاتارلىق يەرلىك سىيۇژىتلارنىڭ پارس - ئەرەب ئەدەبىياتىغا تەسىر قىلغانلىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. جۈملىدىن، ئالدى بىلەن ھىندى كلاسسىك ئەدەبىياتى ئارقىلىق شىنجاڭغا كى-

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983- يىل 2- سان، 138- بەتكە قاراڭ.

رىپ ئومۇملاشقان «بەختىيار نامە»، «تۇتىنامە»
دەك چاتما قىسسەلەر، شەكىل ۋە سىيوژىت جەھەتـ
تىن ئەرەبلەرنىڭ «مىڭ بىر كېچە»گە بەلگىلىك
تەسىر كۆرسەتكەنلىكى مەلۇم.① «لەيلى - مەجنۇن»،
«يۇسۇپ - زۇلەيخا» توغرىسىدىكى ئاغزاكى رىۋايەتـ
لەر «قۇرئان»دىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ۋاپادارلىق،
ئاشىقلىق قىسسەلىرى ئەڭ دەسلەپ ئەرەبلەرنىڭ بە-
دىۋى قەبىلىسىنىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرىدىن كەلگەن.
VII ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتـ
تۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرقتىكى كەڭ رايونلاردا
تارقالغان. ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن شىنجاڭ
رايونىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي سىيوژىتقا ئىگە بولـ
غان «پەرھات - شېرىن»، «غېرىب - سەنەم»گە ئوخـ
شاش كەڭ ئومۇملۇققا ئىگە «ئادىل شاھ» غايىسى
بىلەن سۇغىرىلغان داستانلار بىلەن قوشۇلۇپ، X
ئەسىردىن باشلاپ يازما ئەدەبىيات بولۇپ شەكىللە-
نىشكە باشلىغان. X - XI ئەسىرلەردە ئىسلام ئىسپا-
نىيىسى ۋە سىلزىيە ئاراللىرىدىكى ئەرەبلەر كەلكۈن
سۇدەك ياۋروپاغا ئېقىپ كىرگەن چاغدا ئۆز مەدە-
نىيىتىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەدەبىيات ماتېرىيالـ
لىرىنى (رىۋايەت، ھېكايە، قىسسە قاتارلىقلارنى)
ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كىرگەنلىكى تارىختىن ئا-
يان. ئەنە شۇ سەۋەبتىن شېكىسپىرنىڭ 1554- يىلى

① لىۋ بىڭ« شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات توغـ
رىسىدىكى دەسلەپكى مۇلاھىزە»گە قاراڭ.

يازغان «رومئو بىلەن ژۇلىتتا» تراگېدىيىسى بىلەن «پەرھات - شېرىن» ۋە «لەيلى مەجنۇن» قىسسەلىرىنىڭ ئەسلى شەكلى مەنبەداش. شۇڭا شېكىسپىر دراممىلىرىدىكى سەھنە سۆزلىرىدە ئېنگېلس ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ كۆرۈلۈپ تۇرۇلۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.①

شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىدىكى بەزى ئەسەرلەر بىلەن، شېكىسپىر ئەسەرلىرىدىكى سىيوژىت جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بەزى جايلار يالغۇز يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىر مىسال بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بىز يەنە شېكىسپىرنىڭ «ۋېنىتسىيە سودىگىرى» ناملىق مەشھۇر درامىسىدىكى ئاساسىي ۋەقەلىكلەردىن «سەرگەردانىنىڭ ھېكايىسى» قاتارلىق ئۇيغۇر، قازاق ھېكايىلىرىنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرگەندەك بولىمىز. بۇنداق «ئوخشاشلىق» شېكىسپىر شۇناسلىق تەتقىقاتىدا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر ھېكايىسى «مىڭ بىر كېچە»گە كەلسەك، دەرۋەقە، بۇ ھېكايىلار ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. لېكىن «مىڭ بىر كېچە»نىڭ يازما ئەدەبىيات بولۇپ بېكىتىلگەن ۋاقتى خېلى كېيىن (XIV ئەسىر) بولۇپ بۇ خىل شەكىل ئۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا شىنجاڭدىكى — ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئەدەبىيا-

① مىشىت (ئامېرىكا): «ئەرەبلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە نەشرى 204- بەت.

تىدا جانلىنىپ كەتكەن ھەمدە بەزى سىيوژېت ۋە بايان قىلىش ئۇسلۇبى جەھەتلەردىن «مىڭ بىر كېچە»گە ئوخشاپ كېتىدىغان 40 ھېكايىدىن تەركىب تاپقان «بەختىيار نامە» ۋە 14 ھېكايىدىن تەركىب تاپقان «تۇتىنامە»دەك چاتما داستانلار «مىڭ بىر كېچە»دىن بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە «مىڭ بىر كېچە» نىڭ بايان قىلىنىش ئۇسلۇبى جەھەتلىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ قەدىمكى تۈركىي كۆچمەن قەبىلە بىلەن «يىپەك يولى» تۈگۈنىگە جايلاشقان ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە تېخىمۇ باب كېلىدۇ. ئەرەب ئىمپېرىيىسى مەركىزىنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك، شەھۋانىلىق تۇرمۇش ئادەتلىرىگە باب كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتكەن بىر مەزگىلدە «تۇتىنامە» ۋە «بەختىيارنامە»دەك چاتما داستانلارنىڭ شەكلى «مىڭ بىر كېچە»نىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان، دېگەنگە ئوخشاش قاتمال قاراشلارنى قايتا مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. بىز مۇنداق تەسىرنى شەكىل قۇرۇلمىسىدا ئورغۇن چاتما ئالاھىدىلىك ساقلىنىپ كەلگەن ھىندىستان كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن پاراللېل ھالدا پەيدا بولغان دېگەن قاراشتىمىز. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مۇھىم بىر پاكىتنى، يەنى دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە چوڭ جەھەتلەردە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، كىچىك جەھەتلەردە پەرقلىق بولغان بىر

باسقۇچنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈ-
رۈپ بېرىدۇ. ①

بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدە كەل-
سەك، ئۇ باشتىن - ئاخىر دېگۈدەك شۇ مىللەتنىڭ
ئۈزۈلمەس بەدىئىي ئەنئەنىسىگە ئاساسەن بىر قەدەر
نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولۇشتىن تاشقىرى، دەۋر
ئۆزگىرىشى، دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئا-
لاقىسى تۈپەيلى، يەنە بەلگىلىك دەرىجىدىكى ئۆزگى-
رىشلەردىن خالىي بولالمايدۇ. لېكىن مۇنداق ئۆزگىرىش
مەزمۇنەن تولىمۇ ئاستا بولۇپ، ئۇزاققا سوزۇلۇچانلىققا
ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى شەرتلىك
رەۋىشتە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەدەبىيات ۋە ئىس-
لامىيەتتىن كېيىنكى ئەدەبىيات دەپ ئىككى چوڭ
دەۋرگە بۆلۈپ قارىساق، بەدىئىي ئەنئەنە جەھەتتىن
مۇئەييەن ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز.
ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى بىزگە مەلۇم بولغان ئۇيغۇر
شېئىرىيىتىنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ۋەزىن جەھەت-
تىن مۇرەككەپ بولمىغان مۇرەببە شەكلى بىلەن
بارماق ۋەزنىلىك تۆرتلىكلەر (ھازىرقى ئۇيغۇر خەلق
قوشاقلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى) كۆپرەك ئۇچراي-
دۇ. يەنە ئاشۇ دەۋرگە تەئەللۇق بولغان قەدىمكى
ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا يالغۇز مىسرالارنىڭ ئاخىرىدىكى
سۆزلەرنىڭ ئۆز ئارا قاپىيىلىشىپ كېلىشىگە ئەھمىيەت

---

① بازىر. پەلايكى. پەچ *lafayyenoclere*· «دۇنيادىكى كىتاب-
لار». *A* توپلام، 1981- يىل 4- سان،

بىر دېمىلا قالماستىن بەلكى، يەنە، مىسرالارنىڭ بىشىدىكى سۆزلەرنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، خىلمۇخىل قاپىيە شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن. بۇنداق باش قاپىيىلىك شېئىرلارنىڭ ئاخىرىدىكى قاپىيىگە قاراپ كۇبلېتلارغا ئايرىلغان. شۇ سەۋەبتىن مۇنداق شېئىرلاردا مىسرالارنىڭ بوغۇم سانىغا مۇقىم ئۆلچەم قويۇلمىغان. باش قاپىيە ئېھتىياجى ئاستىدا بەزى مىسرالار قىسقا، بەزى مىسرالار ئۇزۇن بولۇپ تۈزۈلگەن. نەتىجىدە ئاياغ قاپىيىلەر ئىزچىل ھالدا ماسلىشىپ كەلمەي پىكىر ئېقىمىغا قاراپ، ھەر خىل تەرتىپتە ماسلاشتۇرۇلغان. مۇنداق باش قاپىيىلىك شېئىرلارنىڭ مىسرالىرى ئوخشاش سوزۇق تاۋۇش ياكى ئاخىرىغا ئوخشاش سوزۇق تاۋۇش ئۇلىنىپ كەلگەن. ئوخشاش ئۈزۈك تاۋۇشتىن كەلگەن سۆزلەر بىلەن باشلىنىدۇ. مەسىلەن:

يەردە تۇرغان بەش ئون ئوغلان،
يەگىم قايدا تەرمۇ ئەركى.
يىزەكلىكتە قىزلار قىرغىن،
يەتەرمۇ كۆڭلىن (ئەركى)

ئەنە شۇ خىلدىكى باش قاپىيىلىك شېئىرلار «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن شېئىر - قوشاقلار ئارىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

لېكىن ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى يازما شېئىرىيەت

ئارىسىدىن مۇشۇنداق ۋەزىن ۋە مۇشۇنداق قاپىيە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان شېئىرلارنى ئۇچرىتىش تەس. (ئەمما كۆچلۈك ۋارىسچانلىقا ئىگە خەلق قوشاقلىرىنىڭ كېيىنكى ئۇلگىلىرى ئىچىدە بۇ ئەنئەنىۋى شەكىل مەلۇم دەرىجىدە ساقلانغان.)

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە نەزەر سالساق، ئۇنىڭدىن ئارۇز ۋەزىنىنىڭ ھەر خىل مۇرەككەپ بەھرلىرى كەڭ قوللىنىلغان، ھەتتا يېقىنقى زامانغىچە بۇ ۋەزىن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. مەسىلەن، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ يىرىك ۋەكىلى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى ئالساق، ئۇنىڭدا 180 گە يېقىن مۇرەببە، تۆتلىكتىن تاشقىرى، قالغان قىسىملىرى ئارۇزنىڭ ئېپىك تۇر ئۇچۇن قوبۇل قىلىنغان ئەڭ ئاھاڭدارى ۋە شەرق نەزمى ئارۇزدا «جەڭگىۋار ئۆلچەم» دەپ ئاتالغان مۇتاقارىپ بەھرىدە يېزىلغان. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر ئارۇزنىڭ مۇتاقارىپ مۇسەممەن سالىم (سەككىزلىك سالىم مۇتاقارىپ) ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان مۇتاقارىپ مۇسەممەن مەھزۇپ (چۈشەلگەن سەككىزلىك مۇتاقارىپ) ھەم مۇتاقارىپ مۇسەممەن مەقسۇر (قىسقارتىلغان سەككىزلىك مۇتاقارىپ) بەھرىدە يېزىلغان.

ناۋايى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە جارى قىلدۇرۇلغان ئارۇزنىڭ بۇنداق بەھرلىرى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلۇپ، «ئىلمىي ئارۇز»دا شەرھ

لەنگەن كۆپ خىل بەھرىلەرنىڭ ھەممىسى دىگۇ-
دەك جارى قىلدۇرۇلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيى-
تىنىڭ بارماق ۋەزىنلىك ئەنئەنىسى خەلقنىڭ ئاغزاكى
ئىجادىيىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ دەۋردىكى ئۇي-
غۇر يازما شېئىرىيىتىدىن ئاساسەن چۈشۈپ قالغان.
بۇ پىكرىمىز شۈبھىسىزكى، ئارۇز ۋەزىن جەھەتتىن
(پارس - ئەرەب ئەدەبىياتىدىن) ئىمپورت قىلىنغان
شەكىل دىگەنلىك ئەمەس. ناۋادا شۇنداق دەپ قا-
رالسا ئۇ ئىلىم - پەنگە زىت بولۇپلا قالماستىن، مىل-
لىي ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىر-
رىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۆتكەندە
بىر قىسىم تەتقىقاتچىلىرىمىز ئارۇز ۋەزنىمۇ ئۇيغۇر
شېئىرىيىتىدە قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت بولغان مىل-
لىي شەكىل ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىپ
ئىلمىي پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىزمۇ بۇ قا-
راشلارغا قوشۇلىمىز. لېكىن مۇرەككەپ بەھرىلىك
ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئى-
رىيىتىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا كۆتۈرۈلۈشىنىڭ سەۋەبى-
رى پارس - ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى-
دىن بولغانلىقىنى پۈتۈنلەي چەتكە قاقمايمىز. يۈسۈپ خاس
ھاجىپتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ پېشۋالىرىنىڭ
شېئىردي ئىجادىيىتىدە ئەرەبچە ۋە پارسچە ئاتالغۇلارنىڭ
كۆپلەپ ئۇچرىشى ھەتتا بەزى ئەسەرلەرنىڭ پۈتۈنلەي
ئەرەبچە، پارسچە تىل بىلەن يېزىلىشى، ئەينى زا-
ماندىكى تارىخىي مۇھىتتا، ساقلانغىلى بولمايدىغان

مۇنداق تەسىرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ هال كۆپرەك ئۇلتۇراق شەھەر ئەدەبىياتىدا گەۋدىلىكرەك بولۇپ، شەھەردىن چەت كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياشىغۇچى خەلقلەر (قىپچاقلار) ئەدەبىياتىدا ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى زاماندىكى شەرقنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى پارس، ھىندى ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى بىر نەچچە مەملىكەتنىڭ ئەدەبىياتىدىن ئوزۇقلۇق ئالغانغا ئوخشاش، ئۇلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدىكى بىر نەچچە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ جۇملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئوزۇقلۇق ئالغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئوخشاش خاراكتېرگە ئىگە بەزى خەلقئارا ئوبرازلار شەكىللەنگەن. ئۇنىڭغا دۇنياۋى خاراكتېرگە ئىگە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. نەسىردىن ئەپەندىدىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ خۇسۇسىيەتلىك ئوبرازنى يادرو قىلغان دۇنياۋى خاراكتېرلىك خەلق لەتىپىلىرىنى قايسى بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ دەپ مۇقىملاشتۇرۇش قىيىن. ھازىر خەلقئارادا نەسىردىن ئەپەندىنىڭ بىبلىوگرافىيىسى ھەققىدە قىزغىن بەس - مۇنازىرىلەر قانات يايماقتا. بەزى تەتقىقاتچىلار نەسىردىن ئەپەندىنى «تارىخىي شەخس» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكى ۋە قايسى دەۋردە ياشىغانلىقى ھەققىدە ھەر خىل پىكىرلەرنى قىلىشىدۇ. مەسىلەن،

تۈركىيىلىك تەتقىقاتچى مىجىت ھاسان: «ئەپەندى XIII
ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا تۈركىيىدە تۇغۇلۇپ ئۆس-
كەن ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان. تۈركىيىنىڭ ئاقشې-
ھىر دېگەن يېرىدە ئۇنىڭ قەبرىسى بار»① دېگەن
پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر، ئە-
پەندى بۇخارالىق دېيىشىدۇ. «خوجا نەسىردىن ھەق-
قىدە قىسسە» ناملىق رومانىنىڭ ئاپتورى ل. ۋ. سو-
لۇيوۇپ ئۆزىنىڭ شۇ كىتابىدا «نەسىردىن ئەپەندى
بۇخارالىق بولۇپ، شۇ يەردىكى شىر مۇھەممەت ئى-
سىملىك بىر كورىچىنىڭ بېقىۋالغان بالىسى ئىدى.
ئۇ، ئۆز ھاياتىدا دۇنيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىغا
بارغان. ئۇ، بارغانلىكى يېرىدە پۇقرالارغا ھېسداش-
لىق قىلىپ، ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئىش تۇتۇپ كەل-
گەچكە، ھۆكۈمرانلار ئۇنىڭغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ-
مەنلىك قىلىپ، ئۇنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان. شۇ سە-
ۋەبتىن نەسىردىن ئەل ئىچىدە ئۆزىنى «ئۆلۈپتۇ»
دېگەن خەۋەرنى پەيدا قىلغان. شۇڭا دۇنيانىڭ ھەر
قايسى جايلىرىدا — سەككىز يەردە ئۇنىڭ قەبرىسى
پەيدا بولغان. لېكىن ھېچكىم شۇ قەبرىلەرنىڭ قاي-
سى بىرسىنىڭ نەسىردىننىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى
ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. بەلكىم ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ نەسىر-
دىننىڭ قەبرىسى يوقتۇر. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەل
ئىچىدە ناھايىتى يوشۇرۇن ھالدا ياشىغان. ئۇنىڭ
قاچان ۋە قەيەردە، قانداق ۋاپات بولغانلىقى ھەق-

① ئۆزبېكچە «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» 1960- يىل. تاشكەنت.

قىدە مەلۇمات يوق.»① دەپ يازىدۇ. سوۋېت ئىتتى-
پاقىنىڭ ئاتاقلىق شەرقشۇناسى، پارس ۋە تاجىك
ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى بۇراكىنسكى: «بىزمۇ بۇ
ئوبرازنىڭ پەيدا بولۇشىنى چوقۇم مۇشۇ رايوننىڭ
دائىرىسىدە، دەپ چەك قويالمايمىز. بۇ ئوبراز ئوخشاش
تارىخىي شارائىتتا، ئوخشىمىغان جايلاردا — ئەرەب-
لەردىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە ئوخشاش پەيدا بولغان
بولۇشى مۇمكىن. ئاتالمىش مۇسۇلمان شەرقىدىكى
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزئارا
مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزئارا مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئال-
ماشتۇرۇش جەريانىدا بۇ ئوبراز تېخىمۇ بېيىدى ۋە
تولۇقلاندى. ھەممىدە بارلىق مىللەتلەر بۇ ئوبرازغا
ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشتى. يەنى بۇ ئوبراز ئەرەبلەر
ۋە تۈركىيىلىكلەر، ئىرانلىقلار ۋە زاكاۋكازىيىدىكى
ھەر مىللەت خەلقى، ئۇيغۇرلار ھەممە ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى ھەر مىللەت خەلقى، ئالبانىيىلىكلەر ۋە ئۇندىن
باشقا بالقاندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا راۋاج-
لاندى ۋە مۇكەممەللەشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوبراز
ھەر قايسى ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ھەر خىل ئوخشاش-
مىغان شەكىللەر بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ... ئەڭ ئا-
خىرىدا خوجا نەسىردىن (ياكى نەسىردىن ئەپەندى،
ئەپەندى. موللا نەسىردىن) دەپ ئاتالدى.»② دەيدۇ.

① ل. ۋ. سولوۋيېۋ: «خوجا نەسىردىن ھەققىدە قىسسە» تاشكەنت 1959-
يىل ئۇيغۇرچە 674- 675- بەتلەر.

② گې باۋچۈەن: «ئەپەندى لەتىپىلىرى» 1963- يىل خەنزۇچە نەش-
رى. كىرىش سۆز.

بىز يەنە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى كەڭ تارقالغان جايلارنىڭ قايسى بىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلىساق، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىلىرى ئوخشاشلا نەسىردىننى ئۆز يۇرتىدا ياكى يۇرتىغا يېقىنلاشقان جايدا «ياشاپ» ئۆتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىشىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئەپەندى يۇرتىمىزغا يېقىن بىر جايدا تۇغۇلۇپتىكەن»، «بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەپەندىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتىكەن ۋە ھەمسۆھبەت بولۇپتىكەن» دېگۈچىلەرمۇ بار. ھەتتا يەنە بەزىلەر، ئەپەندى «قەشقەرلىك شۇڭا ئۇنىڭ بۇ جايلارغا ئالاقىدار لەتىپىلىرى كۆپرەك» دېيىشىدۇ. دەرۋەقە، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئەپەندى لەتىپىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۈلكىلىك ۋە يۇمۇرىستىك قىسقا ھېكايىلار خېلى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما مەلۇم دەرىجىدە قېلىپلىشىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ «ئەپەندى» نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان لەتىپىلەر تەخمىنەن XV ئەسىرلەردىن كېيىن تۆرەلىشكە باشلىغانلىقى مەلۇم. ھازىر مەلۇم بولغان ئەپەندى نامىدىكى لەتىپىلەرنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا ئۈزۈلمەي ئەنئەنە بولۇپ، تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى ھەمدە ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن كۆپلەپ رېئال «ئەپەندى» لەرنىڭ ئۈزلۈكسىز چىقىپ تۇرغانلىقى قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتقاندا، ئەپەندى

لەتىپىلىرى ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ مەھسۇلى
دېگەن قاراش بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە.

يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان بۇراكېنىسكىنىڭ بىر
ئابزاس سۆزىدىكى لەتىپە ئەدەبىياتى ئالدى بىلە-
لەن «ئەرەبلەردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان بولۇ-
شى مۇمكىن.» دېگەن پىكرى بىزنىڭچە تازا ئىلمىي
قاراش ئەمەستەك قىلىدۇ. دەرۋەقە، ھازىر دۇنيادى-
كى بىر قانچە مىللەتنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدا ئەقىل-
پاراسەتلىك يۇمۇرلۇق شەخسلەرنىڭ تىپى بارلىقىنى،
يەنى ئەرەبلەرنىڭ جوخا، ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ زوررۇ،
زاڭزۇلارنىڭ ئاكۇدىڭبا، موڭغۇللارنىڭ بولغۇنسان قا-
تارلىق شەخسلىرى بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قى-
لالمايمىز. لېكىن ئەرەبلەرنىڭ جوخا لەتىپىسىنى مەنبە
قىلغان ئەپەندى لەتىپىلىرى پەقەت XVIII ئەسىرگە
كەلگەندىلا ئاندىن توپلىنىپ كىتاب قىلىنغان. ئەمما
بۇگۈنكى كۈنگىچە ئۇنىڭ بېكىتىلگەن نۇسخىسى يوق.
ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. تۈركىيە ئالىمى
ۋىلىدائىز بوداق «ئاساسلىق ئەنئەنىۋى كۈلكىلىك گەپ-
لەر. دەپ ئاتىلىدىغان 97 لەتىپە ئىچىدىكى كۆپلى-
گەن لەتىپىلەر، شىنجاڭدا تارقىلىپ يۈرگەن لەتىپى-
لەرگە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاشمايدۇ. ئۇنىڭ بەزى-
لىرىدە مۇشۇ رايوننىڭ رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشى
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.»① دەيدۇ.

---

① گى باۋ جۇەن «ئەپەندى ۋە ئەپەندى لەتىپىلىرى»، «ھەر خىل بىلىملەر» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 195- سانىنىڭ 35- بېتىگە قارالسۇن.

يۇقىرىقىلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق نەسىر-دىن ئەپەندى بىلەن باغلىق بولغان لەتىپىلەرنىڭ دەسلەپ قايسى رايوندا پەيدا بولغانلىقىنى بىلىش تەس بولمىسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە، كەڭ مەنىدىكى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ يەردىكى ئاچقۇچ — ئەپەندى دېگەن كىشى ئۆتكەنمۇ يوق؟ ياكى قايسى دۆلەتنىڭ ئادىمى دېگەن مەسى-لىدە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ دۇنيا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان بىر ئەدەبىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت. ئەگەر نەسىردىن ئەپەندى ئىسىملىك مۇشۇنداق بىر شەخس-نىڭ دۇنيادىن ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولغان تەقدىردى-مۇ، ئۇ ھەرگىز لەتىپىلەردە ئېيتىلىۋاتقان «ئەپەندى»گە تەڭ ئەمەس. چۈنكى ھەر بىر تارىخىي دەۋرلەردە خەلق ئاممىسى ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان بارلىق يۇ-مۇرىستىك ھېكايىلىرىنى ئەنە شۇ نەسىردىن ئەپەندى نامىغا توقۇپ، ئۇنى يۈكسەك بەدىئىي چىنلىققا كۆتۈرۈپ، خەلق فولكلورىدىكى ئالەمشۇمۇل بىر بە-دىئىي تىپقا ئايلاندۇرغان. شۇ سەۋەبتىن دۇنيا ئە-دەبىيات خەزىنىسىدە نەسىردىن ئەپەندىدەك ئۇزاق ياشىغان، ھەمدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت تۇپراقتا ئۇنىڭدەك چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بەدىئىي ئوبراز تېپىلمايدۇ.

دېمەك، بىز مەدەنىيەتنىڭ مۇنداق ئۆز ئارا تەسىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە ئورتاق-

لىققا ئىگە بولغان مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش ئىجتىمائىي دەۋردە، بىر خىل تۇرمۇش مۇھىتىدا ئوخشاشمىغان رايونلاردىمۇ ئوخشاش مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتالايدىغانلىقىنى كۆرۈشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇ نۇقتىغا كۆز يۇمىدىغان بولساق، مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە دۇنيانىڭ پەلسەپە ئىدىيە تارىخى، ئەدەبىيات تارىخى قاتارلىق پەنلەردىكى نۇرغۇن ھادىسىلەرگە جاۋاب تاپالماي قالىمىز.

## (3)

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى، يالغۇز دۆلەت ۋە رايونلار ئارا بولىدىغان مۇقەررەر ئەدەبىيات تەسىرلىرىنى تەكشۈرۈپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە بىر رايوندا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقلەر ئۈستىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىكى قانۇنىيەتلىك ھادىسىلەرنى تېپىپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشى ۋە تەسىرى، كېلىپ چىقىش مەنبەسى بىر بولغان قانداش مىللەتلەر ئارىسىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ ھەممىمىزگە ئايان.

يۇقىرىقىلارنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق نەسىر-
دىن ئەپەندى بىلەن باغلىق بولغان لەتىپىلەرنىڭ
دەسلەپ قايسى رايوندا پەيدا بولغانلىقىنى بىلىش
تەس بولمىسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە، كەڭ مەنىدىكى
سىڭدۈرۈما ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ
يەردىكى ئاچقۇچ — ئەپەندى دېگەن كىشى ئۆتكەنمۇ
يوق؟ ياكى قايسى دۆلەتنىڭ ئادىمى دېگەن مەسى-
لىدە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ دۇنيا خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىدىكى ئومۇمىي خاكتېر ئالغان بىر ئەدەبىي
ھادىسە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت. ئەگەر
نەسىردىن ئەپەندى ئىسىملىك مۇشۇنداق بىر شەخس-
نىڭ دۇنيادىن ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولغان تەقدىردى-
مۇ، ئۇ ھەرگىز لەتىپىلەردە ئېيتىلىۋاتقان «ئەپەندى»
گە تەڭ ئەمەس. چۈنكى ھەر بىر تارىخىي دەۋرلەردە
خەلق ئاممىسى ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان بارلىق يۇ-
مۇرىستىك ھېكايىلەرنى ئەنە شۇ نەسىردىن ئەپەندى
نامىغا توقۇپ، ئۇنى يۈكسەك بەدىئىي چىنلىققا
كۆتۈرۈپ، خەلق قوللىرىدىكى ئالەمشۇمۇل بىر بە-
دىئىي تىپقا ئايلاندۇرغان. شۇ سەۋەبتىن دۇنيا ئە-
دەبىيات خەزىنىسىدە نەسىردىن ئەپەندىدەك ئۇزاق
ياشىغان، ھەمدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ
مۇنبەت تۇپراقتا ئۇنىڭدەك چوڭقۇر يىلتىز تارتقان
بەدىئىي ئوبراز تېپىلمايدۇ.

دېمەك، بىز مەدەنىيەتنىڭ مۇنداق ئۆز ئارا
تەسىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە ئورتاق-

لىقتا ئىگە بولغان مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش ئىجتىمائىي دەۋردە، بىر خىل تۇرمۇش مۇھىتىدا ئوخشاشمىغان رايونلاردىمۇ ئوخشاش مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتالايدىغانلىقىنى كۆرۈشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇ نۇقتىدىن كۆز يۇمىدىغان بولساق، مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە دۇنيانىڭ پەلسەپە ئىدىيە تارىخى، ئەدەبىيات تارىخى قاتارلىق پەنلەردىكى نۇرغۇن ھادىسىلەرگە جاۋاب تاپالماي قالىمىز.

(3)

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى، يالغۇز دۆلەت ۋە رايونلار ئارا بولىدىغان مۇقەررەر ئەدەبىيات تەسىرلىرىنى تەكشۈرۈپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە بىر رايوندا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقلەر ئۈستىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىكى قانۇنىيەتلىك ھادىسىلەرنى تېپىپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشى ۋە تەسىرى، كېلىپ چىقىش مەنبەسى بىر بولغان قانداش مىللەتلەر ئارىسىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ ھەممىگە ئايان.

شىنجاڭدا ياشىغۇچى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تىل، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئىدىيىۋى ئېتىقاد جەھەتتىن ئېتنىك بىرلىككە ئىگە بولغان خەلقلەر بولۇپ، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى (قەدىمكى كلاسسىك ئەدەبىياتى) دا كۆپلىگەن ئورتاقلىق مەۋجۇت. ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنىۋاتقان بەزى ئەسەرلەر (كۆپرەك ئاغزاكى ئىجادىيەتكە تەئەللۇق بولغان ھېكايە - چۆچەكلەر، قىسسە ۋە داستانلار) ۋە ئۇ ھەقتىكى ئايرىم تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، كونكرېت بىر پارچە ئەسەرنىڭ ئاشۇ بىر قانچە قېرىنداش مىللەتلەرگە ئورتاق ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. ھەتتا ئايرىم ئەسەرلەر ئۈستىدە نورمال تالاش - تارتىشلارمۇ مەۋجۇت. قەدىمكى مەشھۇر ئېپوسلاردىن «ئالپامىش»، «گورئوغلى»، «دېدى قورقۇت» (قورقۇت ئاتا)، «تاھىر - زوھرا»، «پەرھات - شىرىن»، «يۈسۈپ - ئەخمەد»، «تۇتىنامە»، «بەختىيار نامە» — قاتارلىقلار ئۇيغۇر. ئۆزبېك، قازاق، تۈركمەن، ئەزەربەيجان قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئۈلگىلىرى قاتارىدا تونۇشتۇرۇلۇپ كەلمەكتە. خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ تەۋەلىكىنى ئايرىش ئەلۋەتتە يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ تەۋەلىكىنى بېكىتىشكە ئوخشاش

مايدۇ. چۈنكى فولكلور ئەسەرلىرى ئاغزاكىلىق، كول-
لېكتىپچانلىق، ئۆزگىرىشچانلىق، ۋارىسچانلىقتەك
تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كۆپ ھاللاردا دۆلەت
ۋە مىللەت چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. شۇنىڭ
ئۈچۈن ھازىرغىچە ئېتنىك مەنبەسى ئېنىق بولمىغان
ئەسەرلەر تارقىلىش ۋە ئومۇملىشىش دائىرىسىگە قا-
راپ بىر تەرەپ قىلىشقا قوشۇلىمىز. لېكىن، مۇن-
داق ئورتاق ئىگىدارچىلىقتا ئىگە بولغان ئەسەرلەر
ئۈستىدىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن سېلىشتۇرما ئەدەبىيات
تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلسا، بەزى چېتىشلىقى بار
«چىگىش» مەسىلىلەر ئۈستىدىن توغرا ئىلمىي يەكۈن
چىقىرىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ. يېقىندا قازاقىستان
س. س. س. (پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق
بۆلۈمىنىڭ تەتقىقاتچى خادىمى ب. راشىدىن ئوغلى
«خەلق داستانلىرىنىڭ ژانىرلىق ئالاھىدىلىكلىرى»
ناملىق نوپۇزلۇق ئىلمىي ئەمگىكىدە خەلق داستان-
لىرى بىلەن كلاسسىك يازما داستانلىرىنىڭ ژا-
نىرلىق پەرقلىرى ھەمدە ئوغۇز مەكتىپىگە تەئەللۇق
بولغان خەلق داستانلىرىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى
ۋە پەرقى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزدى. ئاپتورنىڭ
قارىشىدا، ئوغۇز مەكتىپى دېيىلگەندە ئاساسەن
ئۇيغۇر، ئۆزبېك (خارەزىم)، تۈركمەن، ئەزەربەيجان
قاتارلىقلارنى؛ قىپچاق مەكتىپىگە ئاساسەن قازاق،
قىرغىزلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى بولغان
قىپچەق، قوڭرات، نايمان، ئارغىن، قاڭلى، ئالتاي-

لىق نوغاي ۋە قىسمەن ئوغۇز (سەمەرقەنىد) ئۇرۇق-
لىرىنى نەزەردە تۇتقان. بۇنداق ئايرىش باسكا كۆپ-
نىڭ تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۈركىي تىللارنى گۇرۇپپىلار-
غا ئايرىش بىلەن ئاساسەن ئوخشمايدۇ. باسكا كۆپ ئوغۇز
گۇرۇپپىسى (مەكتىپى) نى 1) ئوغۇز - تۈركمەن بۆلۈمى
(X— XI ئەسىرلەردىكى ئون ئۇيغۇر، توققۇز
ئۇيغۇرلار تىلى). 2) ئوغۇز — بولغار بۆلۈمى. 3)
ئوغۇز - سالجۇق بۆلۈمى دەپ ئۈچكە بۆلىدۇ.
قارلۇق گۇرۇپپىسى، قارلۇق - ئۇيغۇر بۆلۈمى
(قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى) ۋە قارلۇق -
خارەزىم بۆلۈمى (قارلۇق - خارەزىم تىلى، چاغىتاي
تىلى، كونا ئۆزبېك تىلى) دەپ ئىككىگە
ئايرىيدۇ.
قىپچاق گۇرۇپپىسى 1) قىپچاق - بولۇۋېتىس
بۆلۈمى 2) قىپچاق - بۇلغار بۆلۈمى ئالتاي ئوردا
«قازاق» تىلى، تاتار تىلى، باشقىرىت تىلى (3) قىپ-
چاق - نوغاي بۆلۈمى (نوغاي تىلى قازاق تىلى،
قارا قالپاق تىلى، ئۆزبېك تىلىنىڭ قىپچاق دى-
ئالېكتى «سەمەر قەنىد تىلى») دەپ ئۈچ بۆلۈم-
گە ئايرىيدۇ.
قىرغىز - قىپچاق گۇرۇپپىسى (مەكتىپى) غا
يەنە قىرغىز (يەنسەي قىرغىزلىرى) تىلى، ئالتاي
تىلى، قالماق تىلى قاتارلىقلار كىرىدۇ دەپ قاراي-
دۇ. يۇقىرىقىلار ن. ئا. باسكاكوۋ نىڭ بۆلۈشى
بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىللارنىڭ غەربىي

هون تارىمىقىغا مەنسۇپ بولغان تىللاردۇر. ئۇلارنى
يىغىنچاقلىغاندا، تىلىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەت-
لىرى ۋە ئورتاق ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە ئاساسەن،
ب. راشىددىن كۆرسەتكەن ئىككى مەكتەپكە مەركەز-
لىشىدۇ. چۈنكى، قەدىمكى زامانلاردا مەيلى «ئون
ئوغۇز ياكى توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتىلىشىدىن قەتئىي-
نەزەر، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتى-
پاقى نەزەردە تۇتۇلغانلىقى ھەممىگە ئايان. بۇنداق
بولسا، بۇ ئىككى گۇرۇپپىغا تەئەللۇق بولغان داستا-
لارنىڭ تۈپ پەرقى نېمە؟ بۇ پەرقلەرنى مۇنداق
ئۈچ نۇقتىدا مەركەزلەشتۈرۈپ سىپىلىشتۈرۈش
مۇمكىن.

1. ئوغۇز گۇرۇپپىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ خەلق
داستانلىرى ھەم نەسرىي ھەم نەزمىي ئاساستا تۈ-
زۈلگەن. ۋەقەلەرنىڭ تەسۋىرى ئاساسەن نەسرىي
بىلەن ئىپادىلەنسە، پېرسوناژلارنىڭ لىرىك كەچۈر-
مىشلىرى، ھېس - تۇيغۇ ۋە ھاياجانلىرى (دىئالوگ
ۋە مونولوگلىرى) نەزم بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ھەتتا
بەزى ھاللاردا نەزمىگە قارىغاندا نەسرىي ئۈستۈن-
رەك ئورۇننى ئىگىلىگەن بولىدۇ. ئېپىك ھادىسىلەر-
نىڭ شېئىر بىلەن تەسۋىرلىنىشى بۇ گۇرۇپپىدىكى
ھېچقانداق داستاندا ئۇچرىمايدۇ. پروزا بىلەن شې-
ئىرنىڭ مەزمۇننى ئىپادە قىلىشتىكى مۇنداق «ئىش
تەقسىماتى» نىڭ ئوغۇز داستانچىلىقىدا ئېنىق ئاج-
رىتىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى: قەھرىمانىنىڭ لىرىك

كەچۈرمىشلىرىنىڭ پەقەت لىرىك شېئىر شەكىللىرى ھېسابلانغان مەسنىۋى، مۇرەببە، غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت.

قىپچاق داستانچىلىقى ئاساسەن باشتىن - ئاخىر قوشاقچىلىق شېئىرىي شەكلىگە (بارماق سىستېمىسىغا) ئاساسلانغان. گەرچە قىسمەن قىپچاق خەلق داستانلىرىدا پىروزا بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەجمى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى بىرىنچى باپتىن ئىككىنچى باپقا، بىر ئېپىزوتتىن ئىككىنچى ئېپىزوتقا كۆچۈشنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلدۇرۇلغان. چۈنكى قىپچاق داستانچىلىقى شېئىرىيەتنىڭ ئېپىكلىك تۈرىگە خاس قوشاق شەكلىنى ئاساس قىلغاچقا، ئېغىز ئىجادىيىتىگە خاس بولغان شېئىرىيەتنىڭ بۇ ئاددىي تۈرى بىلەن ھەم لىرىكىلىق ھەم ئېپىكلىق ۋەقەلەرنى بىردەك ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ گۇرۇپپىدىكى داستانلاردا — ئومۇمەن ئوغۇز داستانچىلىقى ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان ئارۇز سىستېمىسىدىكى (مۇرەببە، غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەددەس، تۇيۇق، قىتئە قاتارلىق) مۇرەككەپ ۋەزىنلىك شېئىرلار ئۇچرايدۇ.

ئوغۇز داستانچىلىقى مۇرەككەپ شېئىرىي فورمىغا قۇرۇلغاچقا، ئۇنىڭ كۆيلىنىش مۇزىكا ئاھاڭىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ. مەسىلەن، «غېرىب - سەنەم»نى

ئالساق، ئۇنىڭدا 50 نەچچە خىل مۇزىكا ئاھاڭى بار.

قىپچاق داستانچىلىقىدىكى شېئىر فورمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ. بەلكى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ۋەزىن ۋە تۇراق جەھەتتىن ئىككى ياكى ئۈچ خىل ئۆزگىرىشكە ئىگە. لېكىن مۇتلەق كۆپ قىسىم داستانلىرى باشتىن - ئاخىر بىر خىل شېئىرىي شەكىلگە ئىگە بولىدۇ. قىرغىزلارنىڭ شۇنچە چوڭ ھەجىملىك تارىخى ئېپوسى — «ماناس»مۇ باشتىن - ئاخىر بىرلا خىل مۇزىكا ئۇدارىغا ئىگە. بۇنىڭ سەۋەبلىرى تىل ۋە ئېتىنىك ئالامەتلىرى جەھەتتىن بۆلۈنگەن. ئوغۇز، قىپچاق گۇرۇپپىلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيات باسقۇچى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىي ئاڭ جەھەتلەردىمۇ ئوخشاش بولمىغانلىقىدىندۇر. ئوغۇزلار (بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار) جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا ئالدى بىلەن ئولتۇراق شەھەر ھاياتىنى باشلىغان. ئەنە شۇ شەھەر ھاياتىنىڭ تەلەپىدىن كېلىپ چىققان خىلمۇ خىل مۇزىكا ئەسۋابلىرىغا ئىگە بولغان بۇ خەلقلەر ئۆز داستانلىرىنى مۇرەككەپ مۇزىكا ئاھاڭلىرى بىلەن كۈيلەشكە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ مۇرەككەپ ۋەزنلىك شېئىرلارنى ئىجاد قىلىشقا ئادەتلەنگەن. قىپچاقلار كۆچمەن چارۋىچىلىق ھايات بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن «كىشىلىك ھاياتقا كېرەكلىك ۋە خەلق مەنپەئەتى بىلەن مۇددىئاسىنى كۆزلەيدىغان نەسرىي ياكى

شېئىردي ئەسەرلەرنى يېزىپ تارقىتىش مۇمكىنچىلى-
كى بولمىغان، خەلق يادقا ئېيتىپ ئېسىدە ساقلاپ
قېلىشقا مەجبۇر بولغان.» ① بۇ ھال قىپچاق داس-
تانلىرىنى شەكىل جەھەتتىن بىر خىللىققا، مۇزىكا
ئاھاڭى جەھەتتىن ئاددىيلىققا ئىگە قىلغان. ئوغۇزلار
داستان ئىجاد قىلىش ئەنئەنىسىگە باي مۇزىكا
ئاساسىغا تايانغانلىقتىن شېئىردي قىسمىنى ئاھاڭ بىر-
لەن ۋە بۇ ئاھاڭنى مۇزىكا بىلەن ئىجرا قىلىشقا
ئادەتلەنگەن.

شۇڭلاشقا داستان ۋەقەلىكلىرىنىڭ ھەممىسى-
نى يالغۇز شېئىر بىلەنلا ئېيتىشقا ھاجەت چۈشمىگەن.
قىپچاقلارنىڭ داستانچىلىق ئەنئەنىسىدە بولسا
ئاھاڭ ۋە مۇزىكا جەھەتكە ئونداق ئېتىبار بەرمىگەن-
لىكتىن، يەنى مۇزىكىنى داستان كۆيلەش ۋاستىسى
قىلمىغانلىقتىن ۋەقەنى باشتىن ئاياغ بايان قىلىشتا
كىشىلەرگە ۋاستىلىك ھالدا مۇزىكىلىق سېزىم بېرە-
لەيدىغان شېئىر شەكلىدە ئىجرا قىلىشنى كۆزلىگەن
ۋە بۇنى قىپچاق داستانچىلىق ئەنئەنىسى
قىلغان.

2. سېيۇژېت جەھەتتە: ئوغۇز داستانلىرىدا
يەرلىك مىللىي سېيۇژېتلاردىن تاشقىرى ئەرەب ۋە
پارس سېيۇژېتلىرىمۇ ئارىلاشقان. بۇ يالغۇز كلاس-
سىك ئەدەبىياتقىلا ئەمەس، بەلكى خەلق ئەدەبىياتى-

① ق. جۇمالىيوف: «قازاق ئېپوسى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىنىڭ
مەسىلىلىرى» ئالمۇتا 1 - توم. 1959 - يىل نەشرى. 6 - بەت.

غىمۇ خاس خۇسۇسىيەتتۇر. مەسىلەن، «غېرىب - سەنەم»، «يۈسۈپ - ئەخمەد»، «گور ئوغلى»، «قورقۇت ئاتا»، «تاھىر - زوھرا»، «مەلىكە ئەييار» قاتارلىقلار، ئوغۇزلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە باغلىق مىللىي سىيوژىتلاردىن ئىبارەت بولسا. «لەيلى - مەجنۇن»، «ھۈرلىقا»، «يۈسۈپ - زۆلەيخا»، «رۇستەمى داستان» قاتارلىقلار ئاساسەن ئەرەب - پارس ئەدەبىياتىدىن سىڭىپ كىرگەن سىيوژىتلار ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغۇز داستانلىرىدىكى ۋەقەلەر ئاساسەن رىم، ئەجەم، پەرەڭ، تۇران، باغدات، چىنى - ماچىن، مىسىر قاتارلىق قەدىمكى مەشھۇر يەر ناملىرىغا باغلىنىپ كېلىدۇ.

قىپچاق داستانلىرىنىڭ سىيوژىتى ئەسلىدە قىپچاقلار ھاياتىنىڭ تارىخى ۋە ئىجتىمائىي ھايات تىرىكچىلىكىدىن، شۇنداقلا مىفولوگىك ۋە دىنىي چۈشەنچىلەردىن پەيدا بولغان بەدىئىي توقۇلمىلاردىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا موڭغۇل چاپقۇنچىلىقىغا ۋە موڭغۇل خانلىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق قوزغىلاڭلىرىنىڭ رىۋايەتلىك بەلگىلىرى ئەكس ئېتىلىدۇ. «ئالپامىش»، «ماناس»، «ئىرتارغىن»، «قوبلاندى»، «قوزا كۆرپەش - بايان سۇلۇ» قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق داستانلارنىڭ تۇرىگە كىرىدۇ. «تاھىر - زوھرا»، «يۈسۈپ - ئەخمەد»، «يۈسۈپ زۆلەيخا»، «سەيپۇلمۇلۇك»، «بوز يىگىت» قاتارلىق

سىيۋژېتلار قىپچاقلار ئارىسىغا پەقەت XIX ئەسىر ئىچىدە يازما تۈردە تارقالغان بولۇپ، «كىتابىي ئەدەبىيات سۈپىتىدە تونۇلغان». ① شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغۇز ھەم شەرق سىيۋژېتلىرىنىڭ قىپچاق سىيۋژېتلىرىغا بولغان تەسىرى سېزىلەرلىك ئەمەس. چۈنكى قىپچاق بىلەن ئوغۇز سىيۋژېتلىرىنىڭ ۋەقەلىكى بىر - بىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئادەتلىرىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. مەسىلەن: «ماناس» ۋەقەلىكى دالا شارائىتىدا چارۋىچىلىق كۆچمەن ھايات، قەبىلىۋى ماجىرالار ئارىسىدا راۋاجلانسا «يۈسۈپ - ئەخمەد» ۋەقەلىكى شەھەر ھاياتى فېئودال مونارخىيىلىك تۈزۈم ۋە ئوردا ماجىراسى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىدۇ.

3. داستان پېرسوناژلىرىنىڭ نامى جەھەتتە:

ئوغۇز داستانچىلىقىدا — كۆپىنچە ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ رايونى جۇملىدىن پارس - ئەرەبلەردە (بۇ تەركىب ئازراق) ئۆتكەن مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر، قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خەلق ئاغزاكى رىۋايەت قەھرىمانلىرى — داستان پېرسوناژلىرى ئۈچۈن مەنبە بولسا، قىپچاق داستانچىلىقىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ناملىرى ئۈچۈن ئۆز دەۋرىگە يېقىن ۋە خەلق ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن موڭغۇل (قالماق) سەركەردىلىرىنىڭ ئاتلىرى ئاساسىي مەنبە بولغان. شۇنداقلا يەنە، ئوغۇز داستانلىرىدا پېرسوناژلارنى نام-

① N. T. دويىمەنبايوف: «قازاقىنىڭ لىرو - ئېپوسى» ئالمۇتا 1973 - يىل نەشرى. 22 - بەتلەر.

لاشتى رامانغا مۇۋاپىقلىشىپ ئىسىملارمۇ كۆپىنچە
ئەرەبچە ۋە پارسچىلاشقان. قىپچاق داستانلىرىدا
بولسا، ئارخائىزىملىق ئىسىملار (قەدىمكى ئىسىملار)
ساقلاپ قېلىنغان. كونكرېت يەر - جاي ۋە شەھەر
ئاتلىرى قىپچاق داستانلىرىدا ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ.
ئوغۇز داستانلىرىدا بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق-
تىكى مەشھۇر بولغان يەر - جاي، دەريا، تاغ ۋە
شەھەر ئاتلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. لېكىن بۇ پەرقنى
مۇقىملاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بىزگە مە-
لۇم بولغان ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا مەنسۇپ بولغان
داستان قەھرىمانلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى تەكشۈرسەك،
نىسپىي ھالدا بىر - بىرىگە ئوخشىكەنلىكىنى سېزى-
مىز. مەسىلەن، ئوغۇز داستانلىرىدىكى ئاق خان
بىلەن قاراخان بەزى قىپچاق داستانلىرىدا قارا
باي بىلەن سارى باي ياكى باي سارى بىلەن باي
قارا (ئافشاخان بىلەن سارى خان) بولۇپ كەلگەن.
«گورئوغلى» دىكى سېتەك سېمىتەك «ماناس» داستا-
نىدا سېتەك بىلەن سېمەتەي بولۇپ كەلگەن. «يۈ-
سۈپ - ئەخمەد» تىكى كۆكچى شائىر (كۆكچى باتۇر-
دەيمۇ ئاتىلىدۇ) «ئىرتارغىن» داستانىدىكى كۆكچى
باتۇر بىلەن «ماناس» دىكى كۆكچى كۆز دېگەن ئى-
سىملار بىر مەنبەدىن كەلگەن ۋە باشقىلار. بۇ ھال
ئىككى ئېتنىك گۇرۇپپا داستانلىرىدىكى ئەڭ ئېپتىدا-
ئىي رىۋايەتلەر ئاساسىنىڭ بىر مەنبەدىن پەيدا
بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، ھازىر بىر قانچە مىللەتلەرگە ئورتاق دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان ئايرىم داستانلارنىڭ تېمىسى ۋە سيۇژېتى ئەسلىدە قەدىمكى بىر قەبىلە ياكى ئۇرۇقتا پەيدا بولۇپ، كېيىنچە بۇ قەبىلىلەر ئۆز ئارا قوشۇلۇپ يىرىك خەلققە ئۇيۇشۇشى نەتىجىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنىمۇ بىللە قوشۇپ ئالىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئەسەر يېڭىچە ۋارىيانتقا ئىگە بولۇپ، بىر قانچە خەلقلەرگە ئورتاق بولغان ئەدەبىي مىراسقا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئالپامىش» ئەسلىدە سىر دەريا بويلىرىدا ياشىغۇچى قوڭرات ئۇرۇقىنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان. قوڭراتلار ھازىرقى ئۆزبېك، قازاق، قارا قالپاق، باشقىرتلار ئارىسىغا سىڭىپ كېتىشى ئارقىلىق بۇ داستاننىڭ بۈگۈنكى خەلقئارا ۋارىيانتلىرىنى پەيدا قىلغان. سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يەكۈنلەنگەن بۇ پەرقلەرگە ئاساسەن، ھازىرقى قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدا تەۋەللىكى ئېنىق ئايرىلمىغان داستانلارنىڭ چېگرىسىنى ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىش مۇمكىن. بۇ يەردە يەنە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەكتى، «بىر خەلقنىڭ داستانىنىڭ بار يوقلۇقىنى بىلىشتىكى ئۆلچەم (ئومۇمەن نوقۇل ھالدا) داستاننىڭ بولۇشى بىلەن ئەمەس، بەلكى پەقەت خەلقئارا سيۇژېتقا شۇ خەلقنىڭ جاۋاب تەرىقىسىدە ئۆز ۋارىيانتىنى ياراتقانلىقى ياكى ياراتمىغانلىقى بىلەن

ئۆلچىنىدۇ.» ①

## (4)

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئىزلىنىش — مەملىكىتىمىزنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىياتىنى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇن.

يۇقىرىقى قىسقىچە بايانلاردىن مەلۇم بولىدىكى: ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىنى بېيىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. بۇ، ئۇيغۇرلار جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىدۇر. يالغۇز ئۆزىنىڭ ئۆچمەس ئەسەرلىرى بىلەن دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا ۋەتىنىمىز ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى بىر پۈتۈن گەۋدە بولغان ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ شەكىل، ژانىر ۋە تېما سەھنىسىنى كېڭەيتتى. ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخى بىلەن ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخى ئۆز ئارا بىر-بىرىنى تولۇقلاپ

① قوڭراتبايوۋ: «قازاقنىڭ (قوزى كۆرپەش) چىرى توغرىسىدا» ئالمۇتا 1959 - يىل 18 - بەت.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق شانلىق ئەدەبىيات تارىخىنى ھاسىل قىلدى.» ①

ئۇنداق بولسا، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئارقىلىق يەكۈنلەپ چىقىرىلغان دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشى ۋە تەسىرى قانداق ئومۇمىي قانۇنىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ؟ بۇ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم بىر مەسىلە. بۇ ھەقتە دەسلەپكى قەدەمدە بىر قانچە يۈزەكى تونۇشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقايلى.

1. ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بىر-بىرىگە باغلىنىشى ۋە ئۆز ئارا تەسىرى تاسادىپىي ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. بەلكى ئۇزاق مۇددەت شەرتلىك ۋە تەبىئىي ھالدا ئېلىپ بېرىلغان دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ بىر-بىرىگە باغلىنىشىدىكى تۈپ ئاساسى. مۇنداق مۇناسىۋەتلەرنى ھەر قايسى جەھەتلەردىن تەمىن ئېتىدىغان مىساللار تارىخىي مەنبەلەردە ناھايىتى كۆپ كۆزگە چېلىقىدۇ. مەملىكىتىمىز ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلغان خەنزۇلار ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن سىرت، ئېلىمىزدىكى 50 نەچچە ئار-

① لىۋېلىڭ: «شىنجاڭنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە» گە قاراڭ.

ساندىق مىللەتلەر ئاساسەن چېگرا رايونلارغا ئولتۇراقلاشقان. جەنۇبىي جۇڭگو، شىمالىي جۇڭگو ۋە شەرقىي - شىمال رايونلىرىدا بولسا خەنزۇلار بىلەن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر گىرەلەشكەن هالدا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. جاڭچيەننىڭ غەربىي رايونغا ئەلچى بولۇپ كەلگىنىدىن تارتىپ، غەربىي رايون بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا قويۇق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ، بۇ رايونلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور رول ئوينىغان.

2. مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەت ۋە ئىپتىدائىي تىل مەنبەسىنىڭ بىر بولۇشىدەك ئوبيېكتىپ شارائىتمۇ شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ چەكلىك دائىرىدىكى ئوخشاشلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. تىلشۇناسلىق ۋە مىللەتشۇناسلىق نۇقتىئىنەزەرىدىن ئېيتقاندا، هازىرقى زامان مىللەتلىرى بىر ياكى بىر قانچە ئۇرۇق ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەدرىجىي قوشۇلۇشى، بۆلۈنۈشى، ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتى ئارقىلىق شەكىللەنگەن. ئەسلىدە بىر ئۇرۇق ياكى قەبىلىگە تەئەللۇق بولغان بەزى مىللەتلەر تىل، ئۆرپ - ئادەت، ئېتىقاد، پسىخولوگىيە جەھەتلەردە تېخىچە ئورتاقلىققا ئىگە بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات ۋە جەمئىيەت تونۇغۇسىدىكى ئىدېئولوگىيىلىك قاراشلىرىمۇ مۇئەييەن ئوخشاشلىققا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ھەر قايسى مىللەتنىڭ

ئوخشاپ كېتىدىغان ئەدەبىياتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، شۇنى بايقاپ ئالالايمىزكى، ئوخشاش بىر تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش شەكىلدىكى ئەسەرلىرى كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

3. ھەر قايسى مىللەتلەر ھامان باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىكى پايدىلىق بولغان ئېسىل ئامىللارنى ئۆگىنىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنى بېيىتقان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئۆز ئارا تەسىر ھەمىشە تەڭ نىسبەتتە بولمايدۇ. مەسىلەن، بەيزۇلارنىڭ يۇننەندىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى چوڭراق ۋە چوڭقۇرراق بولغان.

ماركس «ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇش، سىياسىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى شەرت قىلىدۇ.» ① دېگەن ئىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىكى ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا تەسىرىنىڭ تەكشىسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى بىر قەدەر ئىلغار بولغان مىللەتلەرنىڭ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى بىر قەدەر ئاستا بولغان

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 2-توم، خەنزۇچە 112-113-بەتلەر.

مىللەتلەرگە بولغان تەسىرى تېخىمۇ چوڭراق ۋە چوڭقۇرراق بولۇشى مۇمكىن. (لېكىن بۇ مۇتلەق قانۇنىيەت ئەمەس.)

4. ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشى ۋە تەسىرى دائىم دېگۈدەك ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ئىدىيۋى ئېتىقادى، ستېتىك ئارزۇلىرى، پسىخىك تۈيغۇسى ۋە سەنئەت ئەنئەنىلىرىگە ئاساسەن ئىجادىي ئۆزگەرتىلىپ، روشەن مىللىي تۈسكە ئىگە قىلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئۇنى مىللىي ئەدەبىيات نۇقتىسىدا ئېتىراپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ (بولۇپمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ) خىلمۇ خىل ۋارىيانتلىرىنى پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرسى.

دېمەك، ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئالمىشىشى ۋە ئۆز ئارا تەسىرى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

سوتسىيالىزم دەۋرى — ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش دەۋرى. ھەر قايسى مىللەتلەر پەقەت ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىنى بويلاپ، ئۆز مىللىتىنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئۇسلۇبىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شۇ ئاساستا ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بىرلىكتە ئۆگىنىپ، بىرلىكتە يۇقىرى ئۆرلىسىلا ئاندىن ھەر

مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى گۈللەپ - ياشناپ، تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلەيدۇ، خالاس.

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ھەققىدە يۇقىرىدا بايان قىلغان يۈزەكى چۈشەنچىلىرىمىزگە ئاساسەن، دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايمىز. بۇ ماركسىزمچە ئەدەبىياتشۇناسلىق ئېچىپ بەرگەن ئەدەبىيات تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. بۇنداق سېلىشتۇرما تەتقىقات بىزگە تېخىمۇ كۆپ ماللاردا: «دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ھەرگىز بىر مۇقىم مەركەزنى ئوق قىلىپ ئايلىنىۋەرمەيدىغانلىقىنى، غەربنىڭ ھەممە نەرسىسىنىڭ ئىلغار بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى، شەرقنىڭمۇ ھەممە نەرسىسىنىڭ قالاق بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شەرقنىڭ ئىلغار بولغان ۋاقتى، غەربنىڭ ئارقىدا قالغان ۋاقتىدىن ئۇزۇن بولغان؛ ئىنسانىيەت ئەدەبىيىتىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، مىللەتلەرنىڭ تۆھپىسىنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش بولۇپ، ئۇلاردا ئىلگىرى - كېيىنلىك، چوڭ - كىچىكلىك ۋە ئاجىز - كۈچلۈكلۈك پەرقى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئەلدىن يۇقىرى - تۆۋەنلىك، قەدىرلىك - پەسلىك پەرقى بولغان ئەمەس.» ①

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983 - يىل 2 - سان 159 - بەت.

# «يازغۇچىنىڭ مەلامى تەۋەللىكى» ۋە ئاتالمىش «ئورتاق بايلىق» مەسىلىسى ھەققىدە

تارىخنىڭ تەقەززاسى ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى- نىڭ تەلەپى بويىچە 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان جۇڭخوا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا يېزىپ چىقىشتەك ئەھمىيەتلىك خىزمەت يەنىلا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى- دىن كېيىن ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى گۈللەپ ياش- نىش ۋەزىيىتىگە ئەگىشىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىش ئىشى نۆۋەتتىكى تەخىرسىز خىز- مەتلەر قاتارىغا قويۇلغانىدى. خېلى كۆپ مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى دەسلەپكى قەدەم- دە يېزىپ چىقىپ، جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇرۇشتا تىرىشتى. بىراق، بۇ خىز- مەتنىڭ مۇھىملىقى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلمايتتى.

1986 - يىلى 11 - ئايدا ئېچىلغان مەملىكەت-

لىك ئىجتىمائىي پەنلەر 7 - بەش يىللىق پىلان يىغى-
نىدا، پۈتۈن ۋەكىللەرنىڭ تولۇق ئاۋاز بېرىشى بى-
لەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى
يېزىپ چىقىش دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى
قىلىپ بېكىتىلدى. ئارقىدىنلا 11 - ئاينىڭ 10 -
كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە بېيجىڭدە مەملىكەتلىك
ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىش
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئېلىمىزدىكى
55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يې-
زىش جەريانىدىكى بىر قاتار ئىلمىي مەسىلىلەر چوڭ-
قۇر مۇھاكىمە قىلىندى ھەمدە 1990 - يىلىدىن بۇرۇن
بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىشنى
پۈتتۈرۈپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللى-
قىغا سوۋغا قىلىش قارار قىلىندى.

مەن بۇ ماقالەمدە مىللەتلەرنىڭ بولۇپمۇ ئۆز
رايونىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات
تارىخىنى يېزىشتا دۇچ كېلىۋاتقان ۋە كۆپرەك مۇ-
نازىرە بولۇۋاتقان بىر مەسىلە يەنى «يازغۇچىنىڭ
مىللەت تەۋەلىكى» بىلەن «ئەدەبىيات (ئەسەر) نىڭ
مىللىي تەۋەلىكى» ھەمدە «ئورتاق بايلىق» دېگەن
مەسىلە ئۈستىدە بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قو-
يۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق مۇھاكىمىسىگە
سۇنماقچىمەن.

## 1

بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخى مۇقەررەر

ھالدا شۇ مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىدىن تارتىپ تاكى
ھازىرقى زامان مىللىتى بولۇپ يېتىلىش تارىخىي
مۇساپىلىرى جەريانىدا ياراتقان ئاغزاكى ئەدەبىيات
ۋە يازما ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداق
ئىكەن، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى — ماھىيەت-
تە شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي تارىخى بىلەن چەمبەر-
چاس باغلانغان بولىدۇ.

بىر يازغۇچىنىڭ مىللىي تەۋەلىكىنى ئايرىش
ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا ھېچقانداق مە-
سىلە ئەمەس ئەلۋەتتە. لېكىن ئىپتىدائىي قەدىمكى
زامان ئەدەبىيات تارىخى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنىڭ
ئۆزى ھەم مۇرەككەپ ھەم چىگىش بولغان بىر ئىل-
مىي مەسىلە. بولۇپمۇ ئېتنىك كېلىپ چىقىش جەھەت-
تىن يېقىن بولغان قانداش ھەم تېررىتورىيىداش
مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىشتا يازغۇچى-
نىڭ مىللىي تەۋەلىكى ئۈزلۈكسىز ھالدا تالاش - تار-
تىش ۋە مۇنازىرە قوزغاشقا سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ.
دەرۋەقە، پەن مۇنازىرىدىن قورقمايدۇ. مۇنازىرە
ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەقىقىتى ئاشكارىلىنىپ تېخىمۇ كۆپ
كىشىلەرنى قايىل قىلىدۇ. لېكىن ئەدەبىيات تارىخى-
نى يېزىشتا دۇچ كېلىدىغان يازغۇچى ۋە ئەسەرنىڭ
مىللىي تەۋەلىكىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى
مۇنازىرە نۇقۇل ھالدا ئەدەبىيات مۇھاكىمىسىلا بو-
لۇپ قالماستىن، ماھىيەتتە مىللەت ۋە مىللىي مەسى-
لە نەزەرىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان

ئىنچىكە مەسىلىدۇر. شۇڭا بۇ مۇھاكىمىنىڭ ئاچقۇچى يەنىلا ماركسىزملىق تارىخىي قاراش، دىئالېكتىكىلىق قاراش ۋە مىللەت نەزەرىيىسى قاراشلىرىنى يېتەكچى قىلىپ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشتىن ئىبارەت. لېكىن چەت ئەللەردە بېزىلىۋاتقان مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخلىرىدا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ماتېرىيالىستىك تارىخىي قاراشقا زىت كېلىدىغان بەزى غەيرىي پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چىقماقتا. تۈركىيىلىك سېيىت كامال (Seyit Kemal) يازغان ئۈچ توملۇق «تۈرك ئەدەبىيات تارىخى» دا ھازىرقى زامان تۈرك مىللىتىنىڭ ئەجدادىنى ھونغا تۇتاشتۇرۇپ، ئېپتىدائىي ھون دەۋرىدىن تارتىپ تاكى ھازىرقى زامانغىچە بولغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ پۈتكۈل ئەدەبىي مىراسلىرىنى ۋە بۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن بارلىق يازغۇچىلارنى «تۈرك ئەدەبىيات تارىخى» نىڭ ئىچىگە سىغداپ كىرگۈزگەن. ھەتتا خەنزۇچە مەتبەئەلەردە خاتىرىلەنگەن «شىمالىي سۇلالىلەر يۇفۇ قوشاقلىرى»، ئىچىدىكى «تېلى ناخشىسى»، «مۇلەن داستانى» قاتارلىقلارنىمۇ ھازىرقى زامان تۈرك مىللىتىنىڭ قەدىمىي ئەدەبىياتىنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ ھېسابلىغان. 1985 - يىلى تۈركىيىدە نەشر قىلىنغان ئەھمەت كاباكلىنىڭ ئۈچ توملۇق «تۈرك ئەدەبىيات تارىخى» دا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ پارس ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق بولغان فىردەۋسىنىڭ «شاھ-

نامە» داستانى بىلەن قىرغىزلارنىڭ «ماناس» داستانى قاتارلىق ئەسەرلەرنىمۇ «تۈرك مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىنىڭ تەركىبىي قىسمى» دەپ مۇئامىلە قىلغان. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا تۈزۈلگەن «قازاق ئەدەبىيات تارىخى» ۋە «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىقلاردىمۇ «ئورتاق بايلىق نەزەرىيىسى» يېتەكچى ئىدىيە قىلىنغان.

چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخى يېزىشتىكى ئەنە شۇنداق تارىخىي قاراشلىرى ۋە مىللىي نەزەرىيىۋى - پرىنسىپلىرى بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىشتا (بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىشتا) بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلماقتا. يېقىندا ئېچىلغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» غا سۇنۇلغان «ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي تىلدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىيات مىراسلىرى ھەققىدە» ناملىق ئىلمىي ماقالىدە، ئەدەبىياتتىكى «ئورتاق بايلىق نەزەرىيىسى» سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ، «قەدىمدىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى بارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتى ئورتاق» دېگەن يەكۈننى چىقارغان. دەرۋەقە بۇ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، تاتار قاتارلىق بىر تىل ئائىلىسىدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات

تارىخنى يېزىشتا ھامان دۇچ كېلىۋاتقان ۋە ھەل قىلىش قىيىن بولۇۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەردىن ئىبارەت. چۈنكى ئۇلار ئېتنىك كېلىپ چىقىش جەھەتتىن بىردەكلىككە ياكى يېقىنلىققا ئىگە. تىل جەھەتتىن بىر تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ. تارىختىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت مەيدانى قىلغان. ئېتنوگرافىيە ۋە مىللىي ئەنئەنىۋى قاراشلاردىمۇ بەلگىلىك ئوخشاشلىق بار. شۇ سەۋەبتىن مۇشۇ مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە شارائىت ئاستىدا (تېخى مىللەت بولۇپ ئايرىلمىغان مەزگىلدە) ياراتقان ئەدەبىي بايلىقلىرىنى «ئورتاقلىققا ئىگە» دېيىشنىڭ قارىماققا ھېچقانداق خاتالىقى يوقتەك كۆرۈنسىمۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ نەزەرىيە تەرەپدارلىرى ئىدېئولوگىيە فورمىسى ھېسابلانغان ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە «تەبىئەتپەرەسلىك پەلسەپە شەكلى» ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىدۇ. يەنى «جۇغراپىيىلىك ئۆلچەم» بويىچە ھازىرقى جۇغراپىيىلىك ئورنىدا بارلىققا كەلگەن بارلىق ئەدەبىي بايلىق شۇ تېررىتورىيىدىكى مىللەتكە مەنسۇپ، دەپ قاراپ، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا مىللەتلەرنىڭ تارىختىكى جۇغراپىيىلىك تەۋەلىكى بىلەن بۈگۈنكى جۇغراپىيىلىك تېررىتورىيىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ھەمدە «مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تەۋەلىكىدىكى بىردىنبىر ئۆلچەم — يازغۇچىنىڭ ۋە ئەسەرنىڭ تۇغۇلغان يېرى» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. مۇنداق «مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش» خۇددى

قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى ئا. قاسىموۋ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك «تارىخقا قاراش» ئۇسۇلىدۇر. ① ئالايلۇق، تاڭ دەۋرىنىڭ بۈيۈك شائىرى لى بەي سۇيئاپ شەھرىدە تۇغۇلغان. سۇيئاپ — بۈگۈنكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي، ئىسسىق كۆلىنىڭ غەربىي، چۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى توقماق دېگەن جايغا يېقىن جايلاشقان. لى بەي ھازىرقى قىرغىزىستان تەۋەلىكىدە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى «قىرغىز مىللىتى» دەپ قاراش مۇمكىن بولمىغاندەك، ئەبۇناسىر فارابىي ھازىرقى قازاقىستان تەۋەلىكىدىكى فاراپ - شەھرىدە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى قازاق دەپ قاراپ، قازاق ئەدەبىيات تارىخىغا كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئاتالمىش «جۇغراپىيىلىك تەۋەلىك»، «يازغۇچى ۋە ئەسەر تەۋەلىكى» دېگەن فورمۇلارنى رەت قىلىدىغان مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئەدەبىيات ئۇ ئىجتىمائىي ھادىسە، ھەرگىز تەبىئەت ھادىسىسى ئەمەس. مېنىڭچە يازغۇچىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مىللىي تەۋەلىكى (مىللىي ئەدەبىيات) ھەم ئۆز ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەم بەلگىلىك پەرقە ئىگە بولغان ئىككى خىل ئۇ-

① ليۇبىڭ: «ئىككى خىل نەزەرىيە مەسىلىسىدىكى مۇھاكىمە» دېگەن ماقالىغا قاراڭ!

قۇمدۇر. بىر يازغۇچىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى «قانداشلىق نەزەرىيىسى» بويىچە بېكىتىش تەس ئەمەس. (شۇ مىللەتنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىيات جەريانلىرى تارىخىي يوسۇندا ئېنىق بولغان شەرت ئاستىدا)، لېكىن «مىللىي ئەدەبىياتنىڭ» تەۋەلىكى ئۇنىڭغا قارىغاندا ناھايىتى مۇرەككەپ: كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ تونۇشىچە، مىللىي ئەدەبىيات بولۇش ئۈچۈن، يازغۇچىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تىل بىرلىكى، مىللىي مەدەنىيەت پسىخىكىسى، مىللىي تۇرمۇش، مىللىي ئالاھىدىلىك، ئەدەبىي ئەنئەنە قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاش بولۇشىدەك كۆپ تەرەپلىمىلىك شەرتلەر ھازىرلىنىش لازىم بولىدۇ.

روشەنكى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسلىق مىللىتى بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئەدەبىيات ئالماشتۇرۇش، بىرلىشىپ كېتىش ھادىسىلىرىگە قارىتىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئېھتىياجلىق بولغان دىئالېكتىك تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىش لازىمكى، ھەرگىز «قايسى مىللەتتىن كېلىپ چىققان يازغۇچىنىڭ يازغان ئەسىرى، شۇ مىللەتنىڭ مىللىي ئەدەبىياتى بولىدۇ» دەيدىغان ئاددىي فورمال - لوگىكىلىق ھۆكۈمگە تايانماسلىق كېرەك، ئەلۋەتتە.

دىئالېكتىكىلىق مەنتىقە بويىچە جەمئىيەتكە، تارىخقا، مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە مۇئامىلە قىلىش — ھەقىقەتەن ماركسىزمنىڭ مېتودولوگىيىلىك پرىن-

سىپلىرىدىن بىرى. مۇشۇنداق ئانالىز قىلغاندا مې-
نىڭ قارىشىمچە يۈەن دەۋرىدىكى ئاتاقلىق يازغۇچى
گۈەن يۈەن شى مىللىي تەركىب جەھەتتىن ئۇيغۇر
بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبى-
يات تارىخىغا مەنسۇپ ئەمەس. چۈنكى ئۇ خەنزۇ
ئىجتىمائىي مۇھىتى ئىچىدە تەربىيىلىنىپ، ئەنئەنىۋى
خەنزۇ ئەدەبىياتى ئىجادىيەت گەۋدىسى ئىچىدە خەن-
زۇ تىلى ئارقىلىق ئىجاد قىلغان. لېكىن تارىختى-
كى مۇنداق مۇرەككەپ ئىجادىيەت ھادىسىلىرىنىڭ
ھەممىسىنى مۇتلەقلەشتۈرۈپ بىر فورمۇلىغا سېلىشقا
بولمايدۇ. بۇ يەردە يەنىلا ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى
چىقىش قىلىش ئاساسىدا ئىنچىكە ۋە ئەتراپلىق مۇ-
لاھىزە قىلىش كېرەك. ئەينى مەزگىللەردىكى مۇرەك-
كەپ تارىخىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي شارائىت تۈ-
پەيلىدىن بىر قىسىم يازغۇچىلار، ئالىملار ئىجادى-
يەتتە ۋايىغا يەتكەن مەزگىللىرىدە ئۆز يۇرتىدىن
ئايرىلىپ باشقا يۇرتلاردا (ياكى باشقا دۆلەتلەر
ۋە مىللەتلەر) غا ماكانلىشىپ، ئۆز تىلىدا ياكى
غەيرىي تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ
ئەسەرلىرىنىڭ مىللىي ئەدەبىيات تەۋەلىكىنى يۇقىرىقى
فورمۇلا بويىچىلا يەككىللىك بىلەن بېكىتىۋېتىشكىلى
بولمايدۇ. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىككى بۈيۈك
ئالىمى ئىبنىسىنا بىلەن فارابىنى ئالساق. ئۇلار ئۆز
ئىجادىيىتىنى ئەرەب تىلىدا ۋە ئەرەب يېزىقىدا ئېلىپ
باردى. بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى مەش-

ھۆز ئەسىرى «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» نى باغدات-
تا يازدى. ۋە باشقىلار. لېكىن بۇ مۇزەككەپ تارى-
خي شارائىت ئىچىدە يۈز بەرگەن ئايرىملىق. مەلۇم-
كى، ئەرەب ئىستىلاچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىسلام
دىنىنى تارقاتقاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەد-
دەس كىتابى «قۇرئان» غا بولغان يۈكسەك ئەقىدە
تۈپەيلى ئۇنى ئوقۇش ۋە ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىش
توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر خىل كەيپىياتتا ئاي-
لانغان ئىدى. بولۇپمۇ ئەرەب تىلى بويىچە ئىجادىيەت
ئېلىپ بېرىش شۇ دەۋردىكى ئالىملار، يازغۇچىلار-
نىڭ ماھارىتى ۋە ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن-
لىكىنى بەلگىلەيدىغان بىر ئۆلچەمگە ئايلانغان ئى-
دى. يېقىندىن شەكىللەنگەن بۇ ئەنئەنىۋى ئەقىدە
تۈپەيلى شۇ دەۋردىكى خېلى كۆپ يازغۇچى - شائى-
رلارنىڭ ئەرەب ياكى پارس تىلىدا ئەسەر يازغانلى-
قى ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك ھادىسە ئەمەس. بۇ-
نىڭغا قاراپ «تىل ئۆلچىمى» پرىنسىپى بويىچە
ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەرەب ئەدەبىيات تارىخي
كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈۋېتىش ئەسلا مۇمكىن ئە-
مەس. يېقىنقى يىللارغىچە بەزى چەت ئەل ۋە جۇڭ-
گو ئالىملىرىنىڭ ئەل فارابىنى «ئەرەب ئەدەبىيا-
تىنىڭ ۋەكىلى» دەپ ھۆكۈم قىلىشى تارىختا زىت
ھالدا نوقۇل «تىل ئۆلچىمى» نى ئاساس قىلىۋالغانلىقىنىڭ
نەتىجىسى (بۇ ھەقتە ھېلىمۇ تالاش - تارتىش مەۋجۇت):

يازغۇچىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ۋە مىللىي ئەدەبىياتنى بەلگىلەشتە ھازىر خەلقئارادا ۋە ئېلىمىزدە جىددىي مۇنازىرە قوزغاۋاتقان مەسىلىلەرنى يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكى بىرقانچە كۆز قاراشقا مەركەزلىشىدۇ:

1. تەبىئەتپەرەسلىك پەلسەپىسى. يەنى «جۇغراپىيىلىك ئۆلچەم»؛ 2. يېزىق تىلى ئۆلچىمى؛ 3. مىللىي مەدەنىيەت پسىخولوگىيىسى ئۆلچىمى؛ 4. ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇش مەزمۇنى؛ 5. ئۇسلۇب ۋە ئەدەبىي ئەنئەنە ئۆلچىمى؛ 6. تەسىر ۋە ۋارىسلىق ئۆلچىمى قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ھەربىرى پەقەت نىسپىيلىككە ئىگە بولۇپ مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇ ئۆلچەملەرنىڭ ھەربىرى بەلگىلىك ئاساسقا تايانسىمۇ، لېكىن بۇ ئاساس مىللىي ئەدەبىياتنى بەلگىلەشتىكى ئوبيېكتىپ زىددىيەتنى ھەل قىلىپ بېرەلمەيدۇ. بىزنىڭچە. بۇ ئۆلچەملەرنىڭ ھەممىسىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ تارىخىي ھەقىقەت ۋە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغاندىلا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى «چىگىش مەسىلىلەر»نى ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. دەرۋەقە، ئېيتىشقا ئوڭاي بولغان بۇ نەزەرىيىۋى پرىنسىپلارنى كونكرېت مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىغاندا يەنە بەزى يېڭى زىددىيەتلەرنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقىدىن خالىي بولۇش تەس. ئالايلۇق، «يېزىق تىلى ئۆلچىمى»

بويىچە قارىساق، خوّيزوّ ۋە جەنوّبىي جوّڭگىردىكى خەنزوّ يېزىقى ۋە تىلىنى قوللىنىدىغان كوّپلىگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئەدەبىيات تارىخىدىن سوّز ئېچىش موّمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، بوّ مىللەتلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئوّزىگە خاس مىللىي ئەدەبىياتى بار. ئەگەر «ئەكس ئەتتوّرگەن تۇرموّش مەزمۇنى ئوّلچىمى» بويىچە قارىساق، ئوّتمىۈشتىلا ئەەس بوّگوّنكى دەۋردىمۇ ۋاڭ يوّخوّدەك باشقا مىللەتلەرنىڭ تۇرموّش مەزموّنىنى ئەكس ئەتتوّرگەن يازغوّچىلار ناھايىتى كوّپ ئوّچرايدوّ. ۋاڭ يوّخوّنىڭ ئوّيغۇر موّھىتىدا ئوّيغوّر ھاياتىنى ئەكس ئەتتۇرگەنلىكىگە قاراپ، ئوّنىڭ ئەسىرىنى «ئوّيغوّر ئەدەبىيات تارىخى» كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈش موّمكىن ئەمەس. ۋەھاكازالار.

دېمەك، بوّ يەردە ئايرىملىق بىلەن ئوموّملۇقنىڭ، ئاساسىي ئېقىم بىلەن تارماق ئېقىمنىڭ، ھادىسە بىلەن ماھىيەتنىڭ موّناسىۋەت مەسىلىسى مەۋجۇت. شوّڭا بىز بىر - بىرىنى شەرت قىلغان، بىر - بىرىنى تولوّقلىغان يىرىكىرىك پرىنسىپلارنى بىر گەۋدىگە ئايلاندوّروّپ، ئوموّملۇقنى ئاساس قىلغان ھالدا يازغوّچىنىڭ «مىللەت تەۋەلىكى» بىلەن «ئەدەبىياتنىڭ مىللەت تەۋەلىكى»نى بىر مەسىلە دەپ قارىماسلىقىمىز كېرەك.

## 2

تۈركىي تىلىدا سوّزلەشكوّچى مىللەتلەرنىڭ مىراس

لىرىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا چەتئەلدىن ئېقىپ
كەلگەن يەنە بىر خىل كۆز قاراش — ئاتالمىش
«ئورتاق بايلىق نەزەرىيىسى» ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا
تىلغا ئالغان ئىدۇق. بۇ قاراش نۆۋەتتە، ئۇيغۇر،
قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق قېرىنداش مىل-
لەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىش جەريانىدا
دۇچ كېلىۋاتقان ئەمەلىي قىيىنچىلىق ۋە سەۋەنلىك
كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئوخشاشلىق بولغاچقا، بۇ
ھەقتە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار،
دەپ قارايمەن.

مۇقەررەركى، ھەرقانداق بىر ئىلمىي تەتقىقات
ئارقىلىق يەكۈنلەنگەن خۇلاسە مۇئەييەن تارىخىي
پاكىتقا ئاساسلىنىشى لازىم. تارىخىي پاكىتقا ھۆرمەت
قىلىنمايدۇ. سىزىپ كېتىپ ھېسسىيات ئارقىلىق چىقىرىل-
غان خۇلاسە ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن دۇنياسى-
دا ھېچقانداق ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولالمايدۇ.
چەتئەلنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدە تەكىتلىنىۋاتقان
«ئورتاق بايلىق» دېگەن بۇ ئۇقۇم ناھايىتى ئېنىق-
كى، «مىللەتلەرنىڭ تەۋەلىك» مۇناسىۋىتىنى چەت-
كە قاقىدۇ. دەرۋەقە، بىز دائىم «دۇنيانىڭ بارلىق
ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى پۈتكۈل ئىنسانىيەت-
كە ئورتاق»، «جۇڭگونىڭ ئورتاق مەدەنىيىتىنى
بارلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئورتاق ياراتقان» دەپ
ئېيتىمىز. بۇ ئەلۋەتتە توغرا يەكۈنلەنگەن ئىلمىي
ھۆكۈم. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «ئورتاق بايلىق»

چۈشەنچىسى ئابستراكت ئۇقۇمغا ئىگە. بىز ئۇنى كونكرېت ئۇقۇم تەرىقىسىدە مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا تەتبىقلىغان چاغدا ئاشۇ «ئورتاق بايلىق»نى يارىتىشقا قاتناشقان ھەرقايسى خەلق ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس تۆھپىسى (بايلىقى) بولىدىغانلىقىنى، ئەنە شۇ خاسلىققا ئىگە بولغان «بايلىق» ئۆز ماھىيىتى بىلەن «مىللىي مەدەنىيەت» ۋە «مىللىي ئەدەبىيات» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخى، كونكرېت تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا شۇ مىللەتنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىسىنى شەرھلەپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھەرگىز «ئورتاق بايلىق» دەپ ئاتالغان ئابستراكت فورمۇلىنى قايتا تەكرارلاشنى مەقسەت قىلمايدۇ. دەرۋەقە، تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت بايلىقىنىڭ بارلىق تۈركىي خەلقلەرگە مەنسۇپلۇقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە «تۈركىي خەلق» دېگەن بۇ ئاتالغۇ پەقەت تارىخىي ئۇقۇم سۈپىتىدىلا مەۋجۇت بولۇپ، بۈگۈنكى رېئال دۇنيادا بۇنداق ئىجتىمائىي گەۋدە مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى ئۇ، خېلى ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا ئىندىۋىدۇئال مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان نەچچە ئون مىللەتلەرگە ئايرىلىپ كەتكەن بولۇپ، تېررىتورىيە جەھەتتىنمۇ بىر نەچچە دۆلەتلەردە ئوخشاشمىغان سىياسىي تۈزۈم، ئوخشاش-

مىغان تۇرمۇش مۇھىتى، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت ھاۋاسى ئىچىدە تۇرماقتا. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئۇرۇقچىلىق دەۋرىگە ئائىت بولغان مەدەنىيەت بايلىقلىرى ھەققىدە بارلىق تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق بولۇشتىن تاشقىرى يازما ئەدەبىيات بارلىققا كەلگەندىن بۇيانقى ئاساسلىق مەدەنىيەت بايلىقلىرى «ئەدەبىي ئەسەرلىرى»نىڭ ھەممىسىنى قارا - قويۇقلا «ئورتاق بايلىق» دەپ قاراش تارىخىي ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. شۇڭلاشقا بۇ قاراش ئوبيېكتىپ جەھەتتىن يالغۇز مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىشتا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپلا قالماستىن، مۇھىم سىياسىي جەھەتتە بەزى چۈشەنمەسلىكنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئىلمىي تەتقىقاتتا يۇقىرىقىدەك «ئورتاق بايلىق» دېگەن قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق قائىدىسى ئارقىلىق ھاسىل بولغان ھەرقايسى تىللار ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولدى.

مەلۇمكى، تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلىم - پەننىڭ مۇستەقىل بىر ساھەسى. ئۇ پەقەت ھازىرقى مەۋجۇت تىل سىستېمىلىرى ۋە ئۇنىڭ تارىختىكى مەلۇم ئىپتىدائىي تىل مەنبە قۇرۇلمىسىنى سېلىشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمى دۇنيادىكى تىللار خۇددى بىر تۈپ دەرەختىن ھاسىل بولغان شاخچىلارغا

ئوخشاش ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن باغلىنىشى مەۋ-
جۇت، دەپ قارايدۇ. تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتچى-
لار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل تىل تەتقىقاتىدا دار-
ۋىنىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئېۋولۇتسىيىسى بىلەن ئېپىپېر
باخ دىئالېكتىكىسىنى قوللانغان. بۇ نەزەرىيە ماھى-
يەتتە ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىقتىكى مېتافىزىكىلىق
قاراشقا قارىمۇ قارشى هالدا تارىختا ئىلغار رول
ئويناپ يۇقىرى دەرىجىدە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە
بولدى. ئۇلار مۇشۇ نەزەرىيە بويىچە هازىرقى 100
خىلدىن كۆپرەك تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەت ۋە
خەلقلەرنى بەش چوڭ تىل سىستېمىسىغا، يەنى
خەنزۇ، زاڭزۇ تىل سىستېمىسى، ئالتاي تىل
سىستېمىسى، ئاۋسترو - ئاسىيا تىل سىستېمىسى،
جەنۇبىي ئاسىيا تىل سىستېمىسى، ھىندى - ياۋروپا
تىل سىستېمىسىغا ئايرىيدۇ. كېيىن شىۋېتسىيىلىك
ئوفىتسېر. ف ئى تاببېرت - ستراللېنبېرگنىڭ ئالتاي
ۋە ئورال تىللىرى ھەققىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقا-
تىغا ئاساسەن ئورال تىللىرى (ئۇگور - فىن ۋە
ساموئېر تىللىرى) بىلەن ئالتاي تىللىرى (تۈركىي،
مونغۇل ۋە تۇڭگۇس - مانجۇ تىللىرى)نىڭ تۇغقان-
چىلىق مۇناسىۋىتى بارلىقى ئىسپاتلىنىپ، تېخىمۇ
چوڭ ئورال - ئالتاي تىل سىستېمىسى بارلىققا
كەلدى. لېكىن مەۋجۇت تىللارنى يۇقىرىقىدەك سىس-
تېمىلارغا بۆلۈشمۇ كۆپلىگەن چەكلىمىلىككە ئىگە.
مەسىلەن، ئۇلارنىڭ تونۇشىچە بارلىق تىللار چوقۇم

توغقانچىلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇشى شەرت. لې-
كىن بۇنىڭ ئەكسىچە، تېخى ھازىرغىچە يەنە بىر
مۇنچە تىللارنىڭ (مەسىلەن، ياپون تىلى، چاۋشيەن
تىلى قاتارلىقلار) توغقانچىلىق مۇناسىۋىتى تېپىل-
مىغىنى يوق. شۇڭا، ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىرى
بۇ خىل بىر مەنبەلىك نەزەرىيىسىنىڭ خىلمۇ خىل
چەكلىمىلىكىنى ئاللىقاچان ئېنىقلاپ چىقتى. ئەن-
گلىيىلىك تىلشۇناس سېپىت: «تىللاردىكى تارىخىي
سېلىشتۇرما تەتقىقات، كىشىلەردە ئاسانلا بىر خىل
تىلنىڭ ئۆزىگە خاس مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنى
كۆرەلمەسلىككە گىرىپتار قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتتى①.
دەرۋەقە، تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق
جىنولوگىيىدىكى ئېۋولوتسىيىلىك نەزەرىيە ۋە ئۇسۇ-
لىنى قوللىنىپ تىلنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى-
نى شەرھىلەپ بەرگەنلىكى تىلشۇناسلىقتا ناھايىتى
زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بىر تىل
سىستېمىسىدىكى تىل ئورتاقلىقىنى شۇ تىل سىستې-
مىسىدىكى خەلقلەرنىڭ «مەدەنىيەت ئورتاقلىقى» دەپ
خۇلاسىلاش مېنىڭ قارىشىمچە ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچى-
گە ئالغان مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەت-
لىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى مىللىي مەدەنىيەت
(جۈملىدىن مىللىي ئەدەبىيات) نىڭ ئەڭ روشەن
بەلگىسى ھېلىقى تىل سىستېمىسىغا تەئەللۇق ئومۇم-

① جىڭ خىڭ يۈەن — «تىلشۇناسلىق ۋە ھازىرقى زامان ئىلمى»
1984 - يىل، چىڭدۇ، خەنزۇچە.

لىق بولماستىن، بەلكى روشەن مىللىي خاسلىقتىن
ئىبارەت ۋە شۇنداق بولۇشى كېرەك. مىللەتلەرنىڭ
ئەدەبىيات تارىخىي تەتقىقاتىدا ئەگەر تىللارنى سىس-
تېمىغا ئايرىشنىڭ ئۇسۇل ۋە پرىنسىپلىرىنى مۇتلەق-
لەشتۈرۈپ، ئايرىم سۆزلۈكلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقى-
لىق «ئورتاق بايلىق»نى ئىسپاتلىماقچى بولسا،
ئۇ چاغدا مېنىڭچە. ئەدەبىيات ئالىمىمۇ تارىخىي سېلىش-
تۇرما تىلشۇناسلىقتىكى «بىر مەنبە»، «كۆپ شاخ»
نەزەرىيىسىنىڭ ھامىيسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. دەرۋە-
قە، تىل بولسا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بىر ئالاھىدى-
لىكى بولغاچقا، تىل سېلىشتۇرمىسى ئەلۋەتتە ئەدە-
بىياتنىڭ مىللىيلىكىنى بەلگىلەشتىكى تەتقىقات ئۇ-
سۇللىرىنىڭ بىرى. لېكىن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ
مىللىي تەۋەلىكىنى بەلگىلەشتە يەنە ئۇنىڭدىنمۇ دۆپ
ئامىللار مەۋجۇت. ئالايلۇق، مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە
ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئەدەبىيات ئەنئەنىسى، شەكىل
ۋە ئۇسلۇب، مىللىي مەدەنىيەت پسىخولوگىيىسى...
قاتارلىقلار. تىل بىلەن مۇشۇ خىل ئامىللارنى ئەلۋەت-
تە بىرلەشتۈرۈپ ئويلاشقاندىلا ئاندىن مىللەتلەرنىڭ
ئەدەبىيات تارىخى بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسى-
چە بىئولوگىيىلىك قانۇنىيەتكە ئاساسلانغان تارىخىي
تىلشۇناسلىق پرىنسىپى بويىچە بىر تىل مەنبەسى-
دىكى خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتى «بىر مەنبە»لىك
«ئورتاق بايلىق» ياكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇنا-
سىۋەت تىلدىكى «تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى»گە ئوخشاش

دېيىلسە. ئەدەبىيات قانداق قىلىپ ئوخشا شمىغان
سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي بازىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن
بولىدۇ؟ ئۇنداقتا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات
تارىخىنى يېزىشنىڭ ئەھمىيىتى قەيەردە؟ شىنجاڭدى-
كى بىرتىل سىستېمىسىغا تەئەللۇق بولغان ھازىرقى
زامان جۇڭگودا مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس «مىل-
لەتلەر ئەدەبىيات تارىخى»نى يېزىشتا نورمال مۇنا-
زىرىگە سەۋەب بولۇۋاتقان «ئورتاق بايلىق نەزە-
رىيىسى»— شۇ مىللەتلەرنىڭ تارىخىي شەكىللىنىشى
ۋە تەرەققىياتىدىكى بەزى مۇرەككەپلىكتىن پەيدا
بولغانلىقى راست. چۈنكى، بۇ مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك
تارىخى، پائالىيەت مەيدانى، مىللەت بولۇپ شەكىل-
لىنىش جەريانى قاتارلىقلاردا تېخى ئۆزۈل - كېسىل
ھەل بولمىغان «مۇجمەللىك» لەر بار. بولۇپمۇ ھەر
قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى قايىل قىلارلىق دەرى-
جىدە ئېنىقلاپ بېرىلمىگەن شارائىتتا ئەدەبىيات
تارىخىدا يۈز بېرىدىغان بەزى سەۋەنلىكلەردىن ساق-
لىنىشمۇ تەس. بۇ يەردە ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە تېگىش-
لىك بىر مەسىلە باركى، ئۇ بولسىمۇ ئۇرۇق، قەبى-
لە، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى، خەلق ۋە مىللەتنىڭ
مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى مەسىلىسى. ئۇرۇق، قەبىلە
بىرخىل قانداشلىق ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت. ئىنسانلار
ئەڭ دەسلەپ ئۇرۇقلار بويىچە مۇئەييەن ئىجتىمائىي
گەۋدە ھاسىل قىلغان. ئۇرۇقتىن قەبىلە پەيدا بول-
غان. بىرقانچە قەبىلىلەر بىرلىشىپ قەبىلىلەر ئىت-

تىپىنى تەشكىل قىلغان. قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ بۆلۈنۈشى ياكى قوشۇلۇشى ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم باسقۇچىغا كەلگەندە ئاندىن مىللەت دېگەن بۇ سىياسىي ئۇقۇم بارلىققا كەلگەن. لېكىن «بىر مىللەت يالغۇز بىر ئىككى ئەجدادتىن ياكى مەلۇم نۇرۇق - قەبىلىنىڭ كۆپىيىشىدىن شەكىللەنگەن ئەمەس. بەلكى نۇرغۇن ئادەملەر ئومۇملۇقىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن. ھەر قانداق مىللەت يەككە ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە تەرەققىي قىلغان ئەمەس. بەلكى ئۆز ئەتراپىدىكى مىللەتلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تەرەققىي قىلىپ كەلگەن»① مەسىلەن، ئۇيغۇرلار بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىدا. ئۇنىڭغا دەسلەپ شىمالىي دالىدىكى باشقا كۆچمەن مىللەتلەر قوشۇلغان. كېيىنچە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا مەنسۇپ بولغان بىر قانچە خەلقلەر قوشۇلغان. مانا شۇنداق جەريانلار شۇ مىللەتنىڭ تارىخىي ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي بولمىغان مىللەت ئەلۋەتتە مەۋجۇت ئەمەس. لېكىن ھازىرقى زاماندىكى ھەربىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا تارىخىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى زادى ئوخشاش ئەمەس. «مىللەتنىڭ ھەر بىر تارىخىي

① كوباۋ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە ئائىت بىر قانچە مەسىلە». «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1985 - يىلى 12 - سان، 10 - بەت.

ھادىسىلەرگە ئوخشاش ئۆزگىرىش قانۇنىغا ئىتائەت قىلىدۇ. بۇنىڭ تارىخىي باشلىنىشى، ئاخىرلىشىشى بولىدۇ»① «مىللەت دېگەن ھەممىدىن بۇرۇن ئومۇملۇق — ئادەملەرنىڭ مەلۇم ئومۇملۇقىدۇر». «بىز ئومۇملۇق ئىرقى ۋە قەبىلىۋى ئومۇملۇق ئەمەس. ھازىرقى ئىتالىيان مىللىتى — رومالىقلار، گېرمانلار، ئېتروسلار، يۇنانلار، ئەرەبلەر ۋە باشقىلاردىن تەشكىل بولغان. فرانسۇز مىللىتى — گاللار، رومالىقلار، بىرىتتلار، گېرمانلار ۋە باشقىلاردىن قۇرۇلغان. ھەرخىل ئىرق، قەبىلە ئادەملىرىدىن ئىبارەت مىللەت بولۇپ تەركىب تاپقان ئىنگلىزلار، نېمىسلار ۋە باشقىلار توغرىسىدىمۇ شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇ». «دېمەك مىللەت دېگەن ئىرق ۋە قەبىلىۋى بىرلىك ئەمەس. بەلكى تارىخىي يوسۇندا قۇرۇلغان ئومۇملۇقتۇر»② كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ناھايىتى مۇرەككەپ جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز ئۇرۇق ياكى قەبىلە بىرلىكىنى مىللەت چۈشەنچىسىدىن پەرقلەندۈرۈپ قارىغاندا، ئاندىن ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنىڭ بىردەك بولمايدىغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ھېس قىلالايمىز. ئۇيغۇرلار —

---

① ستالىن: «ماركسىزم ۋە مىللىي مۇستەملىكە مەسىلىسى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1957 - يىل ئۇيغۇرچە. 51 - بەت.

② ستالىن: «ماركسىزم ۋە مىللىي مۇستەملىكە مەسىلىسى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1957 - يىل. ئۇيغۇرچە. 52 - بەت.

نى ئالساق، ئۇلار ئۇرۇقتىن قەبىلە بولۇپ ئۇيۇشۇ-
شى، قەبىلىدىن ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ
تەشكىللىنىشى ۋە بۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدە
يېتەكچىلىك رول ئوينىشى جەريانلىرىدا باشتىن —
ئاخىر دېگۈدەك ئۇلاردا ئۈزلۈكسىز ھالدا بۆلۈنۈش
ۋە قوشۇلۇش ھادىسىسى يۈز بېرىپ تۇرغان. مانا
بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش
جەريانى بولۇپ، ئۇ، شۇ مىللەتنىڭ مۇستەقىل تا-
رىخىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ
رەسمىي مىللەت بولۇپ ئايرىلغانلىقىنىڭ يىلنامىسىنى
بەلگىلەش مۈمكىنچىلىكى بولمىسىمۇ، لېكىن مەملىكەت
ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ ئىلمىي
يەكۈنىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا
ياشىغۇچى باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق ئى-
كەنلىكى شۈبھىسىز. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتى-
نى شەكىللەندۈرگەن قەدىمكى «ئۇيغۇر» دېگەن نام
دەسلەپتە ئېتنىك ئىسىم بولماستىن بەلكى ئۇ ئۇي-
غۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرلەشكەن سىياسىي تەشكىلىنى
كۆرسىتىدىغان نام سۈپىتىدە خەنزۇچە تارىخىي
مەنبەلەردە ناھايىتى قەدىمدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ
نامى زىكرى قىلىنىدۇ. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III
ئەسىردىن مىلادىيىدىن كېيىنكى III ئەسىرگىچە ئۇلار
دىڭلىڭ (丁零丁灵钉灵) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان
بولسا، مىلادى III ئەسىردىن كېيىن تىلى (铁勒)،
يۈەنخې (袁纥)، تۇرا (狄历)، ئۇخۇ (ئوخۇز)

خۇيخى (回纥)، خۇيگۇ (回鹘方)، گاۋچاڭ (高车) ۋېيۋۇئىر دېگەنگە ئوخشاش ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بولۇپ. بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئۇيغۇر» دېگەن بىر نامنىڭ خەنزۇچىدا ھەرخىل دەۋرلەردە ھەرخىل تەلەپپۇز قىلىنىشى ئىدى. بۇ ھەقتە «يېڭى تاڭنامە — ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە ئېنىق قىلىپ: «يۈەنخې—ئۇخۇ. ئوخېمۇ دېيىلەتتى. سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ۋېيخى دېيىلدى①. دەپ خاتىرلەنگەن. «كونا تاڭنامە— ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىمۇ ۋېي سۇلالىسى ۋاقتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالار دەپ ئاتالغانلىقى ۋە ئەينى چاغدا تۇرالا دەپ ئاتالغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدە ئادەم سانى ھەممىدىن كۆپ، ئەڭ باتۇر كۈچلۈك قەبىلە ئۇيغۇرلار قەبىلىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەن.

«يېڭى تاڭنامە» 217 - جىلد« ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرە بار: «جېنگۈەننىڭ 3 - يىلى (مىلادى 630 - يىلى ... تۇركلەر يوقىتىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلار بىلەن سىر - تاردۇشلار ئەڭ كۈچلۈك قەبىلە بولۇپ قالدى ... ئۇزاق ئۆتمەي ئۇيغۇرلار سىر - تاردۇشلارنىمۇ تارمار قىلىپ ئەسلىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، تۇرا دېگەن نام ئورنىغا ئۇيغۇر دېگەن

① «تاڭنامە — ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 195 - جىلد.

نام قوللىنىلىدىغان بولدى. I ». ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ
ئۆزى ياغلاقار، توققۇزغۇز، تۇرا ئويۇر، قوتۇرسۇق،
ئاۋۇچاگ، گاسار، قوغۇرسۇ، ياغما، ئاياۋىردىن ئىبارەت
توققۇز چوڭ ئۇرۇقتىن تەشكىل تاپقاچقا. بەزى تارى-
خىي ھۆججەتلەردە «توققۇز ئوغۇزلار» دەپ ئاتالغان.
كېيىنچە ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا باسمىل ۋە
قارلۇق قەبىلىلىرىمۇ قوشۇلۇپ II قەبىلە بولغان.
ئۇلارنىڭ ئەسلى ئانا ماكانى بولغان شىنجاڭنى ئا-
ساس قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا بولۇپ، كاسپىي دېڭىز-
نىڭ شەرقىدىن موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىگىچە بولغان
كەڭ رايونلارغا تارقىلىپ ئاساسەن دېھقانچىلىق ۋە
چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. دۇنيا جامائەتچىلى-
كى بىردەك ئېتىراپ قىلغان تارىخىي ئارخېئولوگى-
يىلىك ماتېرىياللار ۋە ئەينى دەۋردە خەنزۇ تارىخچى-
لىرى تەرىپىدىن يېزىلغان نەتىجىلىك تارىخىي ھۆج-
جەتلەر، بۇ ئۆز قاراشنى يىمىرىلمەس پاكىتلار بى-
لەن ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ دەس-
لەپكى مەزگىلىدىن تارتىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەل-
لىرىدىكى تۈركولوگلار، ئۇيغۇرشۇناسلار دەۋرىمىزگى-
چە يېتىپ كەلگەن يازما يادىكارلىقلارنىڭ ماكان،
زامان ۋە يېزىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش
ئارقىلىق ئۇيغۇرلار مىلادى IV ئەسىرلەردە رەسمىي
يېزىققا ئىگە بولغان، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قو-
يۇشتى. ئەمما يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى
شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى-

دىن تېپىلغان يازما ۋە ئويما يادىكارلىقلارنىڭ مەي-
دانغا كەلگەن دەۋرى، تىل ۋە يېزىقلىرى ئۇيغۇر-
لارنىڭ پەقەت ئېلىپبەلىك يېزىققا ئىگە بولۇش تارى-
خىنىڭ 2000 يىلدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى
ئىسپاتلىماقتا.

مىللەت بولۇش ئۈچۈن ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك
شەرتلەر بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلى-
رىغا مۇئامىلە قىلغاندا ئۇلارنىڭ مىللەت بولۇپ شە-
كىللىنىش تارىخى ئەڭ دىگەندە مۇندىن 15 ئەسىر
ئىلگىرى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش مېنىڭچە ئەمە-
لىيەتتىن يىراق بولمىسا كېرەك. بۇ پىكرىمىزنى
ئاتاقلىق تۈركولوگ ن. ئا. باسكاكوۋنىڭ مۇنۇ بىر
ئابزاس سۆزىمۇ ئىسپاتلايدۇ: «قازاقلار تېخى XX
ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۇرۇق - قەبىلە تۈزۈمىنى
ساقلاپ كەلگەن. ۋەھالەنكى ئۆزبېكلەر ۋە بولۇپمۇ
ئۇيغۇرلار ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئال-
لىقاچان تۈگىتىپ ئۇزاق مۇددەتلىك فېئوداللىق
دەۋرنى بېسىپ ئۆتكەن. شۇنىڭ نەتىجىسىدە قازاق،
قارا قالپاق، ئالتايلىقلار ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ پۈت-
تى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇق - قەبىلە مۇناسى-
ۋەتلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ۋە
قەبىلە تەۋەلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇپ، مەلۇم
رۇت ياكى شەھەرگە قارىتىلغان نام - ئاتالغۇلارنى
ئىشلىتىدۇ»①.

---

① ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار». بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى،
1986 - يىل ئۇيغۇرچە، 3 - بەت.

مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي جەريانلار ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ياراتقان مول مەدەنىيەت بايلىقى جۈملىدىن ئەدەبىياتى پەقەت شۇ خەلققە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ روشەن خاسلىققا ئىگە بولغان «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدۇكى، ھەرگىز ئابستراكت ئۇقۇم بولغان «ئورتاق بايلىق» قا مەنسۇپ بولالمايدۇ. بىزنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، «ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي تىللىرىدىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىيات مىراسلىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالە مۇئەللىپى دۇنيا جامائەتچىلىكى بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئادەتتىكى ئېنىق پاكىتلارنىمۇ رەت قىلىپ «فارابى كېيىن چىقىش جەھەتتىن قازاق مىللىتىنى تەشكىل قىلغان چوڭ قەبىلىلەردىن بىرى قىپچاققا مەنسۇپ» دەپ قارايدۇ. فارابى ھەققىدىكى بارلىق تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلگەندەك فارابى ئەينى دەۋرلەردە يەتتە سۇنىڭ ئاساسلىق خەلقى بولغان قارلۇق قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان بولغان تارىخىي پاكىت.

قارلۇق قەبىلىسى كېيىن ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا قوشۇلغان ۋە تىل جەھەتتىن قاراخانىلار دەۋرىدىكى (X — XII ئەسىرلەر) خاقانىيە ئەدەبىي تىلىنىڭ، XII — XIII ئەسىرلەردىكى ئوغۇز قىپچاق ئەدەبىي تىلىنىڭ، XIII — XVI ئەسىرلەردىكى چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىي تىلىنىڭ ۋە باشقا تىللارنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇر - قارلۇق تىل تۈركۈمىنى ھاسىل قىلغان. شۇنداق ئىكەن فارابىنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈپ ئۆگىنىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، دەپ قارايمىز.

خاقانىيە ئەدەبىي تىلىنىڭ پارلاق ئۆلگىسى، بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىتۈك نەمۇنىسى ھېسابلانغان يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى بىلەن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ تۇنجى دەستۇرى بولغان — «دىۋانو لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنىڭ مىللەت تەۋەلىك مەسىلىسى ئىلىم دۇنياسىدا ئاللىقاچان مۇقىملاشتۇرۇلغانلىقى كەڭ جامائەتچىلىككە بىردەك ئايان. شۇڭا ئەسەردىكى ئايرىم سۆزلۈكلەرنىڭ باشقا قېرىنداش خەلقلەر تىلىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى، ھەمدە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بالاساغۇنىدا تۇغۇلغانلىقىدەك قىسمەنلىككە قاراپ، ئۇلارنىمۇ «ئورتاق بايلىق» دەپ قاراش تارىختا ھۆرمەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىق بولسا كېرەك. شەك شۈبھىسىزكى، بۇ ئىككى شاھانە ئەسەر ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنى ھەرگىز دۇنيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان 35 ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ «ئورتاق بايلىق»ى دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى* ئەسەرنىڭ تىلىدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە بولغان پۈتكۈل ئالاھىدىلىكلەر ئۇنىڭ تامامەن ئۇيغۇر ئىجتىمائىي مىللىي مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەي-

دۇ. دەرۋەقە بۇ ئىككى ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيادا يا-
شىغۇچى باشقا تۈركىي خەلقلەر يازما ئەدەبىياتىنىڭ
شەكىللىنىشىگە ھەتتا پۈتكۈل شەرق ئەدەبىياتىنىڭ
تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنى-
داق تەسىرنى ئەلۋەتتە شۇ خەلقلەرنىڭ ئەدەبىيات
تارىخىدا ئەكس ئەتتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخىي ئېپوسى «ئوغۇز-
نامە»نىڭ تەۋەلىكى ھەققىدىمۇ يېقىندىن بۇيان ئاش-
كارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا بەزى تالاش - تارتىشلار
ۋە مۇنازىرىلەر داۋاملىشىۋاتىدۇ. «ئوغۇزخان رىۋايەتلىرى»
نىڭ پەيدا بولغان ئەڭ دەسلەپكى دەۋرى تېخى تو-
لۇق ئېنىقلانمىغاچقا، دەرۋەقە ئۇنىڭ قايسى مىللەت-
كە تەۋەلىكىنى بېكىتىش بىر قەدەر مۇرەككەپ مەسى-
لە. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ دەۋرىمىزگە بىر قانچە
نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قە-
دەر تولۇق ۋە مۇھىم بولغىنى XIII ئەسىردە
تۇرپان رايونىدىكى نامەلۇم پۈتۈكچى تەرىپىدىن قە-
دىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخا بولۇپ ئۇ
ھازىر فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدىكى پۇقرالار كۇ-
تۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. مۇشۇ قولىيازمىغا ئاساسلان-
غاندا، بۇ تارىخىي ئېپوس ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئۆت-
مۈش تارىخىنىڭ ئوبرازلىق بەدىئىي خاتىرىسى سۈپى-
تىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ۋە يازما ئەدە-
بىيات خەزىنىسىدىكى نادىر ئۈلگە ئىكەنلىكىنى كۆ-
رۈۋالغىلى بولىدۇ. «ئورتاق بايلىق» ناملىق ماقالى-

دە بۇ ھەقتە توختىلىپ. ئاكادېمىك بارتولدنىڭ تۆۋەندىكى بىر ئابزاس سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: «ئوغۇزخان رىۋايىتى قازاق دالىسىدا پەيدا بولغان، شۇ جاينىڭ يەرلىك تىلىدا يېزىلغان. ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، رىۋايەتنىڭ ئاپتورى ئۇيغۇر ئەمەس، بەلكى قازاق دالىسىدىكى يەرلىك خەلقتۇر.» ئاپتور نەقىل كەلتۈرگەن بۇ بىر ئابزاس سۆزنى قولىمىزدا بار بولغان بارتولد ئەسەرلىرى ئىچىدىن ئىزلەپ ھازىرغىچە تاپالمىدۇق. ئەگەر بىزگە نامەلۇم بولغان بارتولدنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدە شۇنداق سۆز بار دېيىلسە، ئۇنى ئەلۋەتتە ئاكادېمىك بارتولدنىڭ شەخسىي قارىشىدىكى بىر سەۋەنلىك دېيىش مۇمكىن. بۇنداق سەۋەنلىككە ئاساس بولغان نەرسە ئىپوسنىڭ قوليازما نۇسخىسىدىكى بەزى ئىملا مەسىلىسىدۇر. ئىپوسنىڭ قوليازمىسىدا «ي» بىلەن باشلانغان نۇرغۇن سۆزلەر «ي»نىڭ ئورنىدا كۆپىنچە «چ» («ج» ئوقۇلۇش كېرەك) نى ئىشلەتكەن (ھەممىسىدە ئەمەس). بۇ ئالاھىدىلىك پەقەت بۇ قوليازمىنى كۆچۈرگۈچى كىشىنىڭ «ج» دىئالېكتىكىدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، خالاس. «ج» دىئالېكت دەرۋەقە، ھازىرقى زامان قازاق تىلىغا مەنسۇپ بولغان خۇسۇسىيەت. لېكىن قوليازما كۆچۈرۈلگەن XIII ئەسىردە ئوغۇز قىپچاق تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولغان ئوغۇز قەبىلىلىرىمۇ «ج» دىئالېكتىنى قوللانغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە داستاننىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە

خېلى كۆپ قولىيازما نۇسخىلىرىنىڭ بولغانلىقى ھەمـ
مىگە ئايان. ئەگەر ئەنە شۇ قولىيازمىنى يىگانە نۇسـ
خا دەپ ئېتىراپ قىلغاندىمۇ ئۇنىڭ 103 — 104 -
105 ،- 106 - قۇرلىرىدا مۇنداق دېيىلگەن.

103· *Oƣuz Ķaƣan Tørt Sariƣa yarliķ*

104·*yomxadibildergülükbilidi, əlpilerge*

105·*bariyierdi uxbubildürgülüktü*

106· *bititmix erdi kimmen uyƣurning ķaƣanibolamən*①

(ئوغۇزخان تەرەپكە يارلىق چىقاردى، مەكتۇپ يېزىپ ئەلچىلەردىن ئەۋەتتى. بۇ مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەن. «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن»)

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ ئۆزىدە ئوغۇزخاقانىنىڭ ئۆز تىلى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن تۇرسا، بۇ رىۋايەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىدىن قانداقمۇ گۇمانلانغىلى بولسۇن؟ بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۈچ، تۆت يىلدىن بۇيان كۆپلىگەن ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئوغۇزنامە» ئېپوسىيىسى تەتقىقاتىدىكى يېڭى ئىزلىنىش. ناملىق ماقالەمدىمۇ داستاننىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى ۋە تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا

① «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانى — ئوغۇزنام» بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىل. ئۇيغۇرچە 30 - بەت.

قويغان ئىدىم. بۇ قاراشلارنى يەنە تەكرارلاپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ. يازما ئەدەبىياتتىن پەرقلىنىدۇ. ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرى كوللېكتىپنىڭ ئىجادىيىتى سۈپىتىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارقىلىپ يۈرۈشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، بەزى ھاللاردا ئۇنىڭ دۆلەت ۋە مىللەت چېگرىسى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق بەزى ئەسەرلەر ھەتتا خەلقئارا ئورتاقلىققا ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭ مىللىي تەۋەلىكىنى بېكىتىش ئۆلچىمى ئەلۋەتتە يازما ئەدەبىياتنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق بولغان ئەسەرلەرگە نىسبەتەن ئاپتورلۇق ھوقۇقى بولمىغاچقا، ئەگەر بىر مەنبەدىن چىققان بىر پارچە ئەسەر كۆپلىگەن مىللەتلەر ئارىسىغا تارقىلىش ئارقىلىق شۇ خەلقلەرنىڭ مىللىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ھالدا ئوخشىمىغان ۋارىيانت بارلىققا كەلگەن بولسا، ئۇنى شۇ خەلقنىڭ مىللىي ئەدەبىيات بايلىقى دەپ ئېتىراپ قىلىشقا بولىدۇ.

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى تالاش - تارتىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان يىرىك ھەجىمدىكى ئەسەرلەرگە كەلسەك، ئۇنىڭ مىللىي تەۋەلىكىنى ئايرىشتا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى ئاستىدا ئىنچىكە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئەستايىدىل مۇ-

ئامىلە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سېلىشتۇرما تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا» ناملىق ماقالەمدە خەلق داستانلىرى بىلەن كلاسسىك يازما داستانلارنىڭ ژانىرلىق پەرقلىرى، ئوغۇز مەكتىپى (ئاساسەن ئۇيغۇر. ئۆزبېك خارەزىم ئۆزبېكلىرى). تۈركمەن، ئەزەربەيجان قاتارلىقلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ)گە تەئەللۇق بولغان خەلق داستانلىرى بىلەن قىپچاق مەكتىپى (ئاساسەن قازاق ۋە قىرغىزلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ)گە تەئەللۇق بولغان خەلق داستانلىرىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى ۋە پەرقى ئۈستىدە ئۈچ نۇقتىلىق قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن ئىدىم. ھازىرمۇ يەنە شۇ پىكرىمنى قۇۋۋەتلەيمەن. ئاشۇ ئۈچ نۇقتا ئاساسىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېقىپ يۈرگەن خەلق داستانلىرىغا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلسە ئۇنىڭ مىللىي تەۋەلىكىنى ئىلمىي ھالدا بېكىتىش ئانچە قىيىنغا چۈشمەيدۇ.

## 3

جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئائىلىسىدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۇزاق ياكى قىسقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقانلىقى

ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان بىر ھەقىقەت.

مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق تارىخى جەريانىدا ياراتقان پارلاق ئەدەبىيات مىراسلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان جاھاننامە. شۇنداق ئىكەن، بۇ جاھاننامە ئەمەلىيەتتە نېمە بولسا پەقەت شۇنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش كېرەك. ھەرگىز «ئورتاق بايلىق» دېگەن ئابستراكت پەردە ئاستىدا ھەممىنى غۇۋالاشتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. «ئورتاق بايلىق» چۈشەنچىسى روشەن خاسلىقنى چەتكە قاقىدۇ. روشەن خاسلىقى بولمىغان ئەدەبىياتنى ئەلۋەتتە مىللىي ئەدەبىيات دېگىلى بولمايدۇ. دەرۋەقە، مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىشتا خېلى كۆپلىگەن ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ ئەسلى ئېتنىك مەنبەسىنىڭ بىردەكلىكى ياكى يېقىنچىلىقىدەك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەر قايسى مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي تارىخىنى پەرقلەندۈرۈش بىر قەدەر مۇرەككەپ مەسىلە. چۈنكى «بىز تارىخنى قانچە چوڭقۇر ئىنچىكىلەپ تەكشۈرسەك، كېلىپ چىقىشى بىر بولغان خەلقلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنىڭ شۇنچە كۆپ يوقىلىپ بارغانلىقىنى كۆرىمىز.» ① تېخى ئىنسانشۇناسلىق ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىلمىدا مەۋجۇت مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە ئالاقىدار نۇرغۇن سىرلىق تۈگۈنلەر بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھازىرقى زامان مىللەتلەر-

① ئېنگېلسنىڭ سۆزى. «ئۆزبېك تىياتىر تارىخى» تاشكەنت 1975 - يىل، 1 - توم، ئىپرولوگ.

نىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا پۈتۈنلەي يېشىپ بېرىش
ئىمكانىيىتى يوق. بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخى
شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي تارىخى بىلەن ناھايىتى زىچ
مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مىللەت تارىخىنىڭ
ئۆزى ئەمەس. بىز ئىشەنچلىك تارىخىي پاكىتلارغا ۋە
شۇ دەۋرنىڭ يازما خاتىرىلىرىگە ئاساسلىنىپ، بىر
مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى شۇ مىللەت تارىخىنىڭ قايسى
باسقۇچىدا باشلانغان بولسا، شۇ دەۋرنى باشلىنىش
ۋاقتى قىلىش لازىم. «ئەدەبىيات تارىخىنىڭ باش-
لىنىش دەۋرى قايسى مىللەتنىڭ ئۇزاق بولسا، شۇ
مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى يۇقىرى
بولىدۇ» دەيدىغان ساددا مىللەتپەرۋەرلىكتىن خالىي
بولۇپ، تارىخقا ھۆرمەت قىلىش، پاكىتقا ئاساسلى-
نىش، ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇپ مىللەتلەر ئوتتۇرى-
سىدىكى سوتسىيالىستىك مۇناسىۋەتنى قوغداش ۋە
مۇستەھكەملەش پوزىتسىيىسىنى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم.
ئايرىم - ئايرىم ھالدا «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارى-
خى»نى يېزىشتىكى ئورتاق نىشانىمىزمۇ ئەنە شۇنىڭ-
دىن ئىبارەت.

بۇ ماقالە. ئاساسەن مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي
تىللاردا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىيات
تارىخىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ئاساسەن يېزىلدى.
ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى كۆز قاراشلارنىڭ بارلىق
مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن
كېلىش ناتايىن. يولداشلارنىڭ نەستايىدىل مۇھاكىمە
قىلىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

گۈل دىيار ئوتتۇز يىلىڭغا مەرھابا،
شادلىنىپ تارىم - ئىلى سالدى ساما.

# ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ 30 يىلى

30 يىل قارىماققا ئادەم ئۆمرىنىڭ نىسپىنى تەشكىل قىلسىمۇ، لېكىن بىر مىللەتنىڭ پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ تولىمۇ قىسقا بىر مەزگىل. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت ئۆمۈر دەرىخىنىڭ بىر تال ياپرىقى، لېكىن سوتسىيالىستىك يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى شەكىللەنگەن ھەم گۈللىنىشكە باشلىغان بۇ 30 يىل — ئەدەبىياتىمىز تارىخىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ. مۇشۇ دەۋردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاجىز ھالقا بولۇپ كەلگەن پروزا ژانىرىمۇ ئۆزىنىڭ روشەن كۆرگىلى بولىدىغان پارلاق نەتىجىلىرى بىلەن ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئەدەبىياتتىن ئاللىقاچان ئېشىپ كەتكەنلىكىنى نامايان قىلدى. ئەگەر تارىخ سانلىق مەلۇمات تەلەپ قىلسا، پەقەت، ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ تەرەققىياتىدا ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان مۇنداق ئۈچ مەلۇماتنى ئېيتىش كۇپايە: بىرىنچى، 30 يىل-

دىن ئىلگىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئاش-
كارا گېزىت - ژۇرناللار يوق دېيەرلىك ئىدى، مۇشۇ
30 يىل ئىچىدە مەخسۇس ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بې-
غىشلانغان ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرناللىرى ۋە نە-
شرىيات ئورۇنلىرى 15 تىن ئېشىپ كەتتى ۋە بۇ
ژۇرناللارنىڭ ھەرسانىدا بىر نەچچە پارچىدىن نەسرى ئە-
سەرلەر ئېلان قىلىنماقتا، توپلاملار نەشر قىلىنماق-
تا؛ ئىككىنچىدىن، 30 يىلدىن ئىلگىرى ئۇيغۇر ئەدە-
بىياتىدا كەسىپلەشكەن پىروزا قوشۇنى يوق دېيەر-
لىك ئىدى مۇشۇ 30 يىل ئىچىدە كەسپىي يازغۇچى-
لار ۋە ئىشتىن سىرتقى يازغۇچىلار قوشۇنى بارلىققا
كېلىپ، يۈزلەپ كىشىدىن ئارتۇق ئۈمىدلىك ۋە ئىس-
تىقباللىق پىروزا قوشۇنىغا ئىگە بولدى. ئۇزاق ئە-
سىرلىك ئۇيغۇر پىروزا تارىخىدىكى ئەسەرلەرنىڭ سا-
نى لىللا گەپ قىلىغاندا، بارماق بىلەن سانىغۇدەك
ئىدى، مۇشۇ 30 يىل ئىچىدە مەتبۇئاتلاردا 10 نەچ-
چە رومان، 30 دىن ئارتۇق پوۋېست ۋە مىڭدەك
ھېكايە - نەسىرلەر كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى،
قېنى مۇشۇ نەتىجىلەرنى تارىخنىڭ ئالتۇن تارازىسى
تارتىپ كۆرسۇن، مېنىڭچە، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر
ئەدەبىيات تارىخىدىكى ھەرقانداق دەۋرنىڭ ئۇتۇقلى-
رىمۇ بۇنى بېسىپ كېتەلمەيدۇ. شۇنداقلا XX ئە-
سىردىكى جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى ئەينەن،
ئەتراپلىق بايان قىلماقچى بولغان كىشى بۇ ئۇتۇقلار-
غا چوقۇم ئەھمىيەت بەرمەي قالمايدۇ. ئەنە شۇ مەف-

سەتتە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق سەلتەنەتلىك توي مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولى ئۈستىدە سۆز ئېچىشنى لايىق تاپتۇق، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى چوڭ ئىككى باسقۇچقا يىغىنچاقلايمىز.

1

1949 - يىلى 1 - ئۆكتەبىردە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، شەرق ئاسمىنىدا بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق جەۋلان قىلدى. جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بۇ ئالەمشۇمۇل غەلىبىسى ئېلىمىزدىكى قېرىنداش خەلقلەرگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر خەلقىنىمۇ زۇلۇم ۋە خورلۇقتىن ئازاد قىلىپ يېڭىچە ھايات يولى بەردى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازاد بولۇشى ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنىۋى ئازادلىقىغا يول ئاچتى، يېڭى دەۋرنىڭ بۇ ئۇلۇغ خاسىيىتى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاساس يارىتىپ، مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتىن ئۆتمۈشكە زادى ئوخشىمايدىغان يېپيېڭى سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈردى.

سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا كوممۇنىستىك پارتىيىمىز ۋە خەلق ھۆكۈمىتىمىز ئىنتايىن كۆپ جاپالىق خىزمەت-

لەرنى ئىشلىدى. ئىدىيە جەھەتتىن ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى ماركسىزم لېنىنىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنى يېڭى دۇنيا، يېڭى ئادەملەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈردى. تەشكىلىي جەھەتتىن، ھەر قاتلام ئىجادىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە ئەدەبىي ژۇرنال، نەشرىيات ئورگانلىرىنى كەڭ تۈردە قۇرۇپ ئۇلار ئۈچۈن سەھنە ھازىرلاپ بەردى. 1951 - يىلى تۇنجى قېتىم «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىندى. بۇ ژۇرنال، ئەتراپىغا خېلى كۆپ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تېز ئارىدىلا بەلگىلىك ئىجادىيەت نەتىجىدارىغا ئىگە بىر تۈركۈم ئاپتورلار قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈردى. گەرچە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى ئاشۇ يىللىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە پوئېزىيە نەتىجىلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن يېڭى ئۇيغۇر پروزىسى ئۆزىنىڭ تارىخىي سەھنىگە چىققانلىقىنى جاكالاپ، بىر پۈتۈن سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

مەلۇمكى، ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ ئەدەبىياتى ئالدى بىلەن ئۆز بەدىئىي ئەينىكى سۈپىتىدە ھاياتنىڭ ئاشۇ باسقۇچىدىكى رېئال مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بۇ قانۇنىيىتى سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر پروزىسىغىمۇ يېڭى تېمىنى بەخش

ئەتتى. يەنى ئازاد دەۋرىمىزگە، ئۇلۇغ پارتىيىمىزگە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزگە چىن قەلبىدىن مەدھىيە ئوقۇش. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش قاتارلىق قاينام-تاشقىنلىق ئىجتىمائىي ئىنقىلابلارنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۈيلەش، يەر-سۇغا ئېرىشكەن كەمبەغەل-نامراتلارنىڭ شادلىقىنى ئىپادىلەش ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى پىروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئىدى. ئەنە شۇ يىللاردا پېشقەدەم يازغۇچى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «تۇردى قاسىمنىڭ خۇشاللىقى» ناملىق ئوچېركى نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ بەربات قىلىنىشى بىلەن تۇردى قاسىمغا ئوخشاش نامرات دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدا بارلىققا كەلگەن مىسلىسىز يېڭىلىقلارنى تەسۋىرلەپ، دېھقانلار ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. دراماتورگ ئابدۇشۇكۈر يالقۇننىڭ «چىن دوستلۇق» ناملىق ھېكايىسىمۇ ئاشۇ يىللاردا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، دەۋر روھىنى بىر قەدەر چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇلارنى شۇ چاغدىكى پىروزىمىزنىڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بارلىققا كەلگەن بۇ ئەسەرلەر سانى ئاز، مەزمۇن ۋە شەكىل تەرەپلەردىمۇ ئاجىز بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرگۈدەك ستېتىك كۈچكە ئىگە ئەمەس

ئىدى. تېما دائىرىسىمۇ تار بولۇپ، شۇ دەۋرنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنى بەدىئىي فورمىدا جانلىق روشەن ئېچىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان ئىدى.

ئېلىمىز خەلقى 1954 - يىلىدىن باشلاپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى دەۋرىگە قەدەم قويدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ يېزىلىرىدا كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش دولقۇنى ئومۇمىيۈزلۈك داغدۇغىلىق باشلىنىپ كەتتى. سوتسىيالىستىك يېڭىچە ئەمگەك مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىشنى مەقسەت قىلىدىغان بۇ ئۇلۇغۋار ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ سوتسىيالىستىك يېڭى دولقۇن ئەينى يىللاردىكى «خەلق گېزىتى»نىڭ باش ماقالىسىدە ئېيتقىنىدەك، زامانىۋى تۇيغۇغا ئىگە بولغان قەلەم ئىگىلىرىنىمۇ، خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتتى. بۇنداق يېڭى ئۆزگىرىش ياش پىروزىمىزغا يېڭى - يېڭى تېما بايلىقىنى ئېچىپ بەرگەچكە، پىروزىمىزنىڭ بەدىئىي غايىسى يۈكسىلىپ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتۇشقا باشلىدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي تېمىسىدا ئۆتمۈشتىكى ئىنقىلابىي كۆرەشنىڭ قەھرىمانلىرى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش

ئۇرۇشىنىڭ جەڭگىۋارلىرى، دۆلەت مۇداپىئەسىنى
كۆز قارىچۇقىدەك قوغداۋاتقان باتۇر چېگرا مۇداپىئە
قىسىملىرى، جامائەت ئامانلىقىنى ساداقەت بىلەن
قوغدىغۇچىلار، زومىگەر - پومېشچىكلاردىن سىنىپىي
ئۆچىنى ئالغان ئازاد دېھقانلاردىن تاشقىرى يەنە،
يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ
ئاۋانگارتلىرى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ ئەۋزەللىكى-
دىن خۇشاللانغان ئەمگەكچان دېھقان - چارۋىچىلار،
ئوقۇتقۇچىلار، تىببىي خادىملار، پارتىيە تەشكىلاتلى-
رىدىكى مۇنەۋۋەر كادىرلار، يېڭىدىن شەكىللىنىشكە
باشلىغان سانائەت ئىشچىلىرى، خۇراپاتلىق ۋە ئەن-
ئەنىۋى قاراشلاردىن قول ئۈزۈۋاتقان يېڭىلىققا ئىنتىل-
گۈچىلەر ۋە باشقىلار مۇشۇ دەۋردىكى پىروزىمىز
مەدھىيىلەپ كەلگەن سۆيۈملۈك ئوبرازلار. مەزمۇن ۋە
شەكىل جەھەتتىن ئۆسۈش باسقۇچىغا قەدەم قويغان
بۇ دەۋردىكى پىروزىمىز ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەر-
يانىدا ئاشۇ داغدۇغىلىق ئىنقىلاب دەۋرىدىكى پارتىيە
تەشۋىقاتىنىڭ مۇھىم ياردەمچىسى سۈپىتىدە، ئۆز
ئۈستىگە ئالغان شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئادا
قىلدى. پىروزىمىزنىڭ مۇشۇ يىللاردا ياراتقان بىر
قىسىم نەمۇنىلىرى دەپ زۇنۇن قادىرنىڭ «چېنىقىش»،
تۇرغۇن ئالماسنىڭ «قىزىل بايراق»، ئەرشىدىن تاتى-
لىقنىڭ «پۇشايمان»، تۇردى سامساقىنىڭ «خۇشال-
لىق»، ئابلىمىت مەسئۇدنىڭ «ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى»
قاتارلىق كۆپلىگەن ھېكايىلارنى كۆرسىتىشكە بولى-

دۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پروزىسىنىڭ باشلامچىسى ئاتاقلىق يازغۇچى ۋە دراماتورگى زۇنۇن قادىرنىڭ پروزىمىزنىڭ مۇشۇ تەرەققىيات دەۋرىدە قوشقان ئىجادىي تۆھپىسى زور بولدى. ناۋادا كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش دەۋرىنى ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ بىر تەرەققىيات باسقۇچى دېيىشكە توغرا كەلسە، ئەنە شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تۆرىدىكى پەخرى ئورۇن زۇنۇن قادىرغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇ بۇ يىللاردا ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «تۇي» ناملىق چوڭ تىپتىكى درامىسىدىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى، «چېنىقىش» ناملىق ھېكايىسى بىلەن سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ تەرەققىياتىنى نامايان قىلدى. «چېنىقىش» ھېكايىسى يالغۇز 50 - يىللار ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ پەخىرلىنەرلىك نەمۇنىلىرىدىن بىرى. چۈنكى، بۇ ھېكايىدا يارىتىلغان تىپىك شەخس مەتنىياز تاھىرغىچە كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان جانلىق ئوبرازدۇر. يازغۇچى زۇنۇن قادىر «چېنىقىش» ھېكايىسىدىكى پۈتۈن ۋەقەلەرنى پېرسوناژنى دەۋر قىلغان ھالدا راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىرلىكتە، مەتنىيازنى تۈمەنلەپ ئادەملەر توپىدىن بىر قاراپلا ئايرىپ ئالغىلى بولىدىغان ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان. زۇنۇن قادىرنىڭ مەتنىياز ئوبرازىنى يارىتىش سەنئىتىگە نەزەر

سالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىدىكى ئوب-
رازلار ئىختىيارسىز كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ
فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى ھۆكۈمرانلىق
قىلىپ تۇرغان ئۆتمۈشتىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ ئاجا-
يىپ ئېچىنىشلىق كارتىنىسىنى سىزىپ بەرگەن
«ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدىكى نامرات
دېھقانلارنىڭ تەقدىرى «چېنىقىش» ھېكايىسىدا تەسۋىر-
لەنگەن دېھقانلارنىڭ تەقدىرىدىن تۈپتىن پەرق قى-
لاتتى. «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدىكى باقى ئەس-
لىدە ناھايىتى ئىشچان، زەبەردەست ئادەم ئىدى.
لېكىن فېئوداللىق تۈزۈم ئۇنى خاراب قىلىۋەتتى.
ھاياتتا چىقىش يولى بەرمىدى. «چېنىقىش»تا بولسا
يالغۇزلۇق، روھىي چۈشكۈنلۈك، كىشىنى زېرىكتۈرىدى-
غان بوشاڭلىق ۋە تۇراقسىزلىق نەتىجىسىدە «كېرەك-
تىن چىققان» مەتنىياز سوتسىيالىستىك ھەمكارلىق
گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت كوللېكتىپ قوينىدىكى زوق -
شوقىنىڭ تەسىرى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كېرەك-
لىك ئەزاسى بولۇپ يېتىشىدۇ. بۇ جەرياندا يازغۇ-
چى ئۆز قەھرىمانىنىڭ ھايات دىئالېكتىكىسىنى شۇ
قەدەر ئىشەنچلىك شۇقەدەر چوڭقۇر ۋە جانلىق ئېچىپ
بەرگەنكى، بۇ ھەقتە ئوقۇغۇچىلار قىلچىمۇ سۈنئىيلىك
ھېس قىلمايدۇ. دېمەك دېھقانلار تۇرمۇشىدىن ئال-
غان ئىككى دەۋرگە تەئەللۇق بولغان بۇ ئىككى ئەسەر
ئوخشاشمىغان دەۋردىكى ئادەمنىڭ تەقدىرى توغرى-
سىدىكى ئەڭ جانلىق ئەدەبىي ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ.

«چېنىقىش» ھېكايىسى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيە-
لەشتۇرۇش تېمىسىدىكى كۆپلىگەن ھېكايىلاردىن ئوب-
رازلىرىنىڭ جانلىقلىقى ۋە تەبىئىيلىكى، تۇرمۇش پۇ-
رىقىنىڭ قويۇقلۇقى ۋە چىنلىقى، بەدىئىي ۋاسىتىلى-
رىنىڭ رەڭمۇرەڭلىكى، تىلىنىڭ ئاممىباپلىقى ۋە يار-
قىنلىقى، بەدىئىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئىخچاملىقى ۋە پۇخ-
تىلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئومۇمەن، بۇ ھېكايىدا م. گوركىنىڭ «ئەمگەك
راھەتكە ئايلانسا ھايات ياخشى. ئەمگەك مەجبۇرىيەتكە
ئايلانسا ھايات قۇللۇقتۇر» دەپ كۆرسەتكىنىدەك. ئۆت-
مۈشتە خورلۇق ۋە ئوقۇبەتلىك ئىش دەپ ھېسابلى-
نىپ كەلگەن ئەمگەكنىڭ ئەمدىلىكتە شان - شەرەپ-
لىك ئىشقا ئايلانغانلىقى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

يولداش جۇ ياڭ «جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى-
نىڭ 2 - نۆۋەتلىك كېڭەيتىلگەن يىغىنى»دا: «ئېلى-
مىزنىڭ ھاياتىدا بازىستىن ئۇستقۇرۇلمىغىچە بىر تو-
تاش ئۆزگىرىش يۈز بەرمەكتە. بۇنىڭ ئىچىدىكى
ئەڭ چوڭقۇر ۋە ئەڭ ئاساسلىق ئۆزگىرىش ئادەملەر-
نىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ۋە-
زىپىسى خەلقنىڭ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى
كۈرىشىنى ھەم يېڭى ھايات قۇرۇش يولىدىكى قىز-
غىنلىقىنى توغرا ئىپادىلەپ، سوتسىيالىستىك
خاراكتېرنى تەربىيىلەش كېرەك»① دېگەن ئىدى.

① «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى 1956 - يىلى
12 - سان، 65 - بەت.

سوتسيالىستىك خاراكتېر، مۇقەررەركى، سوتسيالىستىك ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ مەھسۇلى. يېزىلاردىكى يەككە ئىگىلىكنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىككە قاراپ يۈزلىنىشى — ئەينى يىللاردىكى بىر چوڭ سوتسيالىستىك ئىجتىمائىي ھادىسە سۈپىتىدە، پروزىمىزدا سوتسيالىستىك خاراكتېرگە ئىگە كۆپلىگەن قەھرىمانلار ئوبرازلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئاساس بولدى. پېشقەدەم شائىر تۇرغۇن ئالماس ئەنە شۇ يىللاردا يېزىلاردىكى كوپېراتسىيىلىشىش تېمىسىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان «قىزىل بايراق» ۋە «ھەيكەل» ناملىق بىرنەچچە پارچە ھېكايە يازدى. «قىزىل بايراق» ھېكايىسىدا سىيىت ۋە لەيلەملەرنىڭ تىپىك ئوبرازى ئارقىلىق يېزىلىرىمىزنىڭ يېڭىچە قىياپىتىنى سۈرەتلەپ دېھقانلار ئىچىدىن ئۆسۈپ چىققان يېڭى ئادەملەرگە مەدھىيە ئوقۇدى. ھېكايىدا بەنە خاراكتېرلىك ھالدا ئوتتۇرا دېھقانلار مەسىلىسى نۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىدىكى ھەل قىلغۇچ مەركىزىي تېمىلارنىڭ بىرسى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ قايسى يولدا مېڭىشى كېرەكلىكى ئوتتۇرا دېھقان دەرۋىش ئاخۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى دېزىم ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن ۋە مۇرەككەپ زىددىيەتلەر توقۇنۇشى ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىلدى.

پروزىمىز سېپىگە ئۆزىنىڭ كوممۇنىستىك ئەخلاققا يات ئىللەتلەرنى كۈچلۈك ھەجۋى قىلىدىغان «ئەتتىباقى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن قوشۇلغان مەر-

ھەم يازغۇچى ئابلىمىت مەسئۇدىنىڭ ئىجادىيىتى بۇ يىللاردا مول ھوسۇل بەردى. ئۇنىڭ دېھقانلار تۇرمۇشىنى تېما قىلغان «ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى»، «سارالڭ ساقايدى»، «ئازاد يېزىنىڭ قىزى» قاتارلىق ھېكايىلىرى، كىتابخانلاردا خېلى چوڭ تەسىر قوزغىغان ئىدى. ئۇنىڭ «ئازاد يېزىنىڭ قىزى» ناملىق ھېكايىسىدا ئەنەيىتۇللا ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى ھاۋاقىز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت - توقۇنۇشى ئارقىلىق دېھقانلار ئارىسىدا بىر قەدەر چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى فېئودallıق ئائىلە كۆزقارىشى، ئاياللارنى تاۋارلاشتۇرىدىغان ئەرلەر ھوقۇقچىلىقى تەنقىدلىنىدۇ. بۇ تېما ئاشۇ دەۋر ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولۇپ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ھەل قىلغۇچ مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھېكايە ئەينى ۋاقىتتىكى پروزىمىزنىڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان ئىدى.

پروزا ئىجادىيىتىگە 50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىن باشلاپ كىرىشكەن يازغۇچى ئەرشىدىن تاتلىق يېزا تېمىسىدا «سادىق باپكا»، «پۇشايمان»، «قەست» قاتارلىق بىر قانچە ھېكايىسىدىن كېيىن بىر قەدەر چوڭراق بولغان — «سىناق» ناملىق پوۋېستنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەر سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر پروزىسىدا بارلىققا كەلگەن تۇنجى پوۋېست ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور يۇقىرىدىكى ئەسەرلىرىدە زور ئىجادىي قىزغىنلىق بىلەن يېزىلاردىكى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش

ھەر بىر كىتابنىڭ ئەدەبىيسىنى كۆيلىدى.
يەنە ئاشۇ يىللاردىكى ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ بىر قەدەر پىشقان مېۋىلىرى قاتارىدا يازغۇچى تۇردى سامساقنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق، تىلى چۇچۇك ۋە قىزىقارلىق بولغان «خۇشاللىق»، «تىيانشان باغ-رىدا»، «بەش تال ئۇق» قاتارلىق بىرقانچە ھېكا-يىلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.
«خۇشاللىق» تا مەشۇراخۇن بىلەن ھەپىزىخان (ئەر-خوتۇن) ئوتتۇرىسىدىكى ئىددىيۋى توقۇنۇش (كوپېراتسىيىلىشىش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا) ئارقىلىق دېھقانلارغا خاس ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەت-لەر خېلى جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.
«تىيانشان باغرىدا» ۋە «بەش تال ئوق» ھېكايى-لىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بېغىشلانغان بولۇپ، مىللىي ئىنقىلابىي كۈرەش تېمىسىنىڭ پروزىمىزدىكى تۇنجى ئىنكاسىدۇر.
1956 - يىلىنىڭ بېشىدا پارتىيە مەركىزىي كو-مىتېتى «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن، ھەممە ئېقىم-لار بەس - بەستە سايراش» تىن ئىبارەت يۆنى-لىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە يازغۇچى، شائىرلارنى يېزا - قىشلاقلارغا، زاۋۇت - كانلارغا بېرىپ، ئەدە-بىيات ئىجادىيىتىدا ساقلىنىۋاتقان تېما نامراتچىلىقىدىن قۇتۇلۇشقا چاقىردى. بۇ «قوش يۆنىلىش» ئەدەبى-يات - سەنئىتىمىزگە يېڭى گۈللىنىش ۋەزىيىتى يا-رىتىپ بەردى. 1956 -، 1957 - يىللىرى ئەدەبى-

ياتىمىزدا ھەممە كۆللەر تەكشى ئېچىلىشقا باشلىغان
يېڭى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەددىمە يىللىرى ھېسابلى-
نىدۇ. مانا شۇ يىللاردا ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ ئىلگىرى-
كى نەتىجىلىرىگە يېڭى نەتىجىلەر قوشۇلدى. تېما
جەھەتتە بۇرۇنقى بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا قا-
راپ تەرەققىي قىلىش باشلاندى. 50 - يىللارنىڭ
باشلىرىدا پروزىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللى-
رىگە يەنە بىرنەچچە ياش يازغۇچىلار قوشۇلدى.

بۇلاردىن يازغۇچى ھەييۇم تۇردىنىڭ «شەمشەر-
خان»، «ئورازبوۋا»، «ئارزۇلار ئەمەلدە»، «جېنىم
ياشىرىۋاتىدۇ»، «مېنىڭ يېزام» قاتارلىق بىرقانچە
پارچە ھېكايە، ئوچېركلىرى ئامما بىلەن يۈز كۆرۈش-
تى. بۇ ئەسەرلەر ھەجىمىنىڭ ئىخچاملىقى، ۋەقەلىرىنىڭ
چىنلىقى، دەۋر روھىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن خا-
راكتېرلىكتۇر. ئۇندىن باشقا، مالىك كېۋىر ۋە باش-
قىلارمۇ شۇ يىللاردا پروزا سېپىمىزگە كىرىپ كەل-
گەن ياش ئاپتورلار ئىدى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، كوپىراتسىيىلەشتۈ-
رۈش دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى (جۈملىدىن،
پروزا ئىجادىيىتى) خېلى كۆزگە كۆرۈنەرلىك يۈك-
سىلىشلەرگە ئىگە بولۇپ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەز-
گىللىرىدىكى ئوبرازسىزلىق ۋە جانسىزلىقتىن خېلى دە-
رىجىدە قۇتۇلدى. بەزى ئەسەرلەر — مەسىلەن، «چې-
نىقىش»، «قىزىل بايراق» قاتارلىق ھېكايىلار يال-
غۇز مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات خە-

زىنىسىدىن ئورۇن ئېلىپلا قالماستىن، چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا ئەدەبىياتى سەھنىسىگە چىقتى.

ئەدەبىيات رېئاللىقىنىڭ ئەينىكى بولغانلىقتىن ئۇنىڭدا ھەرقايسى دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس روھىنىڭ چاقناپ تۇرۇشى مۇقەررەر. زاماننىڭ روھىنى تولۇق سىڭدۈرمەي تۇرۇپ، زامانغا خاس ئەدەبىيات يارىتىش مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ ئاشۇ دەۋرلەردىكى ھاياتىمىز يېڭى كۈچلەرنىڭ غەلىبىسى كۈنساناپ كېڭىيىۋاتقان، سوتسىيالىزم بارغانسېرى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىۋاتقان خاسىيەتلىك زامان قوينىدا ئۆتتى. شۇڭا ئەينى يىللاردىكى بۇ مۇھىم ئىجتىمائىي رېئاللىق پروزىمىزنىڭ ئەڭ كەڭ تېمىسى بولۇپ قالغان ئىدى.

لېكىن «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايرىغان» بۇ ياخشى ۋەزىيەت ئۇزاق داۋاملىشالمىدى. 1958 - يىلى پۈتكۈل سەپلەر بويىچە چېكىدىن ئاشقان «سول»چىل ئىدىيىۋى ئېقىم باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئاتالمىش ئوڭچىلىققا قارشى كۆرەشنىڭ سىياسىي كالتىكى ئالدى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ كاللىسىغا تەگدى. بۇ «سول» پىكىر ئېقىمى ئاللىقاچان ھەقىقەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ماركسىزم، لېنىنىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نۇقتىئىنەزەرلىرىگە پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى-

نىڭ پۈت - قولىنى چۈشەپ، گۈللىنىشكە قاراپ يۈزلەنگەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا جىددىي توسقۇنلۇق قىلدى، ئەدەبىياتىمىزنى خاتا «سول» ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ «نوقۇل كانىيى» بولۇپ بېرىشكە زورلىدى. نەتىجىدە باشقا ژانىرلارغا ئوخشاش پروزا ژانىرىمىزمۇ بۇ يىللارغا كەلگەندە تۇرغۇنلۇق ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى:

لېۋ. تولستوي، «ئوقۇغۇچى سېنى چاپسان يازمىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئەمەس، يامان يازغانلىقىڭ ئۈچۈن كەچۈرمەيدۇ» ① دېگەن ئىدى. دەرۋەقە، بىزنىڭ خېلى كۆپ يازغۇچىلىرىمىز يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن، بەدىئىي ئەدەبىيات قانۇنىيەتلىرىنىڭ ھامان غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا بۇ بىر مەزگىللىك تەتۈر قۇيۇنغا بەرداشلىق بېرىپ، سۈكۈنات ئىچىدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. 1962 - يىلى بېيجىڭ ۋە گۇاڭجۇدا ئارقا - ئارقىدىن ھېكايىچىلىق دراماچىلىق، كىنوچىلىق ساھەسىدىكى ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنلىرى ئېچىلدى. جۇئېنلەي، چېن يى قاتارلىق يىراقنى كۆرەر رەھبەرلەر ئەدەبىياتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە تېما ئەركىنلىكى مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى.② شۇن-

① «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى 1957 - يىل، 7 - سان.

② 1962 - يىلى 6 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن. ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھ-بەت يىغىنى ۋە ھېكايە فىلىمى ئىجادىيەت يىغىنىدا يولداش جۇئېنلەينىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرىگە، 1962 - يىلى 3 - ئايدا گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن دراما، ئوپېرا، بالىلار دراممىسى ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنىدا يولداش چېن يىنىڭ سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىگە قاراڭ.

ـدىن كېيىن ئەدەبىيات ئاسمىنىدىكى قارا بۇلۇتلار ئاستا - ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى. سوتسىيالىستىك پروزىمىزمۇ قايتىدىن جانلىنىپ يەنە بىر قېتىم تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ھەمدە رېئال تۇرمۇشنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي شەكىل بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بىرمۇنچە ياخشى ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى.

يازغۇچى ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ «تۇنجى سىلو»، «خالتا كوچىدىن يانغاندا». يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ «مىنبىڭ دۇيجاڭ»، «قىزىل يۇلتۇزلۇق شەپكە»، «زەرەپشان بويىدا»، «زەينەپخان شۇجى» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆز كىتابخانلىرىنى خۇشال قىلدى.

بۇ يىللاردا يەنە «گۈرۈچ» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ياش ئاپتور ئەخەت تۇردى ئارقا ئارقىدىن «ھاياتنىڭ باشلىنىشى»، «دەشتكە باھار كەلدى»، «كۈرەش داۋام قىلىدۇ»، «ئازاد زاماندىن ئۆزگىلەي» قاتارلىق ھېكايىلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر پروزىسىدا يەنە بىر ئىستىقباللىق ياش كۈچنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ئۇنىڭ «ھاياتنىڭ باشلىنىشى» بىلەن «دەشتكە باھار كەلدى» ناملىق ھېكايىسى بىر - بىرىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە، بىر پۈتۈنلۈككە ۋە مەزمۇن ئىزچىللىقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلاردا شەھەر قىزى، زىيالىي ياش گۈلباھارنىڭ ئۆز

تەقدىرىنى يېزىدىن ئىبارەت بىپايان زېمىنگە مەھ-
كەم باغلاپ، دېھقانلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىگە ئايلىنىپ قې-
لىش جەريانىدىكى جانلىق ۋە تەسىرلىك تۇرمۇش
سەرگۈزەشتىلىرى، پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىدى-
كى خىلمۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ئوبرازلىق تىل، جان-
لىق خاراكتېرلار ئارقىلىق ھېكايە قىلىنغان.

ئۇندىن باشقا يولداش ئابلىمىت سابىرنىڭ «يېزا لاچىنى»، «جاراڭلىق داڭ ئاۋازى»، «بەخت»، توختاخۇن ناسىرنىڭ «ئاغزا ئەباي»، ئابلىمىت ھاجى-نىڭ «ئىشچى بولۇپ يېتىلدىم» ھېكايىلىرى، قاھار جېلىلنىڭ بىر قانچە پارچە نەسىرلىرى؛ توختاجى روزىنىڭ «ئوغلىنىڭ كەشپىياتى»، ئابلا ئەخمىدىنىڭ «يېڭى ئۆيگە كۆچۈش»، ھوسۇيۇن تالىپنىڭ «ئايال شوجى» قاتارلىق ھېكايە، ئوچېركلىرى 60 - يىللار-نىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ تە-رەققىياتىغا يېڭى قان بولۇپ قوشۇلدى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا: پروزىمىز بۇ يىللار-دا بۇرۇقتۇم ۋەزىيەتتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قۇتۇلۇپ، يېڭىچە راۋاجلىنىش يولىغا كىردى.

لېكىن شۇنى كۆرۈشىمىز لازىمكى، ئازادلىقتىن تارتىپ تاكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» غىچە بولغان بۇ بىر دەۋردىكى پروزا ئىجادىيىتىمىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن بىللە، يە-نە بەزى يېتەرسىزلىك ۋە نۇقسانلاردىن خالىي بو-لالمىدى. يازغۇچى ماۋدۇن 1 - نۆۋەتلىك مەدە-

كەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاشۇ مەزگىللەردىكى ئاساسىي يېتەرسىزلىكلىرىنى يەكۈنلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «مۇنداق قارىغاندا سىيوژەت دائىرىسىنىڭ تار ۋە گادايلىقى تۈپەيلىدىن يازغۇچىلار جەمئىيەتتىكى چوڭ-چوڭ ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىنكاس قىلىنمىغان ۋەقەلەر ناھايىتى كۆپ. خەلق ئاممىسى جەمئىيەتتىكى چوڭ - چوڭ ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆپ ئىنكاس قىلىنغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى سىيوژەتلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئانچە پەرق قىلماي ۋاتقانلىقىدىن ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ بىر قېلىپتا بولۇۋاتقانلىقىدىن زېرىكمەكتە»①. دەرۋەقە ئاشۇ يىللاردىكى ئۇيغۇر پروزىسىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىدى. بۇ باسقۇچتىكى پروزىمىزنىڭ تۈپ ئاجىزلىقى ئەسەرلەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقسىز، بىر قېلىپتا ياكى سخېماتىك يوسۇندا بولۇشى بىلەن بەدىئىي تەسەۋۋۇردىكى ئابستراكتلىقتىن ئىبارەت. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى بىر تەرەپتىن، بىزنىڭ ياش پروزا قوشۇنىمىزنىڭ بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىن تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ۋە شەرتى ھەققىدىكى نە-

① «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1956 - يىلى، 8 - سان.

زەردىۋى چۈشەنچىلەرنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئىبارەت. لېكىن ئەڭ مۇھىم تۈپ سەۋەبىنى يەنىلا شۇ دەۋر ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئەدەبىياتتىكى «سول» ئىدىيەۋى ئېقىمىنىڭ كاشىلىسى ۋە تەسىرىدىن ئىزلەش كېرەك.

بىزگە مەلۇمكى، خۇددى ئا. پ. چېخوپ كۆرسەتكەندەك، «رېئالىستىك ئەدەبىيات تۇرمۇشنى ھاياتنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە تەسۋىرلىشى لازىم. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى شەرتسىز ۋە ئوچۇق - ئاشكارا چىنلىقتۇر»①. بۇ يەردە نەزەردە تۇتۇلغان چىنلىق بىلەن رېئال تۇرمۇش — ئەلۋەتتە، بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي ئادەم ھەقىقىي ئىشلار بايان قىلىنغان ماقالىلەردە، تارىخىي پاكىتلار خاتىرىلەنگەن كىتابلاردا، دەرۋەقە، ئەمەلىي تۇرمۇشتا بولغان ھەقىقىي (چىن) ئىشلار يېزىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق بىر كىتابخان ياخشى يېزىلغان بىر پارچە ھېكايىدىن ئالغان بەدىئىي لەززەتنى ئالالمايدۇ. ئېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى: «ئەدەبىي دەلىل — بىر نەچچە تۈرلۈك دەلىلدىن سىقىپ ئېلىنىدۇ، ئۇ تىپىكلەشكەن بولىدۇ ۋە ھەقىقىي رېئاللىقنىڭ تەكرارلىنىدىغان كۆپ ھادىسىلىرىنى بىر ھادىسە سۈپىتىدە توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن ۋاقتىدىلا، پەقەت ئەنە شۇ ۋاقىتتىلا ئەدەبىي دەلىل چىن مەنىسى بىلەن بەدىئىي ئەسەر بولىدۇ».① «بەدىئىي

① ئا. پ. چېخوپ «رېئالىستىك ئەدەبىيات توغرىسىدا».

ئەدەبىيات ئايرىم دەلىلگە بويسۇنماستىن، ئايرىم دەلىلدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ»① شۇنىڭ ئۈچۈن بىر پارچە ھېكايىنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ئالدى بىلەن ھېكايە يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بەدىئىي تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. «بۇ خىل تەسەۋۋۇر ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ۋەقەلەرنى ئىنچىكە كۆزىتىش كۈچىگىمۇ ئىگە. بۇ بىر خىل كۈچەيتىكۈچ ۋە قوزغاتقۇچ».② ئاشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر پروزىسىدا كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالغۇدەك جانلىق ۋە تەسىرلىك ئوبرازلارنىڭ كۆپ بولماسلىقى تېما تەكرارلىقى، بەدىئىي كۈچىدىن كۆرە ئاخبارات تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى قاتارلىق ئىللەتلەر يۇقىرىقى نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى، ئەلۋەتتە.

ئاشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ھېكايىچىلىق ئىجادىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرسەك. كۆپلىگەن ھېكايىلەرگە ئورتاق بولغان مۇنداق بىر شەكلەن سىخېمىنى ئۇچرىتىمىز: بەزى ھېكايىلاردا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ ئوبرازى تۇرمۇشنىڭ ئۆزقانۇنىيىتى بويىچە ئەمەس، بەلكى سىياسىي نۇقتىدا شۇ شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا بېرىلگەن ئۆزگەرمەس فورمۇلا ئىچىدە ھەرى-

② م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا».

③ «ھېكايە يازغۇچىلىرىنىڭ ماھارىتى توغرىسىدا» ئېلىزابېتا بوۋېن (ئەنگلىيە)

كەت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنداق ھېكايىلاردا تەسۋىرلەنـ
گەن شۇجى ھەممە كىشى سەجدە قىلىدىغان مەئبۇتقا،
پومېشچىك، باي دېھقانلار ھەممىلا يەردە كېچە ۋە
كۈندۈز زەھەر چاچقۇچى چايانغا ... ئايلىنىپ قالـ
غان - دە. ئۇنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشىغا ئاساس
بولغان تۇرمۇش تەپسىلاتى ۋە پائالىيىتى بەدىئىي
چىنلىق تەلىپى بويىچە ئېچىپ بېرىلمىگەن. ك.
سىمىنېپ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ئۇ ئادەم — شۇجى
ياكى مۇدىر بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى شۇجى
رىتار ۋە مۇدىر بولۇشقا يەنى ئاممىنىڭ رەھبىرى
بولۇشقا تېگىشلىك خاراكتېر ۋە لاياقەتكە ئىگە بولـ
غانلىقى ئۈچۈن ياخشى ئادەمدۇر. يازغۇچى قەھرىـ
مانلارنىڭ مەنىۋى ھەم ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى
ئەمەس، بەلكى، شۇ مەنسەپ (خىزمەت) ياكى ئورۇنـ
غا ئىگە قىلغان خاراكتېر ۋە لاياقىتىنى ئېچىپ بېـ
رىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، بىزنىڭ كۆچەپ
تەسۋىرلىگەن قەھرىمانلىرىمىز ئۆلچەملىك قېلىپتىن
چىققان جانسىز ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالىدۇ - دە، چىن
مەنىسى بىلەن بەدىئىي ئوبراز بولالمايدۇ. لېكىن
يۇقىرى ئۆرلەش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان پروزىمىزدا
يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان مۇنداق غەيرىي نورمال
نۇقسانلار پروزىمىزنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن
قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك تەجرىبە - ساۋاق بولۇپ
قالدى. خالاس.

تارىخ مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغان «مەدەنىيەت ئىن-
قىلابى» نىڭ «ئومۇمىيۈزلۈك دىكتاتۇرىسى» باشقا ساھە-
لەرگە ئوخشاش ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەت خەلق-
لىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن
زور بالايى - ئاپەتكە ئۇچراتتى. «مەدەنىيەت ئىن-
قىلابى» دېگەن بۇ مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلىش ھە-
رىكىتى رىۋايەتلەردە ھېكايە قىلىنغان «كوھى قاب»
نىڭ نەق ئۆزى ئىدى. «كوھى قاب» نىڭ ئاغزى ئالدى
بىلەن خەلققە مەنىۋى ئوزۇق بەرگۈچى، ئىنسانىيەت-
نىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگۈچى
ئىجادكارلارغا قارىتىلدى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ
فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقى بىزنىڭ سوتسىيالىستىك
ئەدەبىياتىمىزنى ھالاكەت گىرداۋىغا ئىتتىرىپ
قويدى.

تارىخ ھامان رەھىمسىز. ئۇزاق يىللىق ئىن-
قىلابنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ھەر مىللەت خەلقى
ماركسىزمنى ئۆزىنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى قىلغان
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى-
نىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى
ئاخىرى تارمار قىلىپ، ئۇلارنى تارىخنىڭ لەنەت
تۈۋرۈكىگە مىخلىدى. بۇرۇختۇم ماۋقەدىن قۇتۇلغان بىز-
نىڭ دەۋر يازغۇچى، شائىرلىرىمىز «تۆت كىشىلىك گۇ-
رۇھ» نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى چې-

كىمدىن ئاشقان بىمەنە سەپسەتىلەرنى قاتتىق ئېپەت قىلىپ مىسلى كۆرۈلمىگەن قىزغىنلىق بىلەن ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە ئاتلاندى.

يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات 1976 - يىلى «5 - ئاپرېل» ھەرىكىتىدىن باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، دەل شۇ چاغدىكى تيەنئەنمېندە ئوتتۇرىغا چىققان ئىنقىلابىي شېئىرلار مۇشۇ دەۋر ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى 10 يىللىق بالايى ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقارغان بارچە گۈللەر سولىشىپ كەتكەن ۋەزىيەتنى قەدەممۇ قەدەم يېڭىپ «ئۈچنى گەۋدىلەندۈرۈش»، «تېما ئالدىن يۈرۈش» قاتارلىق ئىدېئالىستىك ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن تەدرىجىي قۇتۇلۇپ، رېئاللىقتىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ ئەسلى زېمىنىغا قايتىپ كەلدى. لېكىن مۇشۇ قەدەمنى بېسىشمۇ ئانچە ئاسانغا چۈشمىدى. 1977 - 1978 - يىللىرى ئىچىدە ئەسەرلەرنىڭ سانى كۈنسېرى ئېشىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما ئىجادىيەت چەكلەنگەن رايونلارمۇ ئاز بولمىدى. بىر مۇنچە يازغۇچىلارنىڭ كۆڭلى دەككە - دۈككە ئىچىدە تۇردى. ئۇزاقتىن بۇيان «ئادەت» كە ئايلىنىپ قالغان «سول» رامكىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. پەقەت پارتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى جۇڭگودا ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن «سول» لۇشيەنىگە ئۈزۈل كېسىل-

خاتىمە بېرىپ، زامانىۋىلاشقان جۇڭگوچە سوتسىيا-
لىزىم قۇرۇشنىڭ يېڭى نىشانىنى بەلگىلەپ بەردى.
جۈملىدىن ئۇ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيا-
تىنى ئىلگىرى سۈردى. 4 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات
سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن چاقىرىل-
غان سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى-
نىدا «ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت
قىلدۇرۇش سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»
يۆنىلىشى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئەدەبىيات-
سەنئەتچىلەرنى مەلۇم دەرىجىدە ئىدىيىۋى ئازادلىققا
ئېرىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى يەنىمۇ
كېڭەيتتى. خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتتى.
ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ھەر قانداق دەۋرلەرگە سېلىش-
تۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدىكى سۈرئەت بىلەن
راۋاجلاندۇردى. بولۇپمۇ پروزىمىزنىڭ بۇ دەۋردى-
كى تەرەققىياتى ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشقا ژانىرلىرى-
غا قارىغاندا تېزراق بولدى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.
پارتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پروز-
مىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە توختالغاندا، شۇنى
مەمنۇنىيەت بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى پروزىمىز
ھېكايە ئىجادىيىتىدىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى دائىرى-
دىن ھالقىپ ئۆتۈپ تىرىلوگىيە، رومان، پوۋېستقا
ئوخشاش يىرىك ئەسەرلەر ئىجادىيىتىگە قاراپ
يۈزلەندى.
ئىجتىمائىي ھاياتىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش-

لەر، يازغۇچىلارنىڭ ھاياتنى كەڭ دائىرىدە تەس-
ۋىرلەش يولىدىكى ئىجادىي ئىزلىنىشلىرى ئەدەبى-
ياتىمىزنىڭ مۇشۇ دەۋردە رومان ژانىرىنىڭ ۋۇجۇدقا-
كېلىشىگە بىۋاسىتە تەسىر قىلدى. مەلۇمكى، رومان ژانىرى
رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ كامالىتىنى كۆرسەتكۈچى.
ئاساسلىق بىرەر ئەدەبىياتتا رومان ژانىرىنىڭ ۋۇجۇدقا
كېلىشى شۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت ھەم مەنىۋى بايلىقىنىڭ
ستېتىكىلىق سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.
پىروزىمىزدا ئارقا - ئارقىدىن رومان، پوۋېستلارنىڭ
بارلىققا كېلىشى بىلەن تۇرمۇشىمىزدىكى چوڭ -
چوڭ ۋەقەلەر، خەلقىمىزنىڭ ھەر خىل تارىخىي دەۋرلەر-
دىكى ھايات سەرگۈزەشتىلىرى كەڭ ۋە چوڭقۇر ھال-
دا ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسىنى تېپىش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە بولدى. بۇ جەريان 50 - يىللارنىڭ ئاخىرلى-
رى بىر قانچە ئوچېرك ۋە ھېكايىلىرى بىلەن كىتاب-
خانلارغا تونۇش بولغان قەييۇم تۇردىنىڭ «قىزىل
تاغ ئېتىكىدە» ۋە ئۈچ توملۇق «كۆرەشچان يىللار»
ناملىق رومانلىرى بىلەن باشلاندى. «كۆ-
رەشچان يىللار» ترىلوگىيىسىنىڭ بىرىنچى قىسمى
«تاڭ ئالدىدا». ئىككىنچى قىسمى «زەرەپشان ئۈستىدە
نۇر» ئارقا - ئارقىدىن ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشتى.
ئۇنىڭدا زەرەپشان ۋادىسىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇر دېھ-
قانلىرىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى-
دىكى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە ئۆزلىرىنى چىر-
ماپ تۇرغان فېئودال پومېشچىكلارنىڭ ئېكسپىلاتات-
سىيە زەنجىرلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئازادلىقىنى

كۆتۈۋېلىش يولىدا ئېلىپ بارغان قەھرىمانلىق كۈرەشلىرى روشەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن ۋە شۇ ئىقلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق تېپىشقا بولغان تەشنالىق ۋە ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى خوجا بولۇش يولىدا ئېلىپ بارغان داغدۇغلىق كۈرەشلىرى تىپىكلەشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ رومانىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى: شىنجاڭنىڭ ئاشۇ بىر پۈتۈن تارىخىي دەۋردىكى ئىجتىمائى رېئاللىقى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ قالماستىن، بەلكى ئاشۇ تىپىك شارائىت ئىچىدىكى تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا قامەتلىك ھەم جىگەرلىك يېزا يىگىتى ئالماس، ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازى بولغان ئاسىم، زالىملاردىن ئىنتىقام ئېلىش يولىدا ئوت بولۇپ يانغان زەبەردەست يېزا ياشلىرىدىن ئېلىقۇل، شانىياز ۋە ئېلىشا قاتارلىق ئىجابىي ئوبرازلار ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاشمىغان مىجەز خاراكتېرى بىلەن قانچىلىك سۆيۈملۈك بولسا نومۇس ۋە ئىنساپنى بىلمەيدىغان ئەشەددىي زالىم مەخسۇت بەگ، ياسار بەگ، قاسىم دوغا، ئەيسا پاششاپ، كۆك كۆز ئابدۇللا قاتارلىق مۇستەبىت قارا كۈچلەرنىڭ ئوبرازلىرىمۇ شۇنچىلىك يىرگىنىشلىك ۋە قاباھەتلىكتۇر.

مەلۇمكى، ئەدەبىيات تۇرمۇشنى ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاڭ فورمىسى بولغانلىقىتىن، ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭدىكى پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىدە شۇ مىللەتكە خاس ئۆزگىچىلىكىنىڭ بار - يوقلۇقىدا ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى ھەر قايسى مىللەت يازغۇچىلىرى ئۆز ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئوبرازلىق تەپەككۇر يۈرگۈزگەندە، ئۇلارنى بەلگىلىك مىللەتنىڭ شۇ دەۋرىدىكى ۋەكىلى سۈپىتىدە يارىتىپ، ئۆزىگە خاس مىللىي روھنى سىڭدۈرىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، بەدىئىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار خۇددى گېگېل ئېيتقاندەك «مۇشۇ بىر شەخس» بولالايدۇ.

بەدىئىي ئەدەبىياتتا ھەر قانداق ژانىرنىڭ ئۇتۇقلىرى توغرىسىدا سۆزلىگەندە بىز بىرىنچى نۆۋەتتە شۇ ژانىرغا باغلىق ئالاھىدىلىكلەر قانداق ئىپادىلەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىلەر بىلەن مىللىي ئەدەبىيات زېمىنىدە قانداق كۆرۈنگەنلىكىنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يازغۇچىلارنىڭ ئۇنى قايسى تەرىقىدە ئىگىلەپ، ئۆزىنى كۆرسەتكەنلىكىنى كۆزدە تۇتىمىز. ئەلۋەتتە، بىز يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ رومانچىلىق ئىجادىيىتىنى كۆزدىن كۆچۈرسەك ئۇنىڭ رومانلىرىنىڭ ئىدىيەۋىلىكى كۈچلۈك، تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق، سيۇژېتى جانلىق ۋە قىزىقارلىق ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

ئۇ، يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدىن تاشقىرى يەنە «قىزىل-

تاغ ئېتىكىدە»، «سۈزۈك ئاسمان» ناملىق رومانلارنى، «يول»، «يېشىل مەرۋايىت» ناملىق پوۋېستلارنى ھەمدە «زەرەپشان بويىدا»، «گۈلزارلىق ھويلىدىكى كىشىلەر» قاتارلىق ھېكايە توپلاملىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن مول - ھوسۇللۇق يازغۇچى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن پىروزىمىز سېپىگە ئۆزىگە خاس ئىجادىي يول بىلەن كىرىپ كەلگەن يازغۇچى زوردۇن سابىر بۇ يىللاردا يۇقىرى ئىجادىي قىزغىنلىق بىلەن «شەبنەم»، «ساداقەت» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن 20 نەچچە پارچە ھېكايىسى بىلەن سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى نامايان قىلدى. ئۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە يىرىك ژانىرلارغا جۈرئەت بىلەن قەدەم قويۇپ «ئاۋرال شاماللىرى»، «ئىزلىنىش» قاتارلىق رومانلارنى «سۈبھى»، «باھار ھامان ئىللىق»، «ئارچا يا پىرىقى» قاتارلىق پوۋېستلارنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلدى.

زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى: ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزلىنىپ بۇ جەھەتتە خېلى مول نەتىجىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ھەر بىر ھېكايىسى مۇئەييەن ئىجادىي پىكىرنىڭ مەھسۇلى. ئۇ ھېكايىچىلىقتىكى بەزى قاتمال رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلدى. ئۇنىڭ

دولان ياشلىرى»، «تاغ كەينىدە ئۆتكۈچە»، «ئە-
پۇ». «قەرزدار»، «قوشنا» قاتارلىق ھېكايىلىرى
رېئال تۇرمۇشىدىكى خەلق تەقەززا بولۇپ كەلگەن
ئەمەلىي مەسىلىلەرنى روشەن خاراكتېرلار ئارقىلىق
يورۇتۇپ بېرىش جەھەتتە ئىجابىي رول ئويناپ، پروزى-
مىزنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈردى.

بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە يارىتىل-
غان بەدىئىي ئوبرازلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى-
دىن بايقاپ ئالالايمىز. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئالتە يىل-
لىك مابەينىدىكى ئىجادىيىتىگە نەزەر سالىدىغان
بولساق بۇنىڭدىكى ئەڭ گەۋدىلىك نەرسە مەزمۇن
ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس يېڭى-
لىقتۇر. بۇ ياراتقان پالتاخۇن، كەنجى، مەتىيا راب-
ۋاب («دولان ياشلىرى»)، ئەسئەت («سۇبھى»)،
ئەلا («ئىزلىنىش» ئالىمجان («تۆھپە») قاتارلىق
لەر تۈركۈم پېرسوناژلار ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەت-
كە ئىگە بولۇپ كىشىلەرگە خېلى روشەن بەدىئىي
زوق بېغىشلايدۇ.

يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبى
ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى مۇستەقىللىكىدىن
ھاسىل بولىدۇ. بۇ خىل «مۇستەقىللىك» فاندا قتۇر
يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ مۇددىئاسى بويىچە ھايات-
نى تەسۋىرلەشتە خىلاپ ھالدا يارانغان «ئىجاد-
كار» لىقى ئەمەس. بەلكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ
ئەڭ تۈپ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت

ئالدىنقى شەرت ئاستىدا ھايات قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تېخى كىشىلەر تەرىپىدىن بايقالمىغان نازۇك ۋە ئىنچىكە تەرەپلەرنى رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىنلىق بىلەن سۈرەتلەپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئەنە شۇنداق ئىجادىي مۇستەقىللىك زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي بەلگىسى بولۇپ، ئۇ، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ موللىقىنى ۋە كۆپ خىللىقىنى يورۇتۇش ئەمگەكچى خەلقنىڭ تەبىئىتىدىكى گۈزەللىكنى تەسۋىرلەش جەھەتلەردە مۇئەييەن خاسلىقنى شەكىللەندۈرگەن.

زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى ھەققىدە يەنە شۇنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، ئۇنىڭ ھېكايىلىرى باشلىنىش بىلەنلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. ئۇ ئەسەرلىرىنى چوۋالچاق ۋەقەلەر دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتەك ناتورالىستىك ئۇسۇلدىن مۇمكىن قەدەر ساقلىنىپ، قەھرىمانلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى لىرىكىلىق ھالدا سۈرەتلەپ بېرىشكە ئەھمىيەت بەرگەچكە، ئۇنىڭ زور كۆپچىلىك ئەسەرلىرى خېلى چوڭقۇر ھاياجانلاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە. تىپىك خاراكتېر يارىتىش جەھەتتىكى بۇنداق ئالاھىدىلىك زوردۇن سابىرنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب يارىتىش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان ئۈمىدلىك يازغۇچى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ياش يازغۇچى ئەخەت تۇردى بۇ يىللاردا تېـ
خىمۇ جۇشقۇن روھ بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ،
يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ سېپىدىن كۆرۈنەرـ
لىك ئورۇن ئىگىلىدى. ئۇ مۇشۇ تۆت يىل ئىچىدە
«قىيانلىق دەريا»، «باھاردىكى جۇدۇن»، «مۇزلىغان
يۈرەك» قاتارلىق پوۋ. ئامىردىن باشقا، «گۈلخان»
«كىرىمسەن يوللار» قاتارلىق ئىككى ھېكايە توپلىـ
مى تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك ئەـ
سەرلىرىدە پارتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېـ
يىنكى سوتسىيالىستىك يېزىلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى،
پارتىيىنىڭ يېڭى بىر سىياسىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى،
«سول» چىل ئىدىيىۋى خاھىش بىلەن بولغان كەسـ
كىن كۆرەش جانلىق، تەسىرلىك ۋە ئىنچىكىلىك بىـ
لەن سۈرەتلەنگەن. تېما دائىرىسىنىڭ بىر قەدەر
كەڭلىكى، مەركىزى ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، قويۇق
دەۋر روھىغا ئىگە بولۇش تەسۋىرلىرىنىڭ ئېنىقلىقى،
تىلىنىڭ ئىبرازلىق ۋە جانلىقلىقى، بەدىئىي تابىسـ
سىنىڭ يارقىنلىقى ئەخەت تۇردى ئىجادىيىتىنىڭ
خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. بولۇپمۇ ئۇ تىل سەنـ
ئىتى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە
يازغۇچى. مەنىۋى ئىجادكار سۈپىتىدە ئۆز خەلـ
قىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىگە باي تىل جەۋھەرلىرىدىن
ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلىش بىلەن بىرلىكتە، يەنە
ئۇ بەدىئىي تىل زېمىنىدىمۇ ئىجادىيەتچى بولۇشى
لازىم. مۇمكىن قەدەر باشقىلار تەرىپىدىن كۆپ

ئىشلىتىلگەن ئىبارىلەرنى تەكرار قوللىنىشتىن ساقلىنىپ، مەقسىتىنى خۇددى مەرۋايىت تىزىقىدەك نەپىس ۋە لېرىكىلىق ئىپادىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئەدەبىيات چىن مەنىسى بىلەن تىل سەنئىتى بولغاچقا، تىل قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش يازغۇچىلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئىشى.

يېقىنقى دەۋر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن يىرىك ئەسەرلەر قاتارىدا يەنە يازغۇچىلاردىن ئابدۇللا تالىپىنىڭ «قايىنام ئۆركىشى»، ئابدۇراخمان قاھارنىڭ «ئىلى دولقۇنلىرى»، ئايشەم ئەخمەتنىڭ «ئۆچمەس ئىزلار» قاتارلىق رومانلىرى بىلەن خېۋىر تۆمۈرنىڭ «موللازەيدىن ھەققىدە قىسسە» ناملىق پوۋېستىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. بۇ رومانلاردا تارىخىي تېمىلار ئەكس ئېتىلگەن بولۇپ، ھەر قايسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار. بىئوگرافىك رومان «قايىنام ئۆركىشى» دە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىنقىلابىي ئىش ئىزلىرى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى خېلى كەڭ تەسۋىرلىنىپ، ئەدەبىياتىمىزدا بۇ تارىخىي قەھرىماننىڭ بەدىئىي ئوبرازلىرى چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانى 1944 - يىلى گومىنداڭغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تېما قىلىپ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بۇ زور ۋەقە دەسلەپكى قەدەمدە بىر قەدەر توغرا ئېچىپ بېرىلگەن.

بەزى پېرسوناژلار ئوبرازى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. ئاپتور ۋەدەلەرنىڭ دولقۇنىدىمان. قىزىق-قارلىق بولۇشىغا، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئىچىدە يارىتىشقا دىققەت قىلىنغان. «يۈچمەس ئېرلار» دا قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن جەريانى خېلى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىر-لەنگەن. بۇ رومانلار تارىخىي رېئاللىقنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى سۈپىتىدە پىروزىمىزنىڭ يەنە بىر مۇۋەپ-پەقىيىتى بولدى. «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» سوۋېت ئىتتىپاقىدا بارلىققا كەلگەن «خوجا نەسىر-دىن ھەققىدە قىسسە» ناملىق رومانىدىن كېيىن ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن قىزىقارلىق، يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان يىرىك ئەسەردۇر. يېقىندا جامائەت بىلەن يۈز كۆ-رۈشۈش ئالدىدا تۇرغان ئابدۇللا تالىپنىڭ «چالا تەگكەن ئوق»، پېشقەدەم يازغۇچى تۇردى سامساق-نىڭ «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» ناملىق رومانلىرىمۇ تارىخىي تېمىغا بېغىشلانغان.

كىشىنى ئالاھىدە خۇشاللاندۇرىدىغىنى شۇكى، بىزنىڭ يېڭى دەۋر پىروزىمىزدا تېما جەھەتتە ھەر خىل رامكىلار بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئۇزاقتىن ئارزۇ قىلىپ كەلگەن تېما كۆپ خىل بولۇش، پېرسوناژ كۆپ خىل بولۇش، بەدىئىي ئۇسلۇب كۆپ خىل بولۇشتەك رەڭدار جانلىق ۋەزىيەت شەكىللىنىشكە باشلىدى.

ھازىر رايونىمىز ئالاھىدىلىكىگە خاس ھالدا يېزا -
قىشلاق تېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەر ئاسا-
سىي سالماقنى ئىگىلىمەيدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە،
سانائەت - قاتناش، ھەربىي ئىشلار، تارىخىي ۋە-
قەلەر، ئىنقىلابىي ئەنئەنە، ئىجتىمائىي ئەخلاق،
مائارىپ ۋە ساقلىقنى ساقلاش، ئۆسمۈر بالىلار، خو-
تۇن - قىزلار، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە ھۈ-
نەر - كەسىپ، مۇھەببەت قاتارلىق كۆپلىگەن
تېمىلار بىزنىڭ پىروزا گۈلزارلىقىمىزدىن مۇناسىپ
ئورۇن ئېلىپ، ئۆزىگە خاس رەڭ ۋە پۇراققا ئىگە
بىر مۇنچە يېڭى گۈللەرنى ئېچىلدۇردى.

زىيالىيلار سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ،
يازغۇچىلار زىيالىيلارنى تەسۋىرلەشنى ئاساسىي نو-
يېتكىنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان بولدى. ئەقلىي
ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ بېسىپ ئۆت-
كەن مۇرەككەپ يوللىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرى،
شۇنىڭدەك پەن - مائارىپ سەپلىرىدە ساقلانغان بەزى
مەسىلىلەر ئۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەدەبىي
ئەسەرلەردە خېلى كۆپ ۋە جانلىق ئىپادىلەنمەكتە.
ئەدەبىي ئىجادىيەت تېمىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ
بىر مۇنچە يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاساسىي
ئىدىيىنى ئېچىش بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا، بەدىئىي
غايە جەھەتتىن يۇقىرى كۆرۈلمەكتە. «تۆت كىشىلىك
گۇرۇھ»نى پاش قىلىش، پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنى
مەدھىيىلەش ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئورتاق تېما

بولۇپ قالغان ئىدى. كېيىن پارتىيە خىزمىتىنىڭ
مۇھىم نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشىگە ماسلاشقان ھالدا،
تۆتىنچى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى يېزىش ۋە بۇ يولدىكى
توسالغۇلارنى يىمىرىپ تاشلاش يازغۇچىلىرىمىزنىڭ
ئورتاق ئىجادىيەت نىشانىغا ئايلاندى. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن بۇ يېڭى تارىخىي بۇرۇلۇشتىكى يېڭى
ئادەملەرنى يازىدىغان ۋە تۆرىچىلىكنى، بيۇروكرات-
لىقنى، ئىمتىيازغا يۈزلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تار-
تىش ئىدىيىسىنى تەنقىد قىلىدىغان ئەسەرلەر بار-
لىققا كەلدى. ھەمدە ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغان دوگماتىزمنىڭ ئىسكەنجىسى دەسلەپكى قەدەم-
دە بۇزۇپ تاشلاندى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى
ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىش-
لەر پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپىسى بى-
لەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئىلگىرىلەش
قەدىمى بىلەن بىردەك بولدى. ۋە شۇ يولدا ئورتاق
تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مۇنا-
سىپ ئۇتۇق قازانغان يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىسى-
نىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرى نەچچە ئون
ئاپتوردىن ئاشىدۇ. يازغۇچى قاھار جىلىلىنىڭ ھەر
خىل تېمىلاردا يازغان «چېچەكلەر»، «چەۋەندار»، قا-
تارلىق ھېكايىلار توپلىمى ۋە «مېھرىبان»، «ئەپۇ»، «تۇر-
مۇش قاينىمىدا» قاتارلىق پوۋېستلىرى، ئىجتىمائىي
ھاياتنىڭ نازۇك نەرۋىلىرىگە تېگىشكە جۈرئەت
قىلغان. يازغۇچى ئابلىمىت سابىرنىڭ «سەۋداشلار»،
«بىخ» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى، يازغۇچى تۇردى

سامساقنىڭ «تىيانشان باغرىدا» ناملىق توپلامىغا
كىرگۈزۈلگەن بىر نەچچە پارچە قىزىقارلىق ھې-
كايىلىرى، يازغۇچى مالىك كېۋىرنىڭ «مەشئەل» ۋە
«يېزىدىكى ئادەملەر» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى،
يازغۇچى ئەخمەت ھاشىمنىڭ «باھار مايسىلىرى»،
«بۇ دۇنيە بىلەن سېغىز خان» ناملىق ھېكايە ۋە مەسەللىرى،
يازغۇچى توختى ئايۇپنىڭ «ھايات قەدرى» ناملىق
ھېكايىلار توپلىمى بىلەن «مارجان بۇلاق» پوۋېستى،
يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «نەي ئاۋازى» ناملىق
ھېكايە توپلىمى بىلەن «نۇزۇگۇم» پوۋېستى، يازغۇ-
چى ئابلىمىت ھاجىنىڭ «تۇتىيا» ناملىق ھېكايىلەر
توپلىمى بىلەن «ئاتا ئىزىدىن» پوۋېستى، يازغۇچى
سەمەت دوگايلىنىڭ «جۇشقۇن ئېقىم» ناملىق ھې-
كايىلار توپلىمى بىلەن «كىچىك لەقۋا» پوۋېستى. ياز-
غۇچى ئالىمجان ئىسمايىلنىڭ «دەسلەپكى - مۇھەببەت»
ناملىق ھېكايىلار توپلىمى بىلەن «تەقدىر» پوۋېستى،
يازغۇچى جالالىددىن بەھرامنىڭ «بۇلبۇل بوستانغا
قايتتى» ۋە «ئايگۈزەل»، يازغۇچى سۇلتان ھاشىمنىڭ
«بازغان». يازغۇچى مەھەممەت باقىراشنىڭ «ساۋاب»
ناملىق ھېكايىلار توپلىمى؛ يازغۇچى ئىمىن ساۋۇت-
نىڭ «مۇھەببەت ناخشىسى» ناملىق توپلىمى بىلەن
«خانتەڭرى قىزى» پوۋېستى، يازغۇچى ئابلا ئەخمە-
دىنىڭ «يول ئۈستىدە» ھېكايىلار توپلىمى، يازغۇچى
مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ «ئۆز ئېلىنىڭ ئوغلىم» ناملىق
پوۋېست ۋە بىر قانچە ھېكايىلىرى، يازغۇچى مەمتى-

مەتتىن شىپەنىڭ «يېڭى باشلىق»، يازغۇچى مەھەممەت شانىيازنىڭ «تۇنجى قەدەم»، يازغۇچى سېيىت زۇنۇننىڭ «ھەقىقەت نۇرى»، يازغۇچى مەھەممەت روزى يارقىننىڭ «سىرلىق نەي»، يازغۇچى غەيرەت ئابدۇللانىڭ «تىيانشان بويلاپ» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى بىلەن «تاش ئابىدە» پوۋېستى، يازغۇچى قادىر ئارسىلاننىڭ «يېڭى پەللە ئۈچۈن»، يازغۇچى ئابدۇراخمان ئەبەيىنىڭ «مىستاپا»، يازغۇچى تۇرسۇناي يۇنۇسنىڭ «تىزدىماس كۆل» ناملىق ھېكايە توپلاملىرى قاتارلىق كۆپلىگەن ھېكايىلار توپلىمى ۋە پوۋېستلار يېڭى دەۋر پروزىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نەمۇنىلەردۇر. بۇنداق نەتىجىلەر 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزدا مىسلىسىز گۈللەپ-ياشناشتەك يېپيېڭى بىر ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى يېڭى دەۋر پروزىسى ئۇستىدە سۆز ئاچقاندا، دەۋر تەلىپىنىڭ ياڭراق سادىسى ئىچىدە تۇرمۇشقا كۆز ئاچقان، ئالاھىدە يېڭىچە دىتقا ئىگە بىر گۇرۇپپا يېڭى ئاپتورلارنىڭ پروزا ئىشلىرىمىزغا كىرىپ كەلگەنلىكىنى ئەسكەرتىش مۇمكىن. بۇ جەھەتتە ئەخمەت ئىمىن، نۇر روزى، تۇختاجى روزى، خالىتىدىن ساتتار، ھېلىمنىياز قادىر، ھەمىت مەخمۇت، مەمتىمىن

ئابدۇۋەلى، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، مەخمۇت مەھەممەت، ئابدۇكېرىم ھاشىم، مەمەت لىتىپ، ئابدۇرېشىت قادىر، زۇنۇن تاھىر، مەتتۇرسۇن سولايمان، قاسىم سىدىق، ئۆركەش ئىبراھىم... قاتارلىق ئاپتورلارنىڭ ھېكايىچىلىق ۋە نەسىرچىلىك ساھەسىدىكى ئىجادى ئەمگەكى بىر قەدەر گەۋدىلىك ھالدا كۆزگە چېلىقىدۇ. ھەر قايسى رايونلاردىكى يەرلىك ئەدەبى ژۇرنالىلار ئەتراپىغا يەنە بىرمۇنچە ياش ئاپتورلار جەم بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ پىروزا ساھەسىدە ئۆزىگە خاس ئىجادى مېۋىلىرى بار.

يەنە شۇنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، بىزنىڭ پىروزا قوشۇنىمىزدا ئىلگىرى باللار ئەدەبىياتىغا ئائىت ھېكايە يازغۇچىلار بىلەن ئايال يازغۇچىلار بىر ئاجىز ھالقا بولۇپ كەلگەن ئىدى. يېقىنقى يىللار ئىچىدە بۇ بوشلۇقمۇ ئاستا - ئاستا تولۇقلىنىشقا باشلىدى. بۇ جەھەتتە دېلىمىنىياز قادىر، مەھەممەت روزى يارقىن، ئابدۇراخمان ئەبەي قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيىتى ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ھازىر بىزنىڭ پىروزا قوشۇنىمىزدا بىر قەدەر بەدىئىي ئىقتىدارغا ئىگە ئايال ئاپتورلاردىن ئايشەم ئەخمەت، تۇرسۇنئاي يونۇس، ماھىگۈل يەخىردىن قاتارلىقلار تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان يازغۇچىلارنىڭ ئىدىيە ۋە ماھارەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى

بىردەك بولمىغاچقا ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇن چوڭقۇر-
لۇقى ۋە بەدىئىي كۈچى جەھەتلەردە مەلۇم پەرقلەر
مەۋجۇت. شۇنچە كۆپ ئاپتورلىرىمىزنىڭ پىروزا
ئىجادىيىتى ئۈستىدە بۇ ماقالىمىزدە ئەلۋەتتە تەپ-
سىلىي مۇلاھىزە يۈرگۈزەلمەيمىز. ناۋادا، ئۇلارنىڭ
ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك يىغىنچاق
لىغاندا، يۇقىرىدا شەرھلەنگەندەك تېمىنىڭ كەڭ
ۋە چوڭقۇرلۇقىدىن باشقا، دەسلەپكى قەدەمدە جان-
لىق ئادەمنى يېزىشقا يۈزلىنىپ، ئىلگىرىكىدەك پېر-
سوناژلارنى «ئالىيجاناب، قاۋۇل، كەمچىلىكسىز»
قىلىپ ياساپ چىقىش، بىر تەرەپتىن چىققان قەھ-
رىمان ۋە بۇيرۇتۇپ سوقتۇرغان «نەمۇنىچىلار» بى-
لەن چەكلىنىپ قېلىشتەك قېلىپبازلىق بويۇنتۇرۇقى-
دىن ئازاد بولۇپ، پېرسوناژلارنى چەكلىمىسىز،
ئەركىن، رېئاللىقتا سادىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈشكە
تىرىشماقتا.

يەنە بىر تەرەپتىن شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش
كېرەككى، ئىلگىرى ھېكايە سېيۇژېتىدا ۋەقەنىڭ كۆپ
ۋە قىزىقارلىق بولۇشىغىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئۇ-
نىڭ تېپىك ۋە ھاياتىي بولۇشىغا سەل قارىلاتتى.
ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى يېزىلماي، كۆپىنچە
بىر - بىرىگە مەنتىقى باغلانمىش بولمىغان
ۋەقەلەر تىزىلاتتى. بۇ يىللاردا بىزنىڭ يازغۇچى-
لىرىمىز بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىن چوڭقۇر ئىز-
لىنىپ، ئىدىيىنى بەدىئىي ئوبرازلار ۋاسىتىسى بىلەن

ئېچىپ بېرىشكە كۈچلۈك ھەرىكەت قىلىندى. يۇقىرى-
دىكى ئالاھىدىلىكلەردىن بۇ يېڭى دەۋردىكى پىروزا
ئىجادىيىتىمىزنىڭ نەتىجىلىرى دېيىش مۇمكىن.

پارتىيىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى
ئۇيغۇر پىروزا ئىجادىيىتىدە نەتىجە زور، يېتەكچى
يۆنىلىش توغرا ۋە ساغلام بولدى. پىروزىمىزنىڭ
ئومۇمىي يۈزلىنىشى گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش
يولىغا چۈشۈپ، كىشىنى خۇشال قىلغۇدەك ئۇتۇق-
لارنى قولغا كەلتۈردى. يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر
پىروزىسىدا بارلىققا كەلگەن مۇنداق خۇشاللىنارلىق
ۋەزىيەت تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، پارتىيە 3-
ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مەھسۇلى ۋە ئۇ ياراتقان يې-
ڭى سىياسى ۋەزىيەتنىڭ نەتىجىسى. پارتىيە قوز-
غىغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان ئىدىيىنى ئازاد قى-
لىش ھەرىكىتى يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك
ئەدەبىياتنىڭ گۈللەپ - ياشنىشىدىكى مۇھىم ھە-
رىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولدى. بۇ بىزنىڭ ئالتە
يىلدىن بۇيانقى ئەدەبىيات - سەنئەتنى راۋاجلان-
دۇرۇشىمىزدىكى بىر ئاساسىي تەجرىبە. شۇنداقلا
ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنىڭ كۆز ئالدىدىكى
جىددىي ئىدىيىۋى ۋەزىيىتى. ئەگەر يازغۇچىلىرىمىز
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى
مەلۇم مەزگىللىك «سول»چىللىقنىڭ ئاسارىتىدىن
قۇتۇلدۇرۇلۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ
ئىدىيىسىنىڭ توغرا ۋە ئىلمىي يىزىغا. ئەمەلىيەتنى

ئاساس قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشقا قايتۇرۇپ كې- لىنمىگەن بولسا، پۈتكۈل سەپلەرگە ئوخشاش، ئەدە- بىيات - سەنئەت سېپىدىمۇ مۇنداق جانلىق كۆل- لىنىش ۋەزىيىتىنى يارىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بىراق، بىزنى ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ مۇۋەپپە- قىيەتلىرىنى مەمنۇنىيەت بىلەن تىلغا ئالغاندا، تېخى ئۇنىڭدا يەنە دەۋر - تەلىپىگە يېتىشەلمەي- ۋاتقان، ئاممىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرال- مايۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈۋېلىش- مىز كېرەك. تارىخىي تەجرىبىلەر دىققەت قىلىش- قا ئەرزىيدۇ. پىروزىمىزنىڭ گۈللىنىشى يولىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يە- كۈنلەش داۋامىدا ئەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن بەكمۇ پايدىلىق.

ئۇيغۇرلار باي ۋە پارلاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە خەلق. ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا تازا گۈللەنگەن دەۋرلىرىمۇ بولغان. خارابلاشقان ۋە پەس ئىزدا توختاپ قالغان دەۋرلىرىمۇ بولغان، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخ. تارىخىي تەجرىبىلەر پەقەت ئەينەكلىك رول ئوينىيالايدۇكى، ھەرگىز بۈگۈننىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. بىز گەرچە بەدىئىي ئىجادىيەت جەھەتتە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان بولساقمۇ، لېكىن نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا سېلىشتۇرغاندا تېخى دۆپ

خارقىدا تۇرۇۋاتىمىز. مىللەتنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشى ئۇنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىدە تۇتىدىغان ئورنىنىڭ بەلگىلىنىشىدە ئۆلچەم بولالمايدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ دۇنياغا يۈزلىنىشى، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇلۇشى كېرەك. بۇ، ئەلۋەتتە «روھىي غالىبىيەتچىلىك»تىن ئىبارەت ئاQ روھى بىلەن ئىشقا ئاشمايدۇ. شۇڭا ئۆزىمىزگە توغرا باھا بېرەلەيدىغان، ئەدەبىياتىمىزدىكى نۇقسان ۋە يېتىشمەسلىكلىرىمىزنى دادىل ئېچىپ تاشلايدىغان «4 - ماي» دەۋرىدىكى لۇشۇن روھىنى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم.

شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، پروزا پۈتكۈل ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە يەنىلا بىر قەدەر ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرماقتا. دەۋر تەلىپى بىزدىن ئىسلاھاتنى يولغا قويۇپ، يېڭىلىق يارىتىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان شارائىتتا، پروزىمىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئىشىنى قەيەردىن باشلىشى كېرەك؟ قايسى يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلىشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن ئىلمىي جاۋاب بېرىشىمىزنى كۈتىدۇ. بىز ماركسىزملىق نەزەرىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر پروزا تارىخىدا جۇغلانغان ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىشىمىز، ئىنقىلابىي رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز، سوتسىيالىزملىق ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ توغرا يولىنى شەرھىلەش-
مىز لازىم.

ئومۇمەن ئېيتقاندا. بۈگۈنكى دەۋرىمىزنىڭ ئىسلاھات قەدىمىگە ماسلىشىپ، ئېلىمىز خەلقىنىڭ يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش جەھەتتىكى جىددىي تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، پىروزا ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ پىروزا قوشۇنىمىزدا يەنىلا كەملىك قىلىۋاتقان نەرسە يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆزلۈك - كىشىلىك ئىدىيىۋى - ئازادلىققا ئىگە بولۇش بىلەن ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇش مەسىلىسىدۇر. ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، جاسارەتتىن باشقا يەنە ماھارەتمۇ كېرەك. بەلكى بۇ مۇھىم بىر شەرت. ھازىرغۇ تېخى بىزنىڭ ھەممە يازغۇچىلىرىمىزدا «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە بۆسۈپ كىرىش جاسارىتى تولۇق تۇرغۇزۇلدى، دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى گەرچە ئوبيېكتىپ جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ. لېكىن سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىجادىيەت قوشۇنىمىزنىڭ ئىدىيىۋى. بەدىئىي سەۋىيىسىدىن ئىزلەش كېرەك. پارتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇرۇن دەرۋەقە «ئىجادىيەت

ئەركىنلىكى» مەسىلىسى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى.
ھازىر بۇ مۇھىم مەسىلە بارغانسېرى ئايدىڭلىشىپ
ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى ھەقىقىي يولغا قويۇش
پارتىيە خىزمىتىنىڭ كۈن تەرتىپىگە قويۇلدى.
جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن يولداش
خۇچىلىنىڭ تەبرىك سۆزىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ:
«پاك نىيەتلىك يازغۇچىلار قوشۇنىمىزنىڭ تامامەن
ئىشەنگىلى بولىدىغان ياخشى قوشۇن ئىكەنلىكىنى ئىس-
پاتلىدى». «پارتىيە ۋە دۆلەت ئىجادىيەت ئەركىن-
لىكىنى زۆرۈر شەرت - شارائىتلار بىلەن
تەمىن ئېتىش، زۆرۈر مۇھىت ۋە كەيپىيات ھازىرلاپ
بېرىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
يازغۇچىلارمۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيە سىياسىيىتى ۋە پۈتكۈل
ئىجادىيەت پائالىيىتىنى پارتىيە ۋە دۆلەت يارىتىپ
بەرگەن بۇ خىل ئەركىنلىك مۇھىتىغا ماسلاشتۇرۇش
كېرەك.» دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇنىڭ ئۈچۈن
بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز «ئەڭ زور تىرىشچانلىق
كۆرسىتىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى بىلىشى،
جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيەت-
لىرىنى بىلىشى، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى
بىلىشى» لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا «ئەركىن ئى-
جادىيەت مەنزىلىگە ھەقىقىي تۈردە قەدەم قويغىلى»
بولىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى پروزىمىز سان جەھەتتىن
زور نىسبەت بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان بولسىمۇ،

سوۋېت جەھەتتىن فارىغانىدا ھەقىقەتەن مۇنەۋۋەر ئەسەر دېيىشكە بولىدىغانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. پىرىنسىپسىز مەزمۇن، بەدىئىي ئەمەلدە جەھەتتە قېلىپبازلىق، سخېماتىزم، ئۇقۇملاشتۇرۇشتەك قاتماللىقتىن تېخى تولۇق قۇتۇلالمىدى. مەزمۇن جەھەتتىكى تەكرارلىق، دورامچىلىق، تەقلىدچىلىك بىلەن بىرلىكتە، ھېكايىنى ۋەقەلەر دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش، پېرسوناژلار پائالىيىتىنى سىياسىي ئۇقۇملار دائىرىسى بىلەن چەكلەشتەك خاھىشلار تۇپەيلى، بەزى ھېكايىلەر ئەدەبىي ئاخباراتچىلىق دائىرىسىدە قامىلىپ قېلىپ تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىگە بۆسۈپ كىرەلمىدى. بۇ خىل نۇقسانلار، ھەتتا ئايرىم پوۋېست. رومانلاردىمۇ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. ۋ. گ. بېلىنىسكىي بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختىلىپ، «بەدىئىي ئەدەبىيات تەرەپلە بىلەن ئەمەس، بەلكى كارتىنا ۋە ئوبرازلار بىلەن سۆزلىشىشى كېرەك. بەدىئىي ئەدەبىيات بۇيۇمنى تەرىپلىمەيدۇ ۋە ئۇنى كەچۈرمەيدۇ. بەلكى ئۇنى يارىتىدۇ» ① دېگەن ئىدى. لېكىن بەزى ھېكايىلىرىمىزدا ئادەتتىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرى قايتا تەكرارلانغان، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن يېزا تېمىسىدىكى ھېكايىلەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە كىشىنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك، كىتابخانلارنى چوڭقۇر بەدىئىي ئويغا سال-

① ۋ. گ. بېلىنىسكىي، تاللانما ئەسەرلەر، ئۆزبېكچە نەشرى 213 - بەت.

غىدەك ماھىيەتلىك ئوبرازلار ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇ ھال بىر جەھەتتىن تېخى ئىجادىيەتتە ئەركىن بولالماسلىقنىڭ ئىپادىسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى يازغۇچىلىرىمىزدا كەڭ ۋە چوڭقۇر تۇرمۇش بىلىمى بىلەن رېئاللىقتىن كەلگەن قايناق ھېسسىياتنىڭ كەملىكىدىن بولۇۋاتىدۇ.

بىر تىرىلىق مۇلاھىزىلىرىمىز كېرەككى، «سىل» ئىدىيە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات — سەنئەتنىڭ بىر مەزگىل ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قېلىشىدىكى ئاپەتنىڭ يىلتىزى. ئۇ بىر مەزگىل ئىچىدە يىل جەريانىدا، بولۇپمۇ ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق داۋامىدا جۇغلانغان قاتمال ئىدىيىۋى تەسىر. ئۇنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە بىراق قېتىملىق تەشەببۇس بىلەنلا تەلتۆكۈس تازىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ «جاھىل قورغان»غا قارشى داۋاملىق كۈرەش قىلماي تۇرۇپ، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

«تۇرمۇش ئىجادىيەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى، يېڭى تارىخىي دەۋردە نۇرغۇن يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى شەيئىلەر، يېڭى شەخسلەر، يېڭى مەسىلىلەر بارلىققا كېلىپ بىزنىڭ چۈشىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتىدۇ.»① شۇڭا تۇرمۇش قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، شەكىللەنگەن ھادىسىلەرگە ۋە ئەنئەنىۋى ئۆلگىلەرگە باغ-

① [illegible] جوڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن تەبرىك سۆزى.

لىنىپ قالماي، ئىجادىيەتتە ئۆزىگە خاس يېڭى يول ئېچىش لازىم.

ئىدىيە رېئال تۇرمۇشتىن ئوزۇق ئالغاندىلا جۇش-قۇنلۇق ۋە چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالايدۇ. خەلقنىڭ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشتەك ئۇلۇغ كۈرىشىدە مەيدانغا چىققان يېڭى شەيئى، يېڭى ئادەملەر يازغۇ-چىلارنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى ئەڭ كۈچلۈك قوزغى-تىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە ئازادلىقى ۋە ئىدىيە يېڭىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ. شۇڭا تۇرمۇشقا چۆكۈش مەسى-لىسى يەنە ئادەتتىكى چاقىرىق ۋە تەشەببۇس ھالى-تىدە قالسا بولمايدۇ. تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش ئامما بىلەن بىرلىشىش، رېئاللىق بىلەن بىرلىشىش، سۇبيېك-تىپ تونۇش ئېتىقادلىرىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىدىيىنى ئۆزگەرتىشكە پايدىلىق. شۇ چاغدىلا ماركس ئېيتقاندەك: «دۇنيانى بەدىئىي ھالدا ئىگىلەش» دېگەن تەلەپنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەت دەۋر روھىنىڭ ئىپادىسى، شۇن-داق ئىكەن ئۇنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ھازىرقى ئىسلاھات روھى بىلەن سۇغىرىلغان يېڭى، دەۋرىمىزنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. دەۋر روھى ئەلۋەتتە شۇ روھ بىلەن سۇغىرىلغان، دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان يېڭى شەخسلەرنىڭ ئوبرازلىرىنى يارىتىش ئارقىلىق ئەدەبىياتتا ئەكس ئېتىدۇ. دېمەك، مەسىلىنىڭ تۈ-گۈنى يەنىلا ئەدەبىياتتىكى پېرسوناژ — ئوبراز — ئادەم-دىن ئىبارەت. مۇتلەق ھالدا شۇنىسى ئېنىقكى، «ئادەم»

ھېكايە ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئامىل. بىزنىڭ يېڭى دەۋر
ھېكايىچىلىقىمىزدا تېخى بۇ مۇھىم مەسىلە ئۈزۈل-كې-
سىل ھەل بولۇپ كەتمىدى. پېرسوناژلار خاراكتې-
رىنى ئۇقۇم ۋە چۈشەنچە نۇقتىسىدىن سىنىپىي، سىيا-
سىي نۇقتىدىن باھالايدىغان قاتمال بەدىئىي فورمۇلىنىڭ
تەسىرىدىن تېخى تولۇق قۇتۇلالمىدى. شۇ سەۋەبتىن
رېئال تۇرمۇش تەلەپلىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن كېلىپ
چىققان ھەم ئىندىۋىدۇئاللاشقان، ھەم ئومۇمىيلىققا ئىگە
بولغان يارقىن، جانلىق ۋە تەسىرلىك بەدىئىي ئوب-
رازلار پروزىمىزدا تېخى كۆپ ئەمەس. بىلىشىمىز
كېرەككى، ئەدەبىي ئەسەردە يارىتىلغان ھەر بىر ئوب-
راز باشتىن – ئاياغ ئۆز خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ
باشقۇرۇشىدا بولۇشى. ئاپتور پېرسوناژنىڭ تۇرمۇش
زۆرۈرىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن تەقدىرگە قالاي-
مىقان ئارىلاشماي، تەبىئىي ھالدا تەسۋىرلەپ بېرىشى
لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇ ئەسەر ھەقىقىي جان-
لىققا ئىگە بولىدۇ – دە، ئوقۇغۇچىلاردا روشەن ئىس-
تەك – زوق ھاسىل قىلالايدۇ. پروزىمىزدا پېرسو-
ناژ ئوبرازىنى يارىتىشتىكى يەنە بىر ئاجىز ھالقا
پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى ۋە پىسخىك
ھالىتىنى چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىكتىن
ئىبارەت. ئىنساننىڭ پۈتكۈل پائالىيىتى ئۇنىڭ روھىي
دۇنياسىنىڭ قوماندانلىقىدا بولىدۇ. روھىي كەچۈرمىش
ۋە پىسخىك ھالەت – خاراكتېرنىڭ ئاساسى. ئادەملەر
خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە ئوخشاشماسلىقى تۈپەي-

لىدىن بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدە تەسۋىرلەنگەن پېرسو-
ناژلار ۋە بىر - بىرىدىن پەرق قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.
شۇ چاغدىلا ئوبراز يارىتىش جەھەتتە بىر زامانلاردا
قېلىپلىشىپ قالغان «نۇقسانسىز ۋە كەمچىلىكسىز
قەھرىمان ئوبرازى يارىتىش» دەيدىغان مېتافىزىكىلىق
قاراشنىڭ تەسىرىدىن ئازاد بولالايدۇ.

يەنە بىر مۇھىم نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ، ئەدە-
بىيات ۋە باشقا ساھەلەر بويىچە مەلۇم بىلىم ئىقتى-
دارىغا ئىگە بولۇش، بەدىئىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈش.
بىلىم ۋە ماھارەت بىر مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپى بو-
لۇپ، ئۇ، دىئالېكتىك بىرلىككە ئىگە. بىزنىڭ ھازىرقى
پىروزا قوشۇنىمىزدا ئوتتۇرا ياش ۋە ياش يازغۇچى-
لار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ خېلى
كۆپچىلىكى مەخسۇس ئەدەبىيات ئالىي بىلىم يۇرتى-
لىرىدا تەربىيىلىنىپ چىققانلار ئەمەس. ھازىرقى دۇن-
يا بىلىم - پەن دۇنياسى. ئەدەبىيات - سەنئەت
قانۇنىيەتلىرى ھەمدە باشقا پەن تارماقلىرى جەھەت-
تە مەلۇم نەزەرىيىۋى بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە بولمى-
غان يازغۇچىنىڭ نەزەر دائىرىسى ۋە بەدىئىي تەسەۋ-
ۋۇر كۈچى ئەلۋەتتە چەكلىك بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىيات-
سەنئەتنى ھازىرقى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ
دائىرىدە، ئىجتىمائىي بىلىم، ئەدەبىيات بىلىمى ھەم
تەبىئىي پەن بىلىملىرىگە ئىگە بولۇش زۆرۈر دەر-
ۋەقە. ئەمەلىيەتمۇ مۇھىم ھالقا. ئەنە شۇ ئەمەلىيەت
پەن يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلسە، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ۋە

ھاياتىنى كۆچى چەكسىز بولىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىيات
زېمىنىدە تۇرۇپ، ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى يورۇتۇپ بې-
رەلىگەن ئەسەرلەر كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئوراپ تۇر-
غان مۇھىتنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىدۇ ۋە ئىلـ
ھام بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچىلار قوشۇنىمىزنىڭ
ئىلمىيلىشىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر. بو-
لۇپمۇ دۇنياغا ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىۋاتقان دەۋرىمىز
ئۆز يازغۇچىلىرىدىن ئەنە شۇنداق بىلىشنى تەلەپ
قىلىدۇ. بۇ ئەنە يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى
يېتىلدۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.
ھازىر ئۇيغۇر پروزىسىغا نىسبەتەن ئۆستۈرۈش تەلـ
ىپىنى قويۇش پۇرسىتى يېتىپ كەلدى. شۇڭا خەلقىـ
مىزنىڭ ئەدەبىي ئېھتىياجىدىن قارىغاندا، ئەدەبىياتنى
«ۋوۋولاشتۇرۇش» بىلەنلا چەكلەپ قويغىلى بولمايدۇ.
پروزىمىزنى ئىسلاھات دولقۇنى ئىچىدە يەنە بىر
بالداق ئۆستۈرۈش ئۈچۈن سۆزلىگەندە شۇنى تە-
كىتلەش كېرەككى، بەدىئىي ماھارەت بولمىسا زادى
بولمايدۇ. بەدىئىي ماھارەت بولغاندىلا ئاندىن يۈزەكى
ھادىسىدىن ئۆتۈپ كىشىلىك تۇرمۇشنى كىشىلەرنىڭ
سەرگۈزەشتىسىنى ۋە ئىچكى ناۋالاردىكى ئىشىنى قايىل-
قىلارلىق، ئوھىم ۋە نەزەردە خاس نازۇك تەرەپلەرنى
سەزگىلى ۋە ئۇلارنى ئوقۇغۇچىلارغا سىڭدۈرەلىگەندەك
روق يېتىشلىگۈدەك تىلىپ تاپالىلەپ بەرگىلى بو-
لىدۇ. ماھارەت مەسىلىسى يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئەسەر-
لەردىكى ۋەقەلەرنى جانلىق ۋە ئەسىرلىك ھېكايە قى-

ىلىپ بېرەلىشى، مەزمۇن ۋە شەكىلنىڭ بىرلىكى، بەدىئىي تىل بايلىقى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىكى ئىـجادىيلىق ۋە جانلىقلىق قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەدىئىي ماھارەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىجادىيەت ساھەسىدە كۆپ ئىزلىنىش، جاپاغا چىداپ كۆپ ئۆگىنىش ھەمدە قەدىمكى ۋە ھازىرقى جۇڭگو ھەم چەت ئەللىكلەرنىڭ بارلىق سەنئەت جەۋھەرلىرىدىن ئوزۇقلۇق ئېلىش زۆرۈر. خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۇچقاندەك ئۆسۈۋاتقان بۇ يېڭى دەۋردە يازغۇچىلىرىمىز يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىجادچانلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق مەنىۋى مەھسۇلات يارىـتىشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ ھېسابـلىشى لازىم.

30 يىللىق مۇرەككەپ كۈرەشلەر سىنىقىدىن ئۆتۈپ چىققان بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر پىروزىمىز ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئۇلۇغ دەۋر قوينىغا كىردى. تەبىئىيكى، ئۈمىدلىك ۋە ئىسـتىقباللىق دەپ قارىلىۋاتقان ئۇيغۇر پىروزىسى XXI ئەسىرنى ھازىرقى تەسەۋۋۇرىمىزدىن چوڭراق بۈيۈك غەلىبىلەر بىلەن ئۇتىۋالغۇسى.

بارلىق يېشقەدەم يازغۇچىلار، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش يازغۇچىلار. تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، يەكدىلـلىق بىلەن «جۇڭخۇانى يۈكسەلدۈرۈش. ئىجادىـيەتنى گۈللەندۈرۈش» ئۈچۈن باتۇرانە ئالغا باسايلى!

# فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات

ئاپتورى: ئابدىكېرىم راخمان
مەسئۇل مۇھەررىرى: مىرزاھىد كېرىمى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مم 1/32، باسما تاۋىقى: 9.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1988 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
1989 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرىژى: 1—1650

---

ISBN7—5373—0135—2/I·36
باھاسى: 1.50 يۈەن

本书论述了有关维吾尔民间文学与书面文学的幽讨·

民间口头文学与书面文学
作者：阿布杜克里木·热合曼
责任编辑：米尔扎义提·克力木
责任校对：阿依夏木 阿布都吾力

喀什维吾尔文出版社出版
新 疆 新 华 书 店 发 行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 9·25印张 2插页
1988年11月第1版 1989年7月第1次印刷
印数：1—1650

ISBN7—5373—0135—2/I·36 (民文)
定价：1·50元

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەلشات تۇرسۇن

ISBN7 — 5373 — 0135 — 2

I·36 (民文) باھاسى: 1·50 يۈەن